# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

**(31)**

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

باش مۇھەررىرى: خالىق ساقى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى
مۇھەررىرلىرى: دىلدار ئەزىز
تۇرغۇن ئۆمەر

# مۇندەرىجە

## نەزەرىيە تەتقىقاتى

ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيلى ............ 1
— «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 30 سان چىقىرىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ... سەيپۇللايوۋ

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى

غەربىي دىياردىكى ئاجايىپ قىسمەت (ئەدەبىي ئاخبارات) ...... مىڭ چىبىي، جاڭ لىي 6
ماخمۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى

## ئىنقىلابىي كۈرەشلەر

ماۋ زېدۇڭ ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچ يول
بىلەن ئازاد قىلىنىشى ...ياڭ چيەن، ۋاڭ شاۋۋېي 90
ئۆمەرجان سادىق تەرجىمىسى

جياڭ ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشى
........................................ ئىمىنوۋ ئېلاخۇن 128

## سودا ـ ئىقتىسات

...... شىڭ شىسەي دەۋرىدىكى ماناس ناھىيىسىدىكى
ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ـ سانائىتى توغرىسىدا......
گوينجۇ ............ ما ۋېنتاۋ تەرجىمىسى ...... 147

بۇرھان ئەپەندىنىڭ مورىدا ۋاقىتلىق سودا
بازىرى ئۇيۇشتۇرۇش جەريانى ......... سۆزلەپ
بەرگۈچى: ۋېن ۋەنجېن، ۋېن شۇفۇ. رەتلىگۈچى:
لياڭ جىنسەي ........ تۇرغۇن ئۆمەر تەرجىمىسى 164

ئەلئەت: مۇسابايوۋنىڭ گۇچۇڭدىكى
تىجارىتى ........................ مۆمىن باقى 169



## پەن ـ تېخنىكا

30 ـ يىللاردا شىنجاڭدا قۇرۇلغان
خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى ئۈچ كىنو شىركىتى ۋە
تۇنجى كىنو ..................شېرىپ خۇشتار 175

ئالتاي ئاۋۇتەن ئۆستىڭىنىڭ قېزىلىش
جەريانى ھەققىدە ...مەھەممەت قۇربان ئەزىزيارى 179

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى پوچتا ـ
تېلېگراف ئىشلىرىدىن ئەسلىمە... داۋۇت ساتتار 193

## مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت

كەلپىننىڭ مەدەنىي ـ مائارىپ تارىخى
ھەققىدە ئەسلىمە ..................... ئىمىن نىياز 213

قازىردىق باشلانغۇچ مەكتىپى ھەققىدە ...
........................................ ئوسمان قاسىم 229

## ئۆمۈر خاتىرىلىرى

تىنچلىق بېتىمىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى
كەچۈرمىشلىرىم .................. سۇلتان ماھمۇت 257
ئۇنتۇلماس يىللار ........ ئۆسمان تۆمۈر 272

## 目　录


坚持实事求是的原则，进一步搞好文史资料工作——为出版发行《新疆文史资料》30期撰写 ………… 赛甫拉也夫 1
赛外传奇…………………… 孟驰北，张列 6
毛泽东与新疆和平解放………………… 杨芊，王晓伟 90
攻克精河之战………………… 依明诺夫·依拉洪 128
盛世才时期绥来县城的维吾尔商业 ………… 郭益智 147
包尔汗在木垒举办临时市场经过 …………………… 温万祯，温守福口述，亮进才整理 164
特勒艾提木沙巴也夫在奇台的商业活动 …………………… 木明·巴克 169
在30年代新疆开办的三家私营电影公司 …………………… 西日甫·胡西塔尔 175
阿勒泰阿伟天大渠的修建经过…… 买买提·库尔班 179
回忆三区革命时期的邮电业……… 达吾提·沙塔尔 193
回忆柯坪县文化教育片断……………… 依明·尼亚孜 213
哈孜日可乡小学的情况…………… 吾斯曼·卡斯木 229
我在和平协议前后的经历………… 苏里坦·马木提 257
难忘的岁月…………………………… 吾斯曼·铁木尔 272
回忆包尔汗先生 ………………………………… 284
回忆阿巴索夫……………… 阿布利孜·木合麦德 322
回忆民主革命人士阿布都克里木汗买合苏木 ……………………………… 西日甫·胡西塔尔 332
为兴办科学教育事业做出过不朽功勋的教育家——


### تارىخىي شەخسلەر


يولداش بۇرھان شەھىدىنى ئەسلەيمىز ……………… 284
ليۇ چىڭشىيا، بەي يىڭشۇ، ئىسمايىل ئەسقەرى تەرجىمىسى
ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ھەققىدە ئەسلىمە…… ئابلىز مۇھەممەدى 322
ئىنقىلابىي دېموكراتىك زات ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم توغرىسىدا ئەسلىمە … شېرىپ خۇشتار 332
پەننىي-مائارىپ تارىخىدىكى تۆھپىكار پېداگوگ ئەنۋەر ئەپەندى توغرىسىدا… ئىسلامجان سابىت 359
ئىككىساق يېڭى مائارىپ سېپىدىكى پائالىيەتچى تۇرسۇن ئەپەندى ……… ئىسلامجان سابىت 368


### يۇرت تارىخىدىن


بوزدۆڭ ۋە بوزدۆڭلۈكلەر ……… ئابدۇراخمان مامۇت دىيار 381


### چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى


شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخى ۋەقەلەر خاتىرىسى …… تۇرغۇن ئۆمەر تەرجىمىسى 393

艾尼瓦尔先生…………………… 斯拉木江・沙比提 359
回忆依克沙克教育史上的活动家——吐尔逊先生 …
……………………………… 斯拉木江・沙比提 368
布孜屯与布孜屯人…阿布都热合曼・马木提・迪亚尔 381
现代新疆史事记 ………………… 吐尔洪・吾买尔译 393

# ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيلى

— «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 30 سان چىقىرىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

سەيپۇللايېۋ

11 - نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى خۇددى باشقا ساھەدىكى خىزمەتلەرگە ئوخشاشلا ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتى 1981 - يىلىدىن بۇيان ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نى 30 سان نەشر قىلىپ، بىزنى ناھايىتى نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تونۇشتۇرۇپ، شىنجاڭ تارىخىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، بولۇپمۇ

ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا نەشىر قىلىنغانلىقى ئاپتونوم رايو-
نىمىزنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى چوڭ بىر
خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم،
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىنىڭ ۋە زور كۈچ
بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەنلىكىنىڭ، ھەر مىللەت كادىرلىرى
ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ يېقىندىن ماسلىشىپ ياردەم قىلغان-
لىقىنىڭ شۇنداقلا تارىخ ماتېرىياللىرىنى توپلاش، رەت-
لەش، تەتقىق قىلىش، تەرجىمە - نەشىر قىلىش خىزمىتى
بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ خىلمۇ -
خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، جاپالىق ئەمگەك سىڭدۇرۇپ،
تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ مۇناسىۋەت
بىلەن مەن تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى بىلەن شۇغۇل-
لىنىۋاتقان ھەرمىللەت خادىملىرىغا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن؛
شۇنداقلا ئۇلارنىڭ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نى
تېخىمۇ ياخشى چىقىرىش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشچانلىق
كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، تارىخىي ماتېرىياللارنى
توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشىر قىلىشتىكى
مەقسەت يېقىنقى زامان تارىخىدا يۈز بەرگەن خەلقى-
مىزنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋە جاھانگىرلارنىڭ
زۇلۇملىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان پىداكارانە كۈرەشلىرى
ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان تارىخ بىلىملىرى ئارقىلىق
كەڭ ئاممىغا، بولۇپمۇ ياشلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنقى-
لابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، ئۇلارنى زامانىۋى
قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش يولىدىكى كۈرەشكە تېخىمۇ



زور قىزغىنلىق بىلەن ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىشتىن
ئىبارەت. ۋەتەنپەرۋەرلىك — بىر دۆلەتكە، بىر مىللەتكە
ھەتتا بىر شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا كەم بولسا بول-
مايدىغان مەنىۋى تىرەك؛ ۋەتەنپەرۋەرلىك — دۆلەتنىڭ،
مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىشىدا،
شەخسنىڭ ھەر جەھەتتىن ئالغا ئىلگىرىلىشىدە ئاساسىي ئامىل
ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق دۆلەت، ھەرقانداق مىللەت
ئۆز خەلقىگە، ئۆز تارىخىغا دائىر بىلىملەرنى تونۇشتۇرۇپ
ۋە تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى ۋەتەنگە، خەلققە سادىق،
ۋەتەننى، خەلقنى سۆيىدىغان، ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن
جان كۆيدۈرۈپ ئۆگىنىدىغان ۋە ئىشلەيدىغان ئالىي
جاناب كىشىلەردىن بولۇشقا يېتەكلەيدۇ. يولداش
ماۋزېدۇڭ: ھەربىر كىشىنىڭ ئاز - تولا تارىخ ئۆگىنىشى
لازىملىقىنى تەشەببۇس قىلغاندىن سىرت، «ئۆز مىللىتىنىڭ
تارىخىنى بىلمەسلىك — نومۇس»، دېگەنىدى. شۇڭلاشقا
تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشىر
قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مۇناسىۋەتلىك ئورۇن-
لارنىڭ ۋەزىپىسى بولسا، ئۇنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ تارى-
خىي بىلىمىنى بېيىتىپ، ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەپ، ۋەتەن-
پەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى پارتى-
يىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەر
ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكار-
لىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى
يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق
روناق تېپىش، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يول-

دىكى ئۇلۇغۋار ئىشلارغا بېغىشلاش ھەر بىر كىشىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىدۇر. ئەنە شۇ تەلەپ ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئون يىلدىن بۇيان «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» دا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا ئائىت بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئەسلىمىلەر ئېلان قىلىندى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىي ماتېرىياللىرىنى توپلاش، نەشر قىلىشتا ئەپيۈن ئۇرۇشىدىن تارتىپ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» گىچە بولغان دەۋرنى ئاساس قىلىش لازىم، دېگەن تەلىپى بويىچە، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» دا ئېلان قىلىنغان ئەسلىمە تارىخىي ماتېرىياللار ئىچىدە 1932 - يىلدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا، شېڭ شىسەي دەۋرىگە ۋە 1944 - يىلدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئەسلىمىلەرمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلىدى. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» دا ئېلان قىلىنغان تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئەسلىمىلەر ھەربىي، سىياسىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىقتىساد ۋە تارىخىي شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى تەدرىجىي بېيىپ باردى، ئۇنى كۆرگۈچىلەرمۇ بارغانسىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئەسلىدە مەن شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا ئۆسۈپ، شىنجاڭدا ياشاۋاتقانلىقىم ئۈچۈن، ئۆزۈم باشتىن كەچۈرگەن دەۋرلەردىكى تارىخىي ۋەقەلەردىن ئاز - تولا خەۋىرىم بار دەپ قارايتتىم. ئەمما «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نى كۆرگەندىن كېيىن،



مېنىڭ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمنىڭ، ئاڭلىغانلىرىمنىڭ تولىمۇ ئاز ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. شۇڭا مەن ئۇنىڭ ھەر بىر سانى نەشردىن چىققاندا، تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىپ، ئۆزۈمنىڭ تارىخ بىلىمىنى تولۇقلىماقتىمەن. مەن «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ مول مەزمۇنلۇق، تېخىمۇ سۈپەتلىك چىقىرىلىشىنى ھەمدە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بارىدىغان ياخشى قوللانما بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## غەربىي دىياردىكى ئاجايىپ قىسمەت

(ئەدەبىي ئاخبارات)

مېڭ چېبيي، جاڭ لىپى

قارا خانلىقلار بىلەن سەددىچىنىنىڭ
ئىچكىرىسىدىكىلەر — بىر ئائىلە كىشىلىرى.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ماۋزۇدىكى «ئاجايىپ» دېگەن سۆزنى كۆرۈپ كىتابخانلاردا بىر ئۇقۇشماسلىقنىڭ تۇغۇلۇشى، ئۇلارنىڭ ئەسەردە ئاپتورنىڭ ئويدۇرما - توقۇلمىلىرى بارىكەن، دېگەن خىيالغا كېلىشى تۇرغانلا گەپ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئەسەردە يېزىلغان ھەربىر ۋەقە باش قەھرىمانلارنىڭ رېئال ھاياتىدىن ئېلىنغان راست ئىشلار. پەقەت تاسادىپىي تۇغرا كېلىپ قالغان ئىشلار، ئاجايىپ - غارايىپلىقلار كۆپ بولغاچقىلا، ئويان ئويلا، بۇيان ئويلا، تېخىمۇ مۇۋاپىق — باب كەلگۈدەك سۆز تاپالماي، نائىلاجلىقتا «ئاجايىپ» دېگەن سۆزنى قوللاندۇق.



### بەختلىك ئۇچرىشىش

ئايروپىلان بېيجىڭ ئايرودرومىغا ئاستاغىنا قوندى. شىنجاڭ داشۆ مەكتەپ گېزىتى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى خالىق ساقى ئايروپىلاندىن چۈشۈشىگىلا ئوتتۇرا ياشلىق بىر خەنزۇ ئايال بىر ياشقىنا يىگىتنى يېتىلىگەن پېتى ئۇنىڭ ئالدىغا ئالدىراپ يېتىپ كەلدى - دە، قىزغىنلىق بىلەن سورىدى.

— سىز خالىق ساقى بولامسىز؟

خالىق ساقى سەل تېڭىرقاپ قالدى، ئەمما يېتىپ كەلگۈچىنىڭ كىملىكىنى دەرھاللا پەملىدى - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— شۇنداق، مەن خالىق ساقى بولىمەن. سىز...

— مەن يەن فېينىڭ ئايالى. ناھايىتى خىجىلمىز. يەن فېي ناخشا - مۇزىكا ئېلىش بىلەن ئالدىراش بولغاچقا ئۆزى كېلەلمىدى. سىزنى كۈتۈۋېلىشقا مەن ئوغلىمىز بىلەن چىقتىم.

ئۇلار ئايرودرومدا شاد - خۇرام پاراڭلىشىۋاتقاندا، بېيجىڭ شەھىرى خەيدىڭ رايونى شىمالىي تايۋەن كوچىسىدىكى بىر ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا، بىر يېڭى خەۋەر ھەممە قولۇم - قوشنىنى ھەيرانلىقتا قالدۇرغانىدى: يەن فېينىڭ ئەسلى ئىسمى ئابدۇللا ئىكەن، بۈگۈن ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئاكىسى ئۇنى يوقلاپ كەپتۇ.

بۇ خەۋەر يەن فېينىڭ بەزى تونۇشلىرىنى گاڭگىرى-

تىپ قويدى: ناھايىتى ئىنچىكى، يەن فېي بېيجىڭ كىنو ستودىيىسى مۇزىكا ئۆمىكىنىڭ مەشھۇر مۇزىكانتى، ئاتمىش نەچچە كىنونىڭ مۇزىكىسىنى ئىشلىگەن. قانداقچە ئۇ شىنجاڭلىق، غەيرىي بىر ئىسىملىك ئادەم بولۇپ قالىدۇ؟...

ئىشىك ئالدىدا بىر يېنىك ئاپتوموبىل توختىدى. ئاپتوموبىلدىن خالىق ساقى چۈشتى، دەل شۇ چاغدا يەن فېيمۇ خىزمەت ئورنىدىن قايتىپ كەلدى، ئىككىيلەن ئىشىك تۈۋىدە ئۇچراشتى. ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى خالىق ساقى مۇنداق چۈشنى كۆپ قېتىم كۆرگەن، خىيال ۋە چۈش ئۇنىڭ بىھېساب شادلىق كۈلكىسى ۋە سۈزۈك كۆز ياشلىرىنى ئالداپ ئېلىپ قاچقان، ئۇنى يوقالغان خىياللارنىڭ ئازابلىرى بىلەن ئازابلىغانىدى. مانا ئەمدى خىيال رېئاللىققا ئايلاندى. دەسلەپ ئۇلار بىر - بىرىنى تونىيالماي، بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدى. ئەمما ئۇلار ھايال ئۆتمەيلا كۆڭلىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بالىلىق خاتىرىلىرىنى ئەسكە ئېلىپ، بىر - بىرىنىڭ رۇخسارىدىكى تونۇش جايلارنى تاپتى - دە، خۇشاللىق بىلەن بىر - بىرىگە ئېتىلدى.

— ئىنىم ئابدۇللا!

— خالىق ئاكا!

قايناق ھېسسىيات دولقۇنى كۆڭۈلنى قاپلىدى، ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە گەپ - سۆز قىلالمىدى. خېلىدىن كېيىن خالىق ساقى سورىدى:

— سىڭلىم نۇرنىسا ھاياتمۇ؟

— ھايات، ئۇمۇ بېيجىڭدا.



— پاھ، ئۇمۇ ھاياتكەن - دە! خالىق ساقىنىڭ قەلبىدە يەنە بىر رەت شادلىقنىڭ غايەت چوڭ دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

— ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ھازىرقى ئىسمى يەن مەنيۇن. ياشىنىپ قالدى، پېنسىيىگە چىقتى.

نۇرنىسامۇ خالىق ساقىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ دەرھاللا يېتىپ كەلدى. خالىق ساقىنىڭ كۆزى ئالدىدا ئەللىك ياشتىن ھالقىغان، قاڭشارلىق، كۆزەينەك تاقىغان ئايال پەيدا بولدى. خالىق ساقى «نۇرنىسا!» دەپ توۋلىغىنىچە ئۇنىڭغا ئېتىلدى. نۇرنىسانىڭ ئەينى چاغلاردىكى قوندۇزدەك قارا چىنكە چاچلىرى ئەمدىلىكتە ئوبدانلا ئاقارغان، چاچلىرى چۈشۈپ شالاڭلاپ قالغان، چېكىسىدىكى تاتۇق ئىزى كۆزگە ئېنىقلا كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. خالىق ساقى قاتتىق ھاياجانلاندى.

نۇرنىسا بىلەن يەن فېي خالىق ساقىنى قونۇپ قېلىشقا ھەرقانچە زورلاپمۇ ئامال قىلالمىدى. خالىق ساقىنىڭ كۆڭلىدە يەنە بىر كىشى بار ئىدى.

— مەن دەرھال خەلق داشۆسىگە بېرىپ، ئوقۇتقۇچى جۇ ۋېيمىن بىلەن كۆرۈشۈشۈم كېرەك، — دېدى ئۇ.

— ئۇ كىشىدە بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— ئۇمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا، مېنىڭ خەنزۇ ئىنىم بولىدۇ.

— ھە!— ھەممەيلەن ھاڭ - تاڭ قالدى.

......

خالىق ساقى خەلق داشۆسى ئائىلىلىكلەر قورۇس-
دىكى بىر ئۆيگە يېتىپ كەلدى. بۇ ئىچكىرى - تاشقىرى
قىلىپ سېلىنغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆي بولۇپ، تاملار
ماي بوياق رەسىملەر بىلەن تولغانىدى. ئۆي چىرايلىق
ۋە ئاددىيلا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، جازىسىدا تېخى
پۈتمىگەن بىر ماي بوياق رەسىمى بار ئىدى. رەسسامغا
خاس سالاپەتكە ئىگە جۇۋېيمىن تولىمۇ خۇشاللانغانىدى.
قەلبى ئۇتتەك ياناتتى. ئۇ خۇشال ھالدا:

— ئوھۇي، بۇ سىزمۇ، يولداش خالىق؟ ھەر كۈنى
يولىڭىزغا قاراپ كۆزۈم تېشىلەيلا دەپ قالدى. ئولتۇرۇڭ،
كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ! يەن فېي بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟

— ئىنىم ئابدۇللا بىلەن كۆرۈشتۈم.

ئاشۇ ئۆتۈپ كەتكەن مالىمانچىلىق يىللىرىدا،
مىللىي دوستلۇق رىشتى ئەسلىدە بىر - بىرى بىلەن
قىلچە يېقىنچىلىقى بولمىغان بۇ كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى
بىر - بىرىگە مەھكەم چاتقانىدى. ئۇلار كېيىنچە تەقدىر-
نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئايرىلىشقان. ناھايىتى يىراقتا
تۇرۇشقان، بىر - بىرىنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىغان بولسىمۇ،
ئەمما ھەردائىم بىر - بىرىنى سېغىنىپ، ئەسلەپ تۇرۇشقانىدى.
مانا بۈگۈن بېيجىڭدا جەم بولۇپ، ۋىسال كومېدىيىسى ئوينىدى.

## قان ئىچىدىن ئادەم قۇتقۇزۇش

بۇنىڭدىن 49 يىل مۇقەددەم، كەچ كۈز كۈنلى-
رىنىڭ بىرى.



يېرىم كېچىدە باشلانغان بوران ھېلىھەم ئۆگزىلەر
ئۈستىدە ۋە قارىياغاچلىقتا ئېچىنىشلىق تۈردە ۋېژىلدايتتى.
تەكلىماكاندىن كۆتۈرۈلۈپ كەلگەن چاڭ - توزان
يەر - ئاسماننى قاپلىغانىدى. ئاش ۋاقتى بولۇپ
قالغان بولسىمۇ، ئەمما، ئاسمان كېچىدىكىدەك قاراڭغۇ
ئىدى. ھەيۋەتلىك كۇئىنلۇننىڭ زەپەردەس قامىتىمۇ
كۆرۈنمەيتتى. يىراقتىكى ياپېشىل دەرەخلەر ئارىسىدىكى
مەھەللىنىمۇ قۇم - بوران قاپلىغانىدى. ھەتتا كۆز
يېتىم ئارىلىقتىكى قارىغاش بىر نېمىمۇ غۇۋالا كۆرۈنەتتى؛
بوران ئالەمنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان بولۇپ، ھەممىنى
بوران ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى.

خالىق ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندا بوران
چىقىۋاتاتتى. ھويلىدىكى سۆۋادانلار تۇتقۇن قىزدەك
ھەر تەرەپكە تاشلىناتتى. جوزا ئۈستىنى قېلىن
قۇم - توزان باسقانىدى. ئۇنىڭ تولىمۇ پاكىز يۈرۈشىنى
بىلىدىغان ئانىسى رابىخان خۇددى بۇنى كۆرمىگەندەك،
سۈرتۈپ قويايمۇ دېمەي قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، بەزى -
بەزى تالاغا چىقىپ قاراپ قويۇپ كىرىپ، سۇپىدا
ئولتۇراتتى. ئۆيدە دادىسى كۆرۈنمەيتتى. خالىق بۇ
ئۆيدىكى بىرنەچچە كۈنلەردىن بۇيانقى ئىشلارنى ئويلاپ،
سەل غەلىتىلىك ھېس قىلدى. ھەر كۈنى گۈگۈم
چۈشكەندە بۇ ئۆيگە چىرايلىرى جىددىي خەنزۇلار
كېلەتتى. دادىسى ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەندە، ئىشىك -
دېرىزىلەرنى مەھكەم تاقىۋېتەتتى. ئۇلار ناھايىتى پەس
ئاۋازدا پاراڭلىشاتتى. گويا ناھايىتى مۇھىم مەخپىي

ئىش بارىدەك، يېنىغا ھېچكىمنى يولاتمايتتى. خالىق ئويلىمىغان بىر چوڭ ۋەقەنىڭ سادىر بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ كۆردىكى، ئانىسى رابىيخاننىڭ رومال ئاستىدىكى كۆزلىرىدە ئەنسىزلىك جىلۋىلىنەتتى.

— دادام نەگە كەتتى؟ — سورىدى خالىق.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ئۇنىڭ دادىسى ساقى ئاخۇن چىرايىنى غەم قاپلىغان ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، يوغان بىر تال تاماكا يۆگىدى — دە، قاتتىق شوراپ چېكىشكە باشلىدى، پۈتىنىڭ ئۇچىغا قارىغىنىچە بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، رابىيخان بىر نەرسە سوراشقا پېتىنالماي، خىيالغا چۆككەن ھالدا ئېرىگە ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ سۇپىدا ئولتۇراتتى. تاماكىنىڭ يېرىمىنى چېكىپ بولغاندىن كېيىن، ساقى ئاخۇن بېشىنى كۆتۈردى ۋە:

— شۇمۇ ئىش بولدىمۇ، ئۇلار قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، خەنزۇ قېرىنداشلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشۇپتۇ. مەن باياتىن سىرتقا چىقىپ، بىرنەچچە خەنزۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى قوغداش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇردۇم، ئاللا ئۇلارنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! — دېدى.

— ساقى ئاخۇن نامرات دېھقاننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئەسلىدە خوتەندىكى بىر باي ئاچقان مەدرىستە ئوقۇغانىدى. ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ، ھەممىدىن ئەلاچى بولۇپ ئوقۇش تاماملىغاندا، باي ئۇنى بىرەر مەسچىتكە بېرىپ، ئىمام ياكى مەزىن بولۇشقا ئەمەس،



بەلكى ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى سودا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتكەنىدى. ساقى ئاخۇن مۇناسىۋەتكە ماھىر ئىدى. ئۇ ئىچكىرىگە كىرىپ، جيۇچۈەن، جاڭيې، ۋۇۋېي، لەنجۇلاردىن مال سېتىۋېلىپ، تاشكەنت، ئالمۇتا قاتارلىق شەھەرلەرگە ئاپىرىپ ساتاتتى. بىرنەچچە يىل ئىچىدە، ئۇنىڭ سودىسى خۇددى قار پومزىكى يۇمىلىغانسېرى يوغىنىغاندەك يوغىنىدى، باي ئۇنى تېخىمۇ ئەتىۋارلىدى، ئۇنى بىر چۆپقەتچى ھېسابلىدى. باي ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مال - مۈلكىگە ئىنىسى ۋارىسلىق قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يېڭى بايمۇ ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ كۆز يۇمۇش ئالدىدا ئايالى، ئىككى بالىسى ۋە بارلىق مال - مۈلكىنى ساقى ئاخۇنغا تاپشۇردى. كېيىنچە خالىق تۇغۇلدى. شۇنىڭدىن ئىبارەت، ساقى ئاخۇن پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە داڭلىق سودىگەرگە ئايلاندى. كۈنلەر ئۆتۈپ، ساقى ئاخۇن ئۇرۇق - تۇغقانلارنى دەپ، سودىدىن قول ئۈزۈپ، ئۆز يۇرتىغا — قارىقاش ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى مەھەللىسىگە قايتىپ كەتتى. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى ۋاقتىدىلا قارىقاش ناھىيىسىنىڭ يەن فامىلىلىك ھاكىمى بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى. ئۇ ئەمدى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەچكە، ئۇلارنىڭ بېرىش - كېلىشى ناھايىتى قويۇقلاشقانىدى، ئۇلار ئىجىل - ئىناق ئۆتەتتى، بەزى كۈنلىرى تۈن ھەسسىدىن ئاشقىچە پاراڭ - سۆھبەت قىلىشاتتى. يېقىنقى بىر يىلدىن بۇيان، چەت ئەل ئەكسىيەتچىلىرى قول تىققانلىقى ئۈچۈن جەنۇبىي

شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى قالايمىقانلاشقانىدى. يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا بۆلگۈنچىلەر قەشقەردە ۋەتەننى پارچىلاش بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەي، ناھايىتى تېزلا مەغلۇپ بولغانىدى. خوتەندىكى بۆلگۈنچى مەمتىمىن بۇغرا مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، قايتا تەڭكە چىقىش نىيىتىدە قۇتراۋاتاتتى. ئۈلۈشكۈن تۈن يېرىمىدا يەن ھاكىم بىر يىگىتنى ساقى ئاخۇننىڭ ئىشىغا ئەۋەتىپ، ساقى ئاخۇندىن ناۋادا قارغاشتا بىرەر ۋەقە يۈز بېرىپ قالغۇدەك بولسا، ئۆز ئىناۋىتىدىن پايدىلىنىپ، ھەق - ئادالەتنى ياقلاشنى تەلەپ قىلغانىدى. ساقى ئاخۇن بۇنىڭغا ماقۇل بولدى، بىراق ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى خىياللىرى كۆپىيىپ كەتتى. ئەتىكى كۈنىدىن بۇيان ئۇ ناھىيىدىكى ئەھۋاللارغا دىققەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ھەر خىل ئەھۋاللارغا قارىغاندا، بىرەر ھادىسىنىڭ بولىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇ كېچىچە ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ رادىلا ئۇخلىيالمىدى. تاڭ ئېتىشى بىلەنلا چىقىۋاتقان بورانغا قارىماي ئەھۋال ئۇقماق بولۇپ ناھىيە بازىرىغا باردى. كوچىلاردا ئادەم مىغىلدايتتى، ئەھۋال باشقىچە ئىدى، قارىغاندا بىرەر ۋەقەنىڭ بولۇشىغا قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىچىلىكلا ئارىلىق قالغانىدى. ئۇ قاتراپ يۈرۈپ، يېقىن ئۆتۈش-دىغان بىرنەچچە خەنزۇ ئائىلىسىنى ئۇيغۇر دوستلىرىغا تاپشۇردى. بىرەر پايلاقچىنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپلا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ھېلىھەم



ئۇنىڭ چىرايى غەمكىن ئىدى. مەمتىمىن بۇغرا خەنزۇ خەلقىگە بولغان ئۆچمەنلىكنى پەيدا قىلدى، ئۇ بىرەر ئىش تەۋرەتسە بىرىنچى بولۇپ يەن ھاكىمغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇنى قانداق قۇتقۇزۇش كېرەك؟ ساقى ئاخۇن چېكىسىنى تۇتتى، خىيالغا غەرق بولدى.

توساتتىن بىرەيلەن ئالدىراپ كىرىپ كەلدى - دە، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، سەل ئېگىلىپ سالام بەردى:

— باي ئاكا، مەمتىمىن بۇغرانىڭ ئادەملىرى يامۇلغا كەتتى.

— ھە! — ساقى ئاخۇن چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى - دە، قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى غەزەپ بىلەن يەرگە تاشلىدى، — تېز ئات تەييارلاڭلار!

راسىخان ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرگىنىچە كەلدى - دە، ئالاقزادىلىك بىلەن:

— جاھان مالىمان، سىلە سىرتقا چىقىسىلا بولمايدۇ! — دېدى.

— مەن ئاللانىڭ نامى بىلەن خەنزۇ قېرىنداشلىرىم مۇشكۈلگە يولۇقسا، مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ياردەم قىلىمەن، دەپ قەسەم قىلغانمەن. قەسەمدىن يانغان كىشى دوزاخقا كىرىدۇ.

ساقى ئاخۇن شۇنداق دېدى - دە، دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ، ئاتقا مىنىپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

خالىق بوسۇغىدا ئولتۇرۇپ، بايىقى كەلگەن ئادەم دىگەن گەپلەرنى ئەسكە ئالدى - دە، قانداقتۇر بىر

پېشكەللىكنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى پەملەپ جىددىيلىشىپ قالدى. ئۇ ئانىسى رابىيخاننىڭ قېشىغا بېرىپ سورىدى:

— كوچىدا نېمە ئىش بوپتۇ؟

— مالىمانچىلىق بوپتۇ، — دېدى رابىخان بىئارام بولۇپ.

— بابا دادام نېمە دېدى؟

— بالام، بۇ ناھايىتى ئۇزۇندىن باشلىنىدىغان گەپ.

ئەسلىدە، مەلۇم بىر يىلى ساقى ئاخۇن بىر كارۋاننى يالالاپ، سودا ئىشى بىلەن ئىچكىرىگە بارغانىدى. قايتىشىدا، گەنسۇغا كەلگەندە ئۇ زۇكامداپ كېزىك بولۇپ، يېتىپ قالدى. بەختىگە يارىشا، بىر تۆگىچى گەنسۇلۇق بولۇپ، ئۇ ساقى ئاخۇننى بىر خەنزۇ خەنزۇنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئۆي ئىگىسى خەنزۇ دوختۇر چاقىرىپ، ساقى ئاخۇننىڭ كېسىلىنى كۆرسەتتى، دورا قاينىتىپ، ياخشى ئاش - تاماق قىلىپ بەردى ۋە ئوبدان كۈتتى. ئىككى ئاي دېگەندە ساقى ئاخۇننىڭ كېسىلى ساقايدى. قۇربان ھېيت يېقىنلىشىپ قالغانىدى، رابىيخان ئېرى كەلمىگەنسېرى ئەنسىرەپ، تازا جىلى بولدى. ساقى ئاخۇن ئاخىرى قايتىپ كەلدى، ئۆيىگە مېھمانلار توشتى. ساقى ئاخۇن مېھمانلارنىڭ ئالدىدا: «ئەگەر خەنزۇ قېرىنداشلىرىم ياردەم قىلمىغان بولسا، مېنىڭ جەسىتىم ئىچكىرىدە قالغان بولاتتى. بۈگۈن ھەممەيلەن جەم بولۇپ ئولتۇرۇپتۇق. مەن ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن خەنزۇ



قېرىنداشلىرىم مۈشكۈلگە يولۇقسا، مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ياردەم قىلىمەن» دېدى.

خالىق شەھەردە بىرەر پېشكەللىكنىڭ بولماسلىقىنى، كۆپچىلىكنىڭ ئامان - ئېسەن بولۇشىنى، دادىسىنىڭ بىرەر بالا - قازاغا يولۇقۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتى. بىراق، قىزىقىش ئۇنى جىم ئولتۇرغۇزمىدى. ئۇ يۈگۈرگىنىچە سىرتقا چىقتى. بۇ يەر بىلەن شەھەرنىڭ ئارىلىقى خېلى بار ئىدى. چوڭ يول جىمجىتلىق ئىدى، قىلچە شەپە يوق ئىدى. خېلىدىن كېيىن قوللىرىغا كەكە، پالتا، پىچاق ئالغان بىر توپ ئادەم قوشنا مەھەللىگە باستۇرۇپ كىردى. ئارقىدىنلا قىيا - چىيا، يىغا - زار ئاڭلاندى. قورقۇپ كەتكەن خالىق ھويلىغا كىرىۋالاي دەپ تۇرۇشىغا، دادىسى مەھەللىنىڭ شەرق تەرىپىدىن ئاتنى يېتىلىگەن ھالدا يېتىپ كەلدى. خالىق دەرھاللا ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. ساقى ئاخۇننىڭ چىرايىنى قارا بۇلۇت - غەم باسقانىدى. قوشۇمىلىرى چىڭ تۈرۈلگەنىدى. ئۇ گەپ - سۆز قىلماستىن ھويلىغا كىرىپ، پېشايۋان ئاستىغا كەلدى - دە، تۈۋرۈككە يۆلەنگىنىچە يەرگە قاراپ ئولتۇردى. رابىخان ئالدىراپ - تېنەپ ئۆيدىن چىقىپ سورىدى:

— نېمە ئىش بولدى؟

ساقى ئاخۇن جاۋاب بەرمىدى. ئۇ يوغان بىر تال تاماكا ئورىدى - دە، قاتتىق بىر شورىۋالغاندىن كېيىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— كېچىكىپ قاپتىمەن. ئەر - خوتۇن ئىككىسىنى

ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ! — دېدى.

— ۋاي خۇدايىمەي! — دېدى رابىخان چۆچۈپ، — شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟ ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ بالىلىرىچۇ؟

— يان ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ.

— ھە؟ بالىلاردا گۇناھ يوق. سىلە بىرەر ئامالىنى قىلىپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالسىلا!

ساقى ئاخۇن بېشىنى كۆتۈرۈپ، چاك - تۇمانلىق ئاسمانغا قاراپ قويدى، ھېچنېمە دېمىدى.

يامۇلنىڭ 2 - زالىنىڭ يېنىدا بىر يان ئۆي بولۇپ، بۇ ئۆيگە ئىككى بالا سولاپ قويۇلغانىدى. ھەدە بولغۇچى قىز سەككىز ياشلاردا بولۇپ، پېشانىسىدىكى كالتەك تېگىپ يارىلانغان جايدىن ھېلىھەم قان تامچىپ تۇراتتى. ئۇ پەگادا ئولتۇرۇپ، تالادىكى ھەربىر شەپىگە چۆچۈپ - ئەندىكىپ قۇلاق سالاتتى. ھەر قېتىم ئادەم ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا ئالاقزادە بولۇپ، تۆت ئەتراپىغا قارايتتى. ئىنى بولغۇچى ئوغۇل بالا ئالتە ياشلاردا بولۇپ، ئۇنىڭ ئويناق چوڭ كۆزلىرىگە قاراپلا ئەقىللىق، زېرەك بالىلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئۇ پات - پاتلا ھەدىسىدىن: «بىزنى نېمىشقا بۇ ئۆيگە سولاپ قويىدۇ؟ بىز قاچان سىرتقا چىقىمىز؟...» دېگەندەك سەبىيلەرچە سوئاللارنى سورايتتى. ئۇ ئېغىز ئېچىش بىلەنلا ھەدىسى ئۇنىڭ ئېغىزىنى تۇتۇۋالاتتى - دە، ئاستالا:

— گەپ قىلما، ئىشىك تۈۋىدە ئادەم بار، — دەپ ئاگاھلاندۇراتتى.



ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ھەدە - ئىنى ئىككىيلەن ئاش - تاماق يېمىدى، چاي - پاي ئىچمىدى، قورسىقى ئېچىپ كۆكىراپ كەتتى. ئوغۇل ھەربىر دەقىقىنى ناھايىتى تەستە ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. گۈگۈم چۈشەي دېگەندە ئۇ زادىلا چىدالمىدى - دە، توۋلاپ كەتتى:

— قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، مەن تاماق يەيمەن!

ھەدىسى ئىنىسىنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ بىرەر بالا - قازا بولۇپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەپ باغرىغا چىڭ بېسىپ يەزلىدى:

— ۋارقىرىما، ئەتە تاڭ ئاتسىلا بىزگە تاماق بېرىدۇ، ئالدىمىزغا مانتۇ، پولۇ تەييار بولىدۇ.

ئۆي ئىچى بارا - بارا قاراڭغۇلاشتى. ئوغۇل قورقۇپ ھەدىسىگە چىڭ يېپىشتى. قىز بولسا گويا قاراڭغۇلۇق ئۆزلىرىنى قوغداپ قالالايدىغاندەك، سەل خاتىرجەم بولدى. تۇيۇقسىزلا سىرتتىن قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. قىز قورقۇپ، لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. ئوغۇل بالىمۇ چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ ھەدىسىنىڭ قۇچىقىدىن چىقىپ، ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ، يېرىقتىن سىرتقا قارىدى. ۋاي - ۋوي، زالنىڭ ئالدىدىكى ئوچۇقچىلىقتا قەغەز، كىتاب دېگەن تاغدەك دۆۋىلەنگەنىدى، نۇرغۇن ئادەملەر ۋارقىراشماقتا، كولۇشمەكتە، تەرەپ - تەرەپتىن قەغەز - كىتابلارنى ئەپكېلىپ، ھېلىقى دۆۋە ئۈستىگە تاشلىماقتا ئىدى. ئەلۋەتتە، كىچىك بالا بۇ نەرسىلەرنىڭ يامۇلنىڭ ھەرقايسى

ئىشخانىلىرىدىن ئېلىپ چىقىلغان ھۆججەت، خەت - چەكلەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئارقىدىنلا ھېلىقى دۆۋىگە ئوت يېقىلدى، ئوت يورۇقىدا ئەتراپ خۇددى كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. كىچىك بالا ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلۇمىدىن غەزەپكە كەلگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ شۇ تاپتا ئىچىدىكى دەرد - پىغانىنى چىقىرىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئادەمنى ئېچىندۇرىدىغىنى، ئۇلار بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن، شۇڭا مىللىي قىرغىنچىلىق قىلماقتا ئىدى. قىز يەنە قانداقتۇر بىرەر بالا - قازانىڭ بولۇشىنى پەملەپ، ئىنىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا ئېلىپ كەلدى. شۇ تاپتا بىرەر تۆشۈك - كامار بولسا، ئۇ شۇ يەرگە كىرىپ كەتكەن بولاتتى.

تاڭ يورۇش بىلەن ئىشىكتىكى تۆمۈر قۇلۇپ جالاقىدە ئېچىلدى - دە، ئۆيگە ساقال - بۇرۇتلۇق، يېنىغا قىلىچ ئاسقان بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇ قولىنى بىرلا پۇلاڭلىتىپ، ئىككى بالىنى يېتىلەپ سىرتقا ئېلىپ ماڭدى. ئۇ بالىلارنى ئارقا ھويلىدىكى بىر تۈپ قارىياغاچنىڭ تۈۋىگە باشلاپ بېرىپ تىزلاندۇردى. قىز بالا چىرقىراپ يىغلاپ كەتتى. ئوغۇل بالا ئۇ ئادەمنىڭ نېمە قىلماقچىلىقىنى بىلمەي، ئۇ نېمە قىل دېسە، شۇنى قىلدى، ھېلىقى ئادەم قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇراي دەپ تۇرۇشىغا بىر چىلانتورۇق ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى - دە، ئات ئۈستىدىكى ئادەم قاتتىق ۋارقىرىدى:

— قولۇڭنى تارت!



شۇنداق دەپلا ساقى ئاخۇن ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى - دە، ساقاللىققا:

— بالىلاردا گۇناھ يوق، — دېدى.

— بۇ پاشانىڭ ئەمرى (مەمتىمىن بۇغرا ئۆزىنى پاشا ئاتىۋالغانىدى).

— بالىلارنى ماڭا تاپشۇرۇپ بەر، پاشا بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشەي.

ساقى ئاخۇن بالىلارنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ئېلىپ ماڭدى.

ساقى ئاخۇن يامۇلنىڭ سوراقخانىسىغا باردى. ئىككى ياقتا قىلىچ ئاسقان، سېرىق چەكمەن چاپان كىيگەن، بېشىغا ئاق سەللە ئورىغان ياساۋۇللار تىك تۇراتتى، سوراقخانىنىڭ تەختىدە كەڭ يەلكىلىك، كۆزلىرى ھۇقۇشنىڭ كۆزىدەك قورقۇنچلۇق، تاج تاقىغان، بەقەسەم تون كىيگەن بىر ئادەم تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى. مانا شۇ ئادەم مەمتىمىن بۇغرا ئىدى. ساقى ئاخۇن بالىلارنى باشلاپ، سوراقخانا تەختىگە بىرقانچە مېتىر قالغۇچە باردى - دە، خەنزۇ تىلىدا:

— يۈكۈنۈپ، پاشاغا سالام بېرىڭلار، — دېدى بالىلارغا ۋە ئۆزى بىرنەچچە قەدەم ئالغا مېڭىپ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، سەل ئېگىلىپ بىر نېمىلەرنى دېدى. ئاندىن بالىلارنىڭ قېشىغا قايتىپ دېدى، — جۈرۈڭلار، ئەمدى بېرىپ تاماق يەيمىز.

ساقى ئاخۇن بالىلارنى ئاتقا مىندۈرۈپ، ئۆزى

ئاتنى يېتىلەپ ئۆيگە قايتتى. بالىلارنىڭ كىيىم كېچەكلىرى قانغا بويالغانىدى، قارىغان ئادەمنىڭ قورقۇسى كېلەتتى. خالىق ئىشنىڭ تەكتىنى بىلەلمەي قالدى؛ ئۇ دادىسىغا ئەگىشىپ مېھمانخانىغا كىردى ۋە دادىسىنىڭ ئانىسىغا:

— خۇدا بىزگە ئىككى بالا بەردى! — دېگەن سۆزىنى ئاڭلىدى.

رابىيەخان پەگادا قورقۇنچ ئىچىدە تۇرغان بالىلارغا ئېچىنىش بىلەن قاراپ:

— ئاھ خۇدا! ئۇلار نېمىدېگەن ياۋۇز، بالىلارنىمۇ شۇنچىۋالا ئازابلىغان بارمۇ؟ تېز، تېز بولۇڭلار، تېۋىپ چاقىرىڭلار! — دېدى ۋە سەل ئويلىنىپ قوشۇپ قويدى، — سىلە ئىككى خەنزۇ بالىنى ئېلىپ كەپتىلا، خەقلەر سىلىنى خىتايپەرەس دېيىشى، چاتاق سېلىشى مۇمكىن،

— خەنزۇ قېرىنداشلىرىم مۇشكۈلگە يولۇققانىكەن، مەن جەزمەن ياردەم بېرىشىم كېرەك. خۇدانىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلىگەن ئادەم دوزاخقا چۈشىدۇ!

بۇ كۈنى خالىق ئۆز ئائىلىسىدە يۈز بېرىۋاتقان ھەممە ئىشتىن ھەيران ئىدى، خالاس: ئانىسى ساندۇقلارنى ئاختۇرۇپ، بالىلارغا كەلگۈدەك كىيىم - كېچەك ئىزدەيتتى؛ دادىسى بولسا بىردەم سىرتقا چىقىپ، بىردەم ئۆيگە كىرىپ، ئۇنى - بۇنى تاپىلايتتى، خالىق بولسا قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ سۆزلەرنى ئاڭلايتتى. ئۇ بىر نەچچە ئېغىز گەپنى چۈشەنگەندەك بولدى - يۇ،



يىراق ئىشنىڭ تەكتىنى زادىلا ئاڭقىرالمىدى. گۈگۈم چۈشۈپ، ئىككى خەنزۇ بالا پاكىز يۇيۇندۇرۇلغان، يارىلىرى دورا سۈركىلىپ ئوبدان تېڭىلغان، كىيىم - كېچەكلىرى ئالماشتۇرۇلغاندىن كېيىنلا ئۇ دادىسىنىڭ ئىككى خەنزۇ بالىغا خەنزۇ تىلىدا:

قورقماڭلار، بۈگۈندىن ئېتىبارەن سىلەر مېنىڭ بالام، — دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ساقى ئاخۇن بالىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:

— سېنىڭ يېشىڭ ئۇلاردىن چوڭ، شۇڭا سەن ئۇلارغا ئاكا بولىسەن، — دېدى ۋە خەنزۇ بالىلارغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى. خالىق خەنزۇچە سۆزلىيەلەيدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن سىلەر بىللە ئوينايسىلەر.

خالىقنىڭ خەنزۇچە سۆزلىمىگىنىگە خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا بۇ ئىككى خەنزۇ سىڭلىسى ۋە ئىنىسىغا چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ بەزلىگۈسى كېلەتتى.

خالىق كېچىسى يېنىدا ياتقان ھەمراھىغا قاراپ زوقلاندى ھەم خۇشال بولدى، تۇساتتىن چىققان «ۋايجان» دېگەن ئاۋازدىن خالىق چۆچۈپ كەتتى، ئۇ ئۆرۈلۈپ كۆردىكى، يارىلانغان قىز ئاغرىق ئازابىدىن ئويغىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ قىز دەسلەپ ئىڭراپ، ئېسەدىدى، ئاندىن قاتتىق يىغلاپ كەتتى. رابىيەخان ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزنى قۇچىقىغا ئېلىپ خېلىغىچە بەزلىدى. ئاندىن ئۇ ئاللاغا نالە قىلدى:

— ئەي ئاللا ئىگەم، ئۇلارنىڭ باغرى نېمىدېگەن

قاتتىق! باللارنىمۇ مۇشۇنچىۋالا زەخمىناك قىلغان بارمۇ؟!

خېلىدىن كېيىن قىزچاق يىغىسىنى توختاتتى. رابىيىخانىمۇ ئۇخلاپ قالدى، ئۆي ئىچى جىمجىتلىققا چۆكتى. خېلى كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، خالىق ئاتا ــ ئانىسىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالدى:

ــ دادىسى، بۇ ئىككى بالا ئۆيدىن چىقالماي يۈرۈۋېرەمدۇ؟ ــ دېدى ئانىسى.

ــ مەن بىر پىكىرگە كەلدىم، ــ دېدى دادىسى، ــ ئاخۇنۇمنى چاقىرتىپ، باللارغا ئات قويدۇرۇۋەتسەك، بىزنىڭ ئۆز باللىرىمىز بولىدۇ.

خالىق بىر سىڭىل، بىر ئىنىگە ئېرىشكەنلىكتىن قالتىس خۇشال بولدى.

ــ بىز ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋەرگەن بولساق ئوبدان بولاتتىكەن، ــ دېدى ئانىسى.

بۇ دەل خالىقنىڭ كۆڭلىدىكى گەپ ئىدى. ئۇلار ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋەرگەن بولسا، خەنزۇلارنى قىرىدىغان مۇنداق ئىش بولماسىدى. ئانىسىنىڭ شۇ بىر ئېغىز سۆزى خالىقنىڭ خىيال كەپتىرىنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى (نەنمېن) دىكى ئۇنتۇلماس بىر ئىچكىرىي كوچىغا ئېلىپ كەتتى. بۇ كوچىدا ئۇيغۇرلار، خۇيزۇلار، قازاقلار، رۇسلار ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانىدى، خەنزۇلار كۆپرەك ئىدى. ھەممەيلەن ئىجىل ــ ئىناق ئىدى. ھەر كۈنى ئاخشىمى بۇ كوچا باللار دۇنياسىغا ئايلىناتتى. خالىق ھەر مىللەتتىن بولغان كىچىك دوستلىرى بىلەن



بىللە توپ، تەپكۈچ ... ئويناتتى. ئۇلار ۋارقىرىشاتتى، چۇقان سېلىشاتتى. بۇ ئالەمدە خىل مىللەت بولسىمۇ، گەپ ــ سۆز بىردەك ئىدى، ھەممەيلەن خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشەتتى، سۆزلەرگە ئانچە ــ مۇنچە ئۇيغۇرچە ياكى رۇسچە سۆزلەر ئارىلىشىپ قالاتتى. باللار يازنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرىدە تۈن يېرىمىغىچە ئوينىشاتتى. خالىقنىڭ نۇرغۇن خەنزۇ دوستلىرى بار بولۇپ، ھېكايە ــ چۆچەك سۆزلەشكە ماھىرىنىڭ ئىسمى گوۋۋازى، چېكىسىدە بىر تال مېڭى بارنىڭ ئىسمى ئېمىنوۋ، پوتلىسى دائىملا ساڭگىلاپ تۇرىدىغىنىنىڭ ئىسمى ئابدۇللا ئىدى ... ئابدۇللا ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئەسكە ئېلىۋىدى، ئۇلارنىڭ چىراي شەكلىمۇ كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇ گوۋۋازىنى زادىلا ئۇنتۇيالمايتتى. ئۇ سۇدا لەيلەپ تۇرۇشقا، قۇشقاچ تۇتۇشقا، ئات مىنىشكە ئۇستا ئىدى ... ئۇ خالىقنىڭ نەزەرىدە پالۋان ئىدى. ھەر قانداق ئويۇن ئوينىغاندا، خالىق گوۋۋازى تەرەپتە تۇرالىسىلا تولىمۇ پەخىرلىنەتتى.

ئۇيغۇرلار سوپىتورغاي بېقىشقا ئامراق كېلىدۇ. ساقى ئاخۇنىڭمۇ شۇنداق ئادىتى بار ئىدى. ئۇ خېلى كۆپ پۇل خەجلەپ باۋتۇدىن بىر جۈپ سوپىتورغاي ئەكەلتۈرگەنىدى. بۇ تورغايلار ئاجايىپ يېقىملىق سايرايتتى. ساقى ئاخۇن بوش ــ بىكار چاغلىرىدىلا قەپەس تۈۋىگە كېلىپ، پەس ئاۋازدىلا ئىسقىرتىپ، تورغايلار بىلەن پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ تورغايلارنى مۈشۈك يەپ كەتتى. ساقى ئاخۇنىڭ ئىچى ئېچىشىپ كەتتى. خالىق بۇ ئىشنى گوۋۋازىغا سۆزلەپ بەرگەنىدى، ئۇ مەن تورغاي تۇ-

تۇشقا ئۇستا، بىز بىللە شەھەر ئەتراپىدىكى تاغ ئورمانلىقىغا بېرىپ سوپىتورغاي تۇتۇپ كېلەيلى، دېدى. كۈتمىگەندە، تورغاي تۇتۇشقا چىققان كۈنى خالىق بىر دۆڭدىن دومىلاپ چۈشۈپ كېتىپ، سول بىلىكى بوغۇمىدىن چىقىپ كەتتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن خالىق قولىنى تاڭدۇرۇپ بولۇپ ھويلىدا ئويناۋاتاتتى. ساقى ئاخۇن ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى. بىر چاغدا گوۋۋازى چىغدا توقۇلغان بىر قەپەسنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. قەپەستە بىر جۈپ تورغاي ئويناقلاپ تۇراتتى. ساقى ئاخۇن ھەيران بولۇپ:

— بۇ تورغايىنى نېمە قىلغىلى ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— خالىققا ئېلىپ كەلدىم، — دېدى گوۋۋازى.

ساقى ئاخۇن ھەر قانداق تورغايىنىڭ قانداقلىقىنى بىر قاراپلا بىلەتتى. ئۇ قەپەسنى قولىغا ئېلىپ قارىدى. بۇ تورغاي ئۇستىخىنى، سىياقى، پەيلىرىنىڭ رەڭگى، تۇمشۇقى ۋە باشقا تەرەپلىرىدىن قارىغاندا ناھايىتى ئوبدان، ياقسا ئەرزىيدىغان تورغاي ئىدى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بالام، بۇنى قانچە پۇلغا ساتىسەن؟ — دېدى.

— ساتمايمەن! — دېدى گوۋۋازى ئەستايىدىللىق بىلەن، — خالىققا بېرىمەن.

ساقى ئاخۇن ئۆيىدىن شىنجاڭنىڭ ئالتە دانە كۈمۈش تەڭگىسىنى ئېلىپ چىقتى — دە، گوۋۋازىغا تۇتقۇزۇپ قويماقچى بولدى. گوۋۋازى تەڭگىنى ئالماي، ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى. ساقى ئاخۇن ئۇنىڭ



قارىسى يۆتكىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ماختاپ:

— نېمىدېگەن ئوبدان بالا! — دېدى.

ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. ساقى ئاخۇن ئۆيىنى قاراقاشقا يۆتكىگەندە ھېلىقى تورغايىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلدى. ئۇ تورغاي ھازىرمۇ دېرىزە ئالدىغا ئېسىلغان قەپەستە بېقىلىۋاتاتتى. بايا ئانىسى دېگەن بىر ئېغىز سۆز بىلەن تەڭلا گوۋۋازى خالىقنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولدى. ئۇنىڭ شۇئانلا ئۈرۈمچىگە قايتقۇسى، گوۋۋازى ۋە باشقا دوستلىرى بىلەن كۆرۈشكۈسى كەلدى. خالىق ئۆرۈلۈپ، يېنىدا ئۇخلاۋاتقان خەنزۇ ئىنىسىغا قاراپ، كۈنلەر ئۆتۈپ مۇشۇ ئىنىم چوڭ بولسا، خۇددى گوۋۋازىغا ئوخشاش، مەن بىلەن بىللە تاغ ئورمانلىقىغا تورغاي تۇتقىلى چىقارمۇ؟ دەپ ئويلىدى.

ساقى ئاخۇن ئىسلام دىنى ئادەتلىرى بويىچە، ئىككى خەنزۇ بالىسىنىڭ ئات تويىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى، ئۇلار تويغا تەرەددۇت قىلىشىۋىدى، ھويلا - ئارام قايناپ كەتتى. بىر ياقتا قويلار سويۇلدى، بىر ياقتا ساڭزا سېلىنىپ، تونۇرغا نان يېقىلسا، يەنە بىر ياقتا پولۇغا تۇتۇش قىلىندى. ھويلا - ئارام گۆش بىلەن مايىنىڭ دىماغنى غىدىقلىغۇچى خۇش ھىدىغا تولدى. تاڭ يورۇشى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقان، ئاغىنە - بۇرادەرلەر توپ - توپ بولۇپ كېلىشكە باشلىدى. بۈگۈنكى ئات تويىنى باشقۇرۇشقا قارىقاشتىكى ئەڭ داڭلىق ئاخۇنۇم تەكلىپ قىلىنغانىدى. ھەر ئىككى خەنزۇ بالىغا ئۇيغۇرلارنىڭ توي مەرىكىدە كىيىدىغان كىيىملىرى كىيدۈرۈلگەنىدى. قىزچاققا يەنە زەر رەڭ پىستان قادالغان دوپپا كىي-

گۈزۈلگەنىدى، ئاخۇنۇم ئالدى بىلەن ئوغۇل بالىنى قولىغا ئېلىپ، بىردەم سۈرىلەرنى ئوقۇدى، ئاندىن ئوغۇل بالىنىڭ قۇلىقىغا ئۈچ قېتىم: «بۈگۈندىن باشلاپ سېنىڭ ئىسمىڭ ئابدۇللا بولىدۇ» دېدى ــ دە، بالىنى سۇپا ئۈستىدە دومىلاتتى. ئۇنى ساقى ئاخۇن قۇچىقىغا ئالدى. بۇ چاغدا ئەل ــ جامائەت ساقى ئاخۇننىڭ يېنىغا كېلىپ قىزغىن تەبرىكلەشتى. ئاندىن قىز بالىغا نۇرنىسا دېگەن ئات قويۇلدى، ھەممە تەرتىپ ــ رەسمىيەت ئوغۇل بالىغا ئات قويغاندىكىگە ئوخشاش بولدى. مېھمانلار تارقىغاندىن كېيىن ساقى ئاخۇن بالىلىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— بالام خالىق، بۈگۈندىن باشلاپ سېنىڭ بىر سىڭلىڭ، بىر ئىنىڭ كۆپەيدى. سىلەر ئىناق ئۆتۈڭلار، جەڭگە ــ جېدەل قىلىشماڭلار، — دېدى.

نۇرنىسا بىلەن ئابدۇللا بۇ ئائىلىدە ياشاشقا باشلىغان دەسلەپكى كۈنلەردە سەل قورۇنغاندەك بولدى. ئابدۇللا ھويلا ئارامدىكى ھەممە نەرسىگە زوق ــ ھەۋەس بىلەن قارايتتى، نۇرنىسا بولسا چوڭلارنىڭ سۆز ــ ھەرىكەتلىرىگە زېرەكلىك بىلەن دىققەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ دادىسى ساقى ئاخۇن مېھرىبان، چىقىشقاق ئادەم بولۇپ، ئۇلار بىلەن خەنزۇچە سۆزلىشەتتى، ئەمما دائىم دېگۈدەك ئۆيدە بولمايتتى. رابىيخان بولسا ئىسلام دىنىنىڭ ئىتائەتمەن مۇخلىسى بولۇپ، بالىلارنى ئەدەبلىك باشقۇراتتى. ئۇلارنىڭ خان ئاچىسى پاتەمخان ئاق كۆڭۈل، ئېغىر ــ بېسىق، كۆزلىرىدىن مېھرىبانلىق كۈلكىسى كەتمەيدىغان چوكان بولۇپ، ئۆينىڭ ھەممە ئىشى ئۇنىڭ قولىدىن چىقاتتى.



ھاۋا سەللا سالقىنلىسا، ئۇ نۇرنىسا ۋە ئابدۇللانى قېلىنراق كىيىندۈرەتتى. يەيدىغان ئوبدانراق نەرسە بولسا، ھامان ئابدۇللاغا بىرئاز ساقلاپ قوياتتى. ئابدۇللا دائىم دېگۈدەك ئۇنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋېلىشقا ئامراق ئىدى. پاتەمخان ئۇنى ئانىلىق مېھرى بىلەن ئەركىلىتەتتى. ئابدۇللاغا ئەڭ قىزىقارلىق تۇيۇلغىنى ئاكىسى خالىق بىلەن سىڭلىسى ھاۋاخان ئىدى. ھاۋاخان خۇددى گۈلدەك چىرايلىق قىز بولۇپ، سۆزلىرى چۈچۈك ئىدى، ئۇ ئابدۇللا بىلەن بىللە ئويناشقا ئامراق ئىدى. ئابدۇللانىڭ بېشىنى سىلاپ، قۇلىقىنى تارتىپ، نىمىلەرنى پىچىرلاپ جىم تۇرمايتتى. خالىق بولسا كەم سۆز ئىدى، ئەمما ئۇ خەنزۇچە سۆزلەشنى بىلگەچكە، پات ــ پاتلا ئابدۇللانى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنى ــ بۇنى سورايتتى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەستىن ئابدۇللا ئۇيغۇرچە سۆزنى ئاڭلىيالايدىغان، كېيىنچە سۆزلىيەلەيدىغان بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاكا ــ ئۇكا ئىككىسى شۇنداق ئامراقلىشىپ كەتتى، بىر ــ بىرىدىن خۇددى سايىدەك ئايرىلىشمايدىغان ھالغا يەتتى.

گۈلدەك چىرايلىق ھاۋاخاننىڭ ئاۋازىمۇ ئاجايىپ ياخشى ئىدى. ئۇسسۇل ئوينايدىغان بولسا ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى، ئابدۇللا خالىق ئاكىسى يوق چاغلاردا ھاۋاخان بىلەن بىللە باغدا ئوينايتتى. بىر كۈنى ئىككىيلەن تال بارىڭى ئاستىدا سايىۋا ئۈزۈم يەۋاتقاندا:

— ئاكا، ساڭا ناخشا ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ — دېدى ھاۋاخان.

— ماقۇل، ماقۇل! — دېدى ئابدۇللا.

ناخشا – ئۇسسۇل يۇرتىدا ئۆسكەن ئابدۇللا، خۇددى ۋۇجۇدىدا مۇزىكا ھۆجەيرىلىرى باردەك، ناخشىنى ئوڭايلا ئۆگىنىۋالدى. ھاۋاخان خۇش بولۇپ يەنە بىر نەچچە كۇپلېت ئۆگەتتى، ئابدۇللا ئۇنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. ئۇلار ناخشا ئېيتىۋاتقاندا پاتەمخان كەلدى – دە، ئابدۇللانى قۇچىقىغا ئېلىپ:

— ناخشىنى ئوبدان ئۆگىنىپسەن. چوڭ بولغاندا ياخشى ناخشىچى بولغۇدەكسەن. ئۇسسۇل ئويناشنى ياقتۇرامسەن؟ — دېدى.

— ياقتۇرىمەن! — دېدى ئابدۇللا خۇش بولۇپ.

— بۇ ياققا كەل، مەن ئۇسسۇل ئۆگىتىپ قوياي.

ئابدۇللا بىلەن ھاۋاخان ئاچىسىغا ئەگىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. كېيىن پاتەمخان ئولتۇرۇپ، ئابدۇللا بىلەن ھاۋاخاننىڭ ئۇسسۇلىنى كۆزەتتى. ئۇلارنىڭ قەدەملىرى بىر – بىرىگە ماس بولۇپ، ئۇسسۇلنى ھېسسىيات بىلەن ئوينايتتى. پاتەمخان زوقلىنىپ كۈلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ بوش ۋاقىت چىقسىلا ئۇلارنى تال باراڭ ئاستىغا ئەپكېلىپ ئۇسسۇل ئوينىتىدىغان، ناخشا ئېيتقۇزىدىغان بولدى.

خالىق ئابدۇللانى سۈزۈكلۈكىدىن ئاستى كۆرۈنىدىغان يورۇڭقاش دەرياسىغا سۇغا چۆمۈلگىلى، بۈك باراقسان ئۆسكەن ئۈجمىلىكلەرگە ئۈجمە تەرگىلى، ئۈزۈم بارىڭى ئۈستىگە چىقىپ خۇددى كەھرىۋادەك سارغىيىپ پىشقان ئۈزۈملەرنى ئۈزگىلى ئېلىپ باراتتى ... ئۇلار كۆپىنچە ۋاقتىنى ئۆزلىرىنىڭ بېغىدا ئۆتكۈزەتتى. بۇ باغ ئىككى مو



كېلىدىغان يەردە بولۇپ، بوكسىدە ئىدى. باغدا ئۆرۈك، ئالما، ياڭاق، ئەنجۈر، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەر بار ئىدى. بۇ يەر ئادەتتە خالىق بىلەن ئابدۇللانىڭ تاماشا سورۇنى ئىدى. ئۇلار چۈشتە مۇشۇ باغدا ئۇخلايتتى، قەپەسنى ئەپكىرىۋېلىپ، سوپتورغاينى سايرىتاتتى. بەزىدە خالىق ئابدۇللاغا گوۋۋازىدىن ئاڭلىۋالغان ھېكايە چۆچەكلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، خالىق بىلەن ئابدۇللا باغدىكى شىپاڭدا ئات بولۇپ مىنىشىپ ئويناۋاتاتتى. نۆۋەت ئابدۇللا ئات بولۇپ، خالىق مىنىدىغانغا كەلگەنىدى. ئابدۇللا قوللىرى ۋە تىز بىلەن يەرنى تىرەپ ئات بولدى. خالىق ئۇنىڭ ئۈستىگە مىندى. خالىق قامچىسىنى ئوينىتىپ، «چۇھ! چۇھ!» دەپ ئويناۋاتقاندا، تۇساتتىنلا كاسىسىغا بىر شاپىلاق تەگدى. ئۇ چۆچۈپ ئارقىسىغا قاراپ دادىسىنى كۆردى. قورقۇپ كەتكەن خالىق سەكرەپلا ئاتتىن چۈشتى.

— ئوكاڭنى نېمىشقا بوزەك قىلدىڭ؟ — دېدى ساقى ئاخۇن غەزەپ بىلەن.

— ئوكامنى بوزەك قىلمىدىم، بايا مەن ئات بولغان، ئۇ مىنگەن، ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلگەن. ...

ساقى مۆمىن مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇ قانچە كۆپ ساۋابلىق ئىش قىلسا ئاللانىڭ جەننەت ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. رابىخان نۇرنىساغا ئامراق بولغىنىدەك، ئۇ ئابدۇللاغا بەكرەك ئامراق ئىدى. رابىيخان نۇرنىسانى دائىم خان قىزىدەك چىرايلىق ياساپ قوياتتى. چېكە، قۇلاقلىرىغا

جىلۋىدار گۈل – چېچەكلەرنى قىستۇراتتى، دوپپىسىغا ئالتۇن، كۈمۈش، ئۈنچە، مارجاندىن قىلىنغان زىننەت بۇيۇملىرىنى قاداپ بېرەتتى. ھالقىسىغىمۇ ياقۇت كۆز قويدۇرۇپ بەرگەنىدى. ئابدۇللا چىرايلىق ياساندۇرۇلاتتى. ياز كۈنلىرى كانۋاي كۆڭلەك، قىش كۈنلىرى قۇندۇز ياقىلىق جۇۋا كىيەتتى. ئۇ ساقى ئاخۇن ھەر كۈنى بەش ۋاق ناماز ئوقۇيتتى، ئابدۇللا دائىم ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئوقۇغان ئايەتلىرىگە قۇلاق سالاتتى. ئۇيقۇسى كېلىپ قالسا ساقى ئاخۇننىڭ سېمىز يوتىسىغا باش قويۇپلا ئۇخلاۋېرەتتى. شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە، ساقى ئاخۇن خالىقنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەيتتى. ئۇ ئابدۇللانى قۇچاقلاپ، يوتىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ سورىدى:

— ئۇ سېنى بوزەك قىلدىمۇ؟

— ياق، بىز ئات بولۇپ مىنىشىپ ئويناۋاتىمىز.

— ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، سىلەر چوڭ بولغاندىن كېيىن مەيلى قەيەرگە بېرىشىڭلار، ھەرقانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئاكا – ئۇكا ئىكەنلىكىڭلارنى ئەستىن چىقارماڭلار! بولمىسا ئاللا سىلەرنى جازالايدۇ.

ئابدۇللا بىلەن خالىق تەڭلا باش لىڭشىتتى.

ئەركىن ئويناپ يايرايدىغان كۈنلەر ئاياغلاشتى، خالىق بىلەن ئابدۇللا مەكتەپكە — ئوقۇشقا كىردى. رابىيخان ئۇلارغا يېڭى كىيىم تىكىپ بەردى. ئۇلار مەدرىسكە ئوقۇشقا كىرگەنىدى.

بىر يىلى خالىق كۇچاغا ئوقۇشقا بارىدىغان بولدى. ئادەتتە ئابدۇللا ھاۋاخان بىلەن يېقىن ياتاتتى. بۇ



كۈنى خالىق قىستىلىپ يېرىپ، ئابدۇللانى قۇچاقلاپ ياتتى ۋە ئابدۇللاغا ئاستا تاپىلىدى:

— سوپىتورغايغا ئوبدان قارا، كەپتەرلەرگە دان بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالما.

— ئاكا، مەنمۇ چوڭ بولغاندا ئوقۇيمەن.

خالىق كەتتى، ئۆي ئىچى سوغۇق سۇ قۇيۇلغان قازاندەك جىمىپ قالدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي شىنجاڭنىڭ سىياسىي ھاۋاسى يامانلىششقا باشلىدى. ساقى ئاخۇننىڭ خېلى كۆپ كۆڭۈلداشلىرىنى شېڭ شىسەي ئارقا – ئارقىدىن تۇتۇپ كەتتى. شېڭ شىسەينىڭ چېتىلغانلارنىمۇ جازالاش سىياسىتى بويىچە، ساقى ئاخۇننىڭ قېچىپ قۇتۇلمىقى قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىنى بۇلۇت باستى، قاپىقى تۈرۈلدى. كۈن بويى گەپ – سۆز قىلمايتتى، پات – پاتلا ئابدۇللاغا قاراپ داڭقېتىپلا قالاتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ساقى ئاخۇن رابىيخاننى ئىچكەركى ئۆيگە چاقىرىپ كىرىپ، تولىمۇ تۆۋەن ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— ئۈرۈمچىدىن كەلگەن خەۋەرلەرگە قارىغاندا، شېڭ شىسەي مېنى بوش قويمىغۇدەك. مەن ھەپسىگە كىرىپلا قالسام، مال – مۈلۈكلىرىمىز مۇسادىرە قىلىنىدۇ، ئابدۇللا بىلەن تۇرنىسا يار – يۆلەكسىز قالىدۇ. مەن سۈرۈشتە قىلىپ ئابدۇللانىڭ دادىسىنىڭ خوتەندە بىر تۇغقىنى بارلىقىنى ئۇقۇشتۇم. بالىلارنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويغىنىمىز تۈزۈك.

رابىيخان بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ھەم قورقتى، ھەم يۈرەك –

باغرى ئېزىلدى ــ دە، يىغلاپ كەتتى:
ــ ئەي ئاللا، بۇ زادى قانداق ئىش؟ زادىلا ئامال يوقمۇ؟ باللاردىن ئايرىلىشقا مەن قانداقمۇ چىداي!؟
ــ ھەممە ئامالنى ئويلاپ كۆردۈم، باشقا ئامال يوق. باللاردىن ئايرىلىش ماڭىمۇ ئوڭايمۇ؟

شۇ كېچە رابىيەخان كۆز يۇممىدى. ئەتىسى ئۇ نۇرنىسا ۋە ئابدۇللانى رەتلىك كىيىندۈردى. باللار يولغا چىقار چاغدا رابىخان نۇرنىسانى قۇچاقلاپ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ تاشلىدى. ئىككى بالا بۇ ھالنى كۆرۈپ بارمايمىز، دەپ تۇرىۋالدى. بۇ چاغدا ساقى ئاخۇن ئابدۇللانى تارتىپ كېلىپ ئىزىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە سورىدى:
ــ دېگىنە، سەن خەنزۇمۇ، ئۇيغۇر؟
يەتتە ياشلىق بۇ بالا ئابدۇللا ئۆزىنىڭ ئەسلى كىملىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى.
ــ مەن ئۇيغۇر.
ساقى ئاخۇن ئابدۇللانىڭ بېشىنى سىلىدى، گەپ ــ سۆز قىلمىدى. خېلىدىن كېيىن ئۇلۇغ كىچىك ــ تىنىپ:
ــ سەن خەنزۇ! ــ دېدى. ئابدۇللا دەرھال چۇقان كۆتۈردى:
ــ ياق، ياق! مەن خەنزۇ ئەمەس!
ساقى ئاخۇننىڭ بالىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگۈسى كەلمىدى ــ دە:
ــ بۈگۈن بىز خوتەنگە بارىمىز، ئۇ يەردە تۇغقىنىمىز بار، ــ دېدى.
نۇرنىسا بىلەن ئابدۇللا ئاتقا مىنگۈزۈلدى. ساقى



ئاخۇن ئۇلارنى خوتەنگە ئۆزى ئېلىپ باردى. ئاتتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ئۆيدە قالىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان نۇرنىسا بىلەن ئابدۇللا پاڭگىدە يىغلىۋەتتى.
ــ دادا، سەن بىزنى تاشلىۋەتەمسەن؟
ئات يېنىدا تۇرغان ساقى ئاخۇنمۇ ئىچى ئېچىشىپ يىغلىۋەتتى ۋە باللارغا ئارقىسىنى قىلىۋالدى.
راست دېگەندەك، باللار كېتىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا ساقى ئاخۇن قولغا ئېلىندى، مال ــ مۈلۈكلىرى تالان ــ تاراج قىلىندى.

## ئوخشاش جايدىكى سېغىنىش

دادىسىنىڭ قولغا ئېلىنىشى، ئابدۇللانىڭ كېتىپ قېلىشى كۆچادا ئوقۇۋاتقان خالىقنىڭ كۆڭلىگە بىرنەچچە قارا كۆلەڭگە تاشلىدى.
ئۇ خوتەندىكى دوست ــ بۇرادەرلىرىنىڭ خەۋەرلىرىدىن دادىسىنىڭ تۈرمىدىكى تۈرمىسىگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكى، ئابدۇللانىڭمۇ تۇغقانلىرى بىلەن تۈرمىگە كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇلار تۈرمىدە قانداق قىسمەتلەرگە يولۇققاندۇ؟...
ئابدۇللا بىر كۈنى كەچقۇرۇن شەھەر سىرتىدىكى بىر كىچىككىنە كۆۋرۈك ئۈستىدە ئۇياق ــ بۇياققا قاراپ تۇراتتى، بىر چاغدا يىگىرمە نەچچە ئات ھارۋىسى كېلىپ قالدى. ھەربىر ھارۋىدا بىرنەچچىدىن ئۇيغۇر يىگىت

ئولتۇراتتى. ئۇزۇن يەكتەك كىيگەن بىر خەنزۇ كىشى ھاۋا شوتىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، نۇتۇق سۆزلىگەندەك سۆزلەۋاتاتتى.

— ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ بىر مىللىي سىنىپ ئاچىتتى، بۇ ھارۋىدىكىلەر تاللىنىپ ئوقۇشقا ماڭغانلار.

مەن نېمىشقا ئۈرۈمچىگە بارمايمەن؟ ئۇ يەرگە بارسام دادامنىڭ ئۇچۇرىنى ئالالىشىم، ئابدۇللا ئىنىم بىلەن كۆرۈشۈشىمۇ مۇمكىن، دەپ ئويلىغان خالىق ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوقۇش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ ئۈرۈمچى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، بىر ئادەم قولغا ئېلىنسا ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرىمۇ «ئىسيانكارنىڭ بالا - چاقىلىرى» دەپ ئايرىلاتتى. خالىق دادىسىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئېيتمىدى، ئۆزىنىڭ ساقىي ئاخۇننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئېغىزىدىن چىقارمىدى، شۇڭا دادىسىنىڭ خەۋىرىنى ئوچۇق - ئاشكارا قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئىنىسى ئابدۇللانى بولسا خېلى كۆپ خەنزۇ ساۋاقداشلىرىدىن سۈرۈشتە قىلدى، بىراق ئادەم مىغىلدايدىغان چوڭ شەھەردىن ئادەم تاپماق بەك مۈشكۈل ئىدى.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئوتى پۈتۈن ئەلدە لاۋۇلداشقا باشلىدى. چىن تيەنچۈ، ماۋ زېمىن قاتارلىق بىر تۈركۈم كوممۇنىستلارنىڭ كېلىشى بىلەن ئۈرۈمچىمۇ قايناپ كەتتى. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇرۇش ئۇيۇشمىسى ئاممىنى ناخشا ئېيتىش، ئويۇن قويۇش، ئىئانە توپلاشقا تەشكىللىدى،



كوچا - كوچىلاردا ياپونغا قارشى ناخشا ساداسى ياڭرىدى. 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ئىلغار كۈچلەر خېلى كۆپ ئىدى. خالىق بۇ يەردە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئالدى، ئىلتىماس قىلىپ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا قاتناشتى، خەنزۇ ساۋاقداشلار بىلەن كوچىلاردا ياپونغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ باردى.

بىر كۈنى ئاخشامدا ئۈرۈمچىدىكى بىر كىچىك قورۇدا ئابدۇللا بىلەن نۇرنىسا ئاستا سۆزلىشىۋاتاتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ھاممىسىنىڭ ئۆيى ئىدى. ئۇلار خوتەندىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە ئۇزۇن تۇرمايلا ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىلدى، بۇ ئىككى يېتىم بالىنى ھاممىسى پاناھىغا ئالدى ۋە مەكتەپكە ئەۋەتتى. ئابدۇللا ئىسمىنى يەن فېيگە، نۇرنىسا يەن مەنيۇنگە ئۆزگەرتتى. باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، يەن فېينىڭ ناخشىسى مۇئەللىمنى مەپتۇن قىلىۋالدى.

— سەندە تەبىئىي مۇزىكا ئىقتىدارى بارىكەن، ئوبدان تىرىش، كەلگۈسىدە مۇشۇ جەھەتتە ئۇتۇق قازىنىسەن، — دېدى مۇئەللىم. شۇنىڭدىن كېيىن يەن فېي ناخشا ئېيتىش ئەترىتىگە قوبۇل قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاممىۋى پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، كوچىلاردا ناخشا ئېيتتى، ياپونغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ باردى.

ئۈرۈمچى باشقا شەھەرلەردىن كىچىك بولغاچقا، ئادەملەرنىڭ ئۇچرىشىش پۇرسىتى كۆپ ئىدى. ياپونغا

قارشى تەشۋىقات خالىق ۋە يەن فىيدىن ئىبارەت باشقا-باشقا مىللەتتىن بولغان ئاكا-ئۇكىنىڭ ئارىلىقىنى بارغانچە يېقىنلاشتۇردى.

ئاخشام، قورۇ ئىچى جىمجىت. قورۇدا گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن، دىماغقا خۇش پۇراق گۇپۇلدەپ ئۇرۇلىدۇ. گەرچە تومۇز ئىسسىقى بولسىمۇ، ئەمما تەكرىتاغدىن كەلگەن شامال خېلىلا سالقىن. گۈل شاخلىرى شامالدا لىۋەن تەۋرىنىدۇ. ھاممىسى سىرتقا چىقىپ كەتكەچكە ئۆيدە ئابدۇللا بىلەن نۇرنىسالا قالغانىدى. ئۇلار قورودىكى گۈزەل مەنزىرىگە قاراپ ئولتۇرۇپ قارىقاشتىكى باغنى ئەسكە ئالدى. ئۇ چاغلاردا ئۇلار ھەر ياز ئاخشىمى باغدا مۆكۈ-مۆكۈلەك ئوينايتتى. توساتتىن يەن فىي كوچىدا كۆرگەن مەنزىرىنى ئەسكە ئالدى-دە:

— ھەدە، بۈگۈن مەن 1-ئوتتۇرا مەكتەپتىكىلەر داشىزىدا قويغان ئويۇننى كۆردۈم. ئۇيغۇر قىزنىڭ رولىنى ئالغان بالا خالىق ئاكامغا بەك ئوخشاپ كەتتى، — دېدى.

— تولا ئويلاپ ئېلىشىپ قالغان ئوخشايسەن، — دېدى مەنيۇن كۈلۈپ، — خالىقنى بىردەم ئۇ يەردە، بىردەم بۇ يەردە كۆردۈم دەيسەن، خالىق كۇچادا تۇرسا، قانداقمۇ ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئويۇن قويۇشقا قاتناشسۇن؟!

— ناھايىتى ئېنىق كۆردۈم، كۆز، بۇرۇن، ئېغىزى، يول مېڭىشى، گەپ-سۆز قىلىشى ناھايىتى ئوخشايدۇ، بويىلا خالىق ئاكامدىن سەل ئېگىزرەك.

— بۇ ئالەمدە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئادەملەر



ناھايىتى كۆپ!

يەن فىي يوتقانغا كىرىپ ياتقان بولسىمۇ، ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. دادىسى ساقى ئاخۇن، ئانىسى رابىيىخان، ئاكىسى خالىق ۋە سىڭلىسى ھاۋاخان كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ كۆڭۈل قۇشلىرىنى تەرەپ-تەرەپكە ئۇچۇراتتى. مەنيۇن ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمىگەچكە، ئۇنىڭغا ئاستىلا:

— ئەتە ئۇرۇمچىدىكى ئون ئىككى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ناخشا ئېيتىش ئەترىتى بىرلىشىپ ياپونغا قارشى ئومۇمخور ئېيتىدۇ، سەن دېرىژورلۇققا بېكىتىلدىڭ، بۈگۈن ئوبدان ئۇخلىۋال، — دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللا ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

## بىللە سەھنىگە چىقىش

خالىق 1-ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئىمتىھان بېرىپ شىنجاڭ شۆيۋەنگە ئوقۇشقا كىرىپ، شىنجاڭ شۆيۋەنىنىڭ تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىسىغا ئايلاندى، شۆيۋەندىكى قويۇق ئىنقىلابىي ئاتموسفېرا خالىقنىڭ قەلبىنى تاۋلىدى، ئۇنىڭ سىياسىي نەزەر دائىرىسى كۈندىن-كۈنگە كېڭىيىپ، «ۋەتەن»، «مىللەت» دېگەنلەر ئەمدى ئۇنىڭ چۈشەنچىسىدە ئابستراكت ئەمەس، تولىمۇ كونكرېت، ئوبرازلىق، ناھايىتى جانلىق ۋە مول مەزمۇنغا ئىگە سۆزگە ئايلاندى، ئۇنى ئۆزىگە كۈچلۈك مەپتۇن قىلدى. خالىق سىياسىي جەھەتتە بارا-بارا پىشىپ يېتىلدى،

ئۇ كۈن بويى خەنزۇ قېرىنداشلىرى بىللە ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ۋەزىيىتىنى، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان بولدى...

خالىق تېخى شېئىرمۇ يازاتتى. بىر ساۋاقداش ئۇنىڭدىن قانداق شېئىر يازغانلىقىنى سورىۋىدى، خالىق كۈلۈپ تۇرۇپ تارتمىدىن بىر شېئىرنى ئالدى. بۇ شېئىرنىڭ ماۋزۇسى «سېغىنىش» ئىدى. بىر ساۋاقداش شېئىرنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

سېغىندىم جىگىرىم، سېغىندىم سېنى،
سېغىنىش ئوتىدا پىژىلدار يۈرەك.
كۆلەڭگەڭ ھامانە ئەگىشىپ ماڭا،
كېلىدۇ جەزىرە، تاغلاردىن ھالقىپ،
كېچىسى يېنىمدا ئۇخلايدۇ ئايدەك.
...

ئوقۇغۇچىلار كۈلۈپ كەتتى. بىرەيلەن قولى بىلەن خالىقنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— بۇ كۆلەڭگە كىم؟ جەزمەن چىرايلىق بىر قىزغۇ دەيمەن، — دېدى.

— ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇللا.

— خالىق، سەن سەممىي ئادەم، — دېدى ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ، — ئەزەلدىن يالغان سۆزلىمەيتتىڭ، نېمانداق بۈگۈن ئادەم ئالدايسەن؟ ئابدۇللا دېگەن ئوغۇل بالىغۇ، ئۇ شۇنچىۋالا سېغىنىشقا ئەرزىمدۇ؟



— ئۇ مېنىڭ خەنزۇ ئىنىم، — دېدى خالىق.

— سېنىڭ خەنزۇ ئىنىڭ بارمۇ؟ — بىر ياتاقتا ياتىدىغان ساۋاقداشلار ھەيران قالدى.

— سۆزلەپ كەلسەم گەپ جىق، سىلەرگە كېيىنچە سۆزلەپ بېرەي، — دېدى خالىق.

جاۋ دەن، يې لوچيەن، ۋاڭ ۋېيېي، جۇ جىننىڭ قاتارلىق بىرنەچچە ئىلغار كىنو خىزمەتچىسى شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە درامىچىلىق كەڭ كۆلەمدە قانات يايدى، تىياتىر ئۆمەكلىرى، ئۆزلىرى يېزىپ تەييارلىغان تىياتىرلار بارلىققا كەلدى. ئورگانلار، زاۋۇتلار، مەكتەپلەردىمۇ درامىلار ئوينالدى. بۇ بىر مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭىلىق بولدى. خالىق ئوتتۇرا مەكتەپتە كۇچا تىياتىرلىرىنى ئويناش ۋاقىتلىرىدا ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسەتكەنىدى، ئالىي مەكتەپكە كىرىپلا ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئاكتىپىغا ئايلاندى. بىر كۈنى كەچتە ماۋ دۇن خالىق قاتارلىق بىرنەچچە ساۋاقداشنى ئۆيىگە چاقىرىپ، دراما «ياشىسۇن يېڭى شىنجاڭ» نىڭ كىتابىنى ئوقۇپ بەردى ۋە ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئالدى. ماۋ دۇن تولىمۇ مېھرىبانلىق بىلەن خالىقتىن سورىدى:

— سىز بۇ درامىنى ئويناشقا قاتنىشىشنى خالامسىز؟

— خالايمەن، بىراق ياخشى ئويناپ ئالالماسمەنمىكىن.

«ياشىسۇن يېڭى شىنجاڭ» سەھنىلەردە ئوينىلىپ ئۈرۈمچىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. يەن فېيمۇ تىياتىرخانىغا بېرىپ بۇ درامىنى كۆردى. ئەمما ئۇ سەھنىدىكى ئارتىس-

لارنىڭ قاتاردا ئاكىسى خالىق بارلىقىنى كاللىسىغا كەلتۈرمىدى.

دراما ئويناش دولقۇنى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگىمۇ يامىرىدى، يەنى قىپىي ئوقۇۋاتقان مەكتەپتىمۇ بالىلار تىياتىر ئۆمىكى قۇرۇلدى. يەنى قىپىي بۇ ئۆمەكنىڭ مۇقىم ئارتىسى ئىدى.

بالىلار تىياتىر ئۆمىكى كوچا - كوچىلارغا «سىگنال» ناملىق درامىنى ئوينايدىغانلىقى توغرىسىدا ئېلان چىقاردى. ئورنى خەنزۇ ئۇيۇشمىسىنىڭ زالى ئىدى. خالىقمۇ تىياتىرنى كۆردى. درامىدىكى بېشىغا چوشقا دوۋسىقىنى كىيىۋالغان «ياپىلاق باش» لەقەملىك پېرسوناژ خالىقنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دەل ئاشۇ بالىنىڭ ئۆزۈندىن بويان سېغىنىپ كېلىۋاتقان ئىنىسى ئابدۇللا ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرمىدى.

## ناھايىتى يىراقتا

1941 - يىل، كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى. خالىق شىنجاڭ شۆيۈەنىدىن چىقىپ كوچىدا كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا ئالدى تەرەپتىن تونۇشلا بىر ئادەم كېلىپ قالدى. خالىق خېلى ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇ ئادەمنىڭ دادىسىنىڭ كونا تونۇشى ئىكەنلىكىنى ئەسكە ئالدى. ئۇ بۇ ئادەمنىمۇ تۈرمىدە دەپ ئاڭلىغانىدى. ئۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ سورىدى:

— سىلە...



ھېلىقى ئادەم خالىقنى تونۇۋالدى ۋە ئۇنى بىر يان كوچىغا تارتىپ ئەكىرىپ، تۆۋەن ئاۋازدا:

— داداڭنىڭ تۈرمىدە ھالى قالمىدى، تېزدىن كىيىم - كېچەك ئاپىرىپ بەر، — دېدى.

سەبىي خالىق ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ تۇرمايلا، بىرنەچچە قۇر كىيىم تەييارلىدى - دە، شىڭ شىسەينىڭ ئامانلىقنى ساقلاش ئورنىغا ئالاقىلىشىشكە باردى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ «ئىسيانكارنىڭ بالا - چاقىسى» ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويدى. ئۇ بۇيرۇق بىلەن ئوقۇشتىن توختىتىلىپ، ئالتايغا سۈرگۈن قىلىندى. ئالتاي كىچىك ۋە چۆلدەرەپ كەتكەن چېگرا بازىرى ئىدى، ئىككى تەرىپى ئېگىز تاغ بولغاچقا تار ۋە سوزۇنچاق ئىدى. بۇ يەردە خالىقنىڭ ھېچقانداق ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇش - بىلىشى يوق ئىدى. ئۇ گويا چۆلدىكى بىر تال قۇرۇق چۆپكە ئايلانغان، ئۇنى ھە دېگەنىدىلا شامال ئۇچۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

بىر كۈنى، بىرى خالىقنىڭ مۈرىسىگە ئاستا ئۇردى. ئۇ ئۆرۈلۈپ قاراپ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ لى فامىلىلىك مەسئۇلىنى كۆردى. ئۇ ئادەم خالىقنى بىر چەتكە تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ سورىدى:

— نېمە بولدى خالىق ئەپەندى، نېمىشقا مۇنچىۋالا قايغۇرىسىز؟

خالىقنىڭ كۆڭلىدە گەپ تولا ئىدى. ئۇ گەپنى قەيەردىن باشلاشنى بىلەلمەي جىممىدە ئولتۇرۇۋەردى.

— بولدى قايغۇرماڭ، سۈرگۈن قىلىنغان يالغۇز سىزلا

ئەمەس. سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى مەن ئوبدان بىلىمەن. ئۇيغۇرلاردىن چىققان يامان ئادەملەر سىزنىڭ خەنزۇ قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى؛ خەنزۇلاردىن چىققان يامان ئادەملەر سىزنىڭ دادىڭىزنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. لېنىن ناھايىتى توغرا ئېيتقان، مىللىي مەسىلە ئەمەلىيەتتە سىنىپىي مۇناسىۋەت مەسىلىسى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

خالىق باش لىڭشىتتى.

بىر يېرىم يىلدىن كېيىن شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولدى. گومىنداڭ يۇمشاق - قاتتىق ۋاستىلەرنى تەڭ ئىشقا سالغاچقا، شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى، خەلقنىڭ سۈرگۈنلۈك ھاياتى ئاخىرلاشتى. ئۇ ئالدىراپلا ئۈرۈمچىگە قايتتى - دە، دادىسىنىڭ تۈرمىدە ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىدى، ئەمما ئىنىسى ئابدۇللانىڭ ئۇچۇرىنى ئالالمىدى. شۇنىڭ بىلەن خالىق قەدىم يۇرتى قارىقاشقا قايتتى.

ئانىسى رابىيخان ئۇنى كۆز ياشلىرى بىلەن كۈتۈۋالدى. رابىيخان خېلىلا قېرىپ كەتكەنىدى.

— ئۈرۈمچىدە ئىنىڭ ئابدۇللانى كۆردۈڭمۇ؟ — سورىدى رابىيخان. خالىق ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى ۋە:

— مەن نۇرغۇن ئادەملەردىن سورىدىم، ھېچقايسىسى بىلمەيدىكەن، — دېدى.

— ئۇلارنى ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! — دېدى رابىيخان ئانا.

ئابدۇللا ھاياتلىق سەپىرىدە ئۆزگە يول ئىزدەۋا-



تاتتى. قاتتىق تۇرمۇش ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى ئەستايىدىل ئويلاشقا مەجبۇرلىغانىدى: ھاياتلىق يولىنى قانداق تېپىش كېرەك؟ ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلدى، بىر قىسىم ئەمەلدار، بايلارنىڭ بالىلىرى ئوقۇش ئۈچۈن ئىچكىرىگە كەتتى. مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئۆزىنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى تالانتىنى نامايان قىلىپ، مۇئەللىمىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. مۇزىكانت دېگەن بۇ نام ئۇنى ئۆزىگە قاتتىق تارتماقتا ئىدى. ئۇ بالىلار تىياتىر ئۆمىكىدىكى چاغدا بىرنەچچە قېتىم جاۋدەن، جۇجىنمىڭ قاتارلىقلارنىڭ نەنجىڭ مۇزىكا شۆيۈەنىنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئاڭلىدى، بۇ يەر ئۇنى ئۆزىگە تارتتى. توغرا، نەنجىڭگە باراي، ئۆگىنەي. خىيال كەپتىرى ئىچكىرىگە قاراپ قانات قاقتى. يەن فېي ئاۋۋال جيايۈگۈەنگە، ئاندىن لەنجۇغا، ئارقىدىن شىئەن، نەنجىڭغا باردى. ئۇ ئىككى يىلچە سەرسانلىق - سەرگەردانلىقنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىر مۇزىكا شۆيۈەنىنىڭ دەرۋازىسىغا قەدەم قويدى.

نەنجىڭدىكى مەشھۇر «20 - ماي» ئوقۇغۇچىلار دولقۇنى كۈنلىرىدە، ئىلغار ئوقۇغۇچىلار مەركىزىي داشۆنىڭ يۇمىلاق گۈمبەزلىك زالىدا ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. يەن فېي باتۇرلۇق بىلەن سەھنىگە چىقىپ ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئويناپ، كېچىلىككە نۇر قوشتى، پاتەمخان يەڭگىسىدىن، خالىق ئاكىسىدىن، ھاۋاخان سىڭلىسىدىن ئۆگەنگەن ماھارەتنى ئىشقا سېلىپ، تاماشىبىنلارنىڭ

گۈلدۈراس ئالقىشىغا، ماختىشىغا ئېرىشتى. ئەتىسى نەن-
جىڭدىكى بىر گېزىتكە ئۇيۇننىڭ بىر پارچە سۈرىتى بې-
سىلدى، سۈرەتنىڭ يېنىغا: «ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىسى يەن فېي
ئەپەندى» دەپ يېزىلغانىدى. بۇ سۈرەت ئۇنىڭ ئالدىغا
شىنجاڭ ئۇسسۇلىنى ئۆگىنىشنى خالايدىغان بىرمۇنچە شا-
گىرتلارنى ئېلىپ كەلدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، نامايىشقا قاتناشقان دې-
گەننى باھانە قىلىپ، يەن فېينى ئوقۇشتىن چېكىندۇرۇشتى.

قەشقەردىكى بىر خىلۋەت كوچىدا ئىشىكى جۈپ قا-
ناتلىق بىر گەزمال دۇكىنى بار ئىدى. دۇكاننىڭ خوجا-
يىنى ياش، چىرايلىق يىگىت خالىق ساقى ئىدى. ئۇ كۈن
بويى دۇكاندا يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە زېرەكلىك
بىلەن نەزەر سېلىپ ئولتۇراتتى، ئۇ خېرىدار كېلەمدىكىن،
دەپ ئەمەس، بەلكى چايان ئىتلار كېلىپ قالامدىكىن،
دەپ شۇنداق قىلاتتى. چۈنكى ئۇ يېقىندىلا بۇرھان
شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزىلەرنىڭ بورىنلىقى بىلەن گو-
مىنداڭ تۈرمىسىدىن چىققان، ھېلىھەم قارا بۇلۇت ئۇنىڭ
بېشىدا ئەگىپ يۈرەتتى. قارىغاشقا كېتەي دېسە، چاتاق
ئىدى، ئۈرۈمچىگە باراي دېسە يولدا تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى
كۆپ ئىدى، شۇڭا ۋاقتىنچە مۇشۇ دۇكاننى پاناھ قىلىپ
تۇرۇۋاتاتتى.

كەچقۇرۇن دۇكان تاقىلىشى بىلەن ئىلغار ياشلار
بىر - بىرلەپ دۇكانغا كىرىپ كېلىشەتتى - دە، خۇشال-
لىق بىلەن ئازادلىق ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش قەدى-
مىنى سانىشاتتى: لەنجۇ، ۋۇخۇي، جۇچۇەن... مانا،



يېقىنلاشتى، يېقىنلاشتى. چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلىدى، يەر-
ئاسمان زىلزىلىگە كەلدى. ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جەڭگىۋار
قوشۇنى خەلقنىڭ تەنتەنە ساداسى ئىچىدە قەشقەر كوچى-
سىدا پەيدا بولدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن دىۋىزىيە-
نىڭ سىياسىي كومىسسارى يولداش ژۇچى خالىق ساقىنى
قوبۇل قىلدى.

خالىق ساقى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى
مۇئامىلە ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولدى. شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم
رايونلۇق كادىرلار مەكتىپىنىڭ فاكۇلتېت مۇئاۋىن مۇدىرى
بولدى ھەم تىل - ئەدەبىيات، جۇڭگو تارىخىي دەرسلى-
رىنى ئۆتتى. بۇ چاغدا رابىيخان ئانا ئۇنى ئالدىراتتى:

— تېزدىن نۇرنىسايىم بىلەن ئابدۇللانى ئىزدە،
ئۇلار قەيەردە؟

خالىق ئۈرۈمچىدىكى چوڭ - كىچىك كوچىلارنى
قويماي ئارىلاپ چىقتى. لېكىن، كونىلارمۇ، يېڭىلارمۇ «ئابدۇللا»
نى بىلمەيتتى.

خالىق ئابدۇللانى ئىزدەۋاتقاندا، ئابدۇللامۇ خالىق
ئائىلىسىنى ئىزدەۋاتاتتى. يەن فېي مۇزىكا شۆبىسىدىن
ئىلاجسىز ئايرىلغاندىن كېيىن بىر مەزگىل سەرگەردان
بولۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى دەنياڭ ئوتتۇرا مەكتىپىدە بىر-
نەچچە ئاي مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولدى. ئۇ بۇ يەردە
بىر تۈركۈم ئىلغار ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇچ-
راشقاندىن كېيىن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە
قاتناشتى. شائخەينى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى داۋامىدا راسا

ئاۋلاندى. ئازادلىقتىن كېيىن، دەسلەپ شاگىخەي كىنو ستودىيىسىدە ئىشلىدى، كېيىن بېيجىڭ كىنو مۇزىكا ئۆمىكىگە يۆتكەلدى.

ئۇ دادىسى ساقى ئاخۇن، ئانىسى رابىيخان، يەڭگىسى پاتەمخان، ئاكىسى خالىقنى سېغىندى. ئۇ ئاۋۋال قارىقاشقا خەت يازدى. كونۋېرتقا «ساقى ئاخۇنغا تېگىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى. ئۇنىڭ دادىسى ساقى ئاخۇن شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئۆلگەنىدى، خەت ئىگىسىنى تاپالمىدى، قايتىپ كەتتى. ئۇ خوتەنگە خەت يازدى، ئۇ خېتىمۇ ئۆز پېتى قايتىپ كەلدى.

يەن فېيىنىڭ ئاچىسى نۇرنىسامۇ ئاخىر بېيجىڭغا يېتىپ كېلىپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولدى. ئۇ ئابدۇللانى كۆرگەن ھامان:

— ئۇلارنىڭ ئۇچۇرىنى ئالدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورايتتى.

ئابدۇللا باش چايقايتتى.

— يەنە سۈرۈشتۈرۈپ باق.

ئابدۇللا مىللەتلەر نەشرىياتىغا بېرىپ سۈرۈشتە قىلدى، «بىلمەيمىز» دېگەن جاۋاب بولدى.

ئۇ شىنجاڭ ئىش بېجىرىش ئورنىغا بېرىپ سۈرۈشتە قىلدى. جاۋاب يەنىلا «بىلمەيمىز» بولدى.

ئۇ مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىگە بېرىپ ئوقۇشتى، بۇ يەردىكى جاۋابمۇ «بىلمەيمىز» بولدى.



## بەختسىزلىككە ئۇچراش

«سول» چىلىق نەزەرىدە ئادەمگە قاراش خۇددى ئادەمنى شەيتان ئەينەككە قاراتقانغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنداق نەزەردە ئادەم ئەقىل يەتمەيدىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. 1958 - يىلى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ئوڭچىللىققا قارشى كۈرەش قانات يايدۇرۇلغانىدا، خالىق ساقى شەيتان ئەينەك ئالدىغا ئىتتىرىلدى. بىرى چوڭ خەتلىك گېزىت يېزىپ، خالىق بىرنەچچە يىلدىن بېرى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىپ كېلىۋاتقان ھېكايىنى تامامەن ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، خالىقنىڭ دادىسى بىر خەنزۇ ھاكىمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھەمدە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنى قۇل قىلغان، دېدى.

خالىق بۇ چوڭ خەتلىك گېزىتنى كۆرۈپ دەسلەپ سەل چۆچۈدى، بارا - بارا بۇنداق گەپلەرگە كۆنۈپ قالدى. ئۇ ئويلايتتى: مەن مەكتەپتە تارىخ دەرسى ئۆتۈمەن. دەرستە جاڭ چيەن، شى جۇن مەلىكە، بەنچاۋ، ئاسناشىر... ھەققىدە سۆزلەيمەن. مەقسىتىم بىرلا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش. «خەنزۇلارغا قارشى»، «ۋەتەن بۆلگۈنچىسى» دېگەن قالپاقلار مېنىڭ بېشىمغا يەربىر كىيدۈرۈلمەيدۇ.

ئەمما ئىش خالىقنىڭ ئويلىغىنىدىن مۇرەككەپ ئىدى. مەكتەپتىكىلەر ئۇنى راستىنلا ئاشۇ چوڭ خەتلىك گېزىتتە دېيىلگىنى بويىچە كۈرەش قىلدى، ئۇ قورشاۋ

ئىچىدە قالدى. خالىق گاڭگىراپ، تەرلەپ - پىشىپ دې-
گۈدەك ئىستىل تۈزىتىشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىس-
دىكى بىرەيلەننىڭ (بۇ ئادەم كېيىن چەت ئەلگە كەتكەن)
قېشىغا بېرىۋىدى، بۇ رەھبەر ئۇنىڭ سۆزلىرىگە زادىلا
قۇلاق سالمىدى، بەلكى قوپاللىق بىلەن:

— بۆرە بەرىبىر قوي بولالمايدۇ! خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى پارچىلاش سېنىڭ ئائىلەڭنىڭ ئەنئەنىسى. سەن بېرىپ ئابدۇللانى تېپىپ كەل، ئۇ ساڭا گۇۋاھلىق بەرسۇن، — دېدى.

قايغۇغا چۆمگەن خالىق:

— ئۇنى ھازىرچە تاپالمايمەن، — دېدى.

— ئۇ ئاسمانغىمۇ، چەت ئەلگىمۇ چىقىپ كېتەلمەيدۇ، شۇنداق ئىكەن نېمىشقا ئۇنى تاپالمايسەن؟

خالىق بېشىنى تۆۋەن سالدى، جاۋاب بەرمىدى.

شۇ چاغلاردا رابىيخان كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانىدى. شۇڭا خالىق ھەر كۈنى ئۆيىگە قايتقاندا چىرايىغا كۈلكە بېرىشكە مەجبۇر ئىدى. ئەمما خەۋەر بەرىبىر بۇ ئۆيگە يېتىپ كەلدى. بىر كۈنى كەچتە خالىق ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىپ، ئانىسىنىڭ سۇپىدا يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. خالىق دەرھاللا سورىدى:

— ئانا، نېمە بولدىلا؟

رابىيخان بېشىنى كۆتۈرۈپ، ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن خالىققا قاراپ سورىدى:

— ئوغلۇم، راست گەپ قىل، ئورنۇڭلاردا نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ؟ ساڭا نېمە بولدى؟



— ئانا، خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى خالىق ئۆزىنى كۈلكىگە زورلاپ، — ئىدارىدە ھېچ ئىش بولغىنى، ماڭىمۇ ھېچ ئىش بولغىنى يوق.

رابىيخان ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

— خالىق، ئوغلۇم، تېزراق دېگىنە، ئۇلار ساڭا زادى نېمە گۇناھ ئارتىشتى؟

— ئۇلار مېنى... خەنزۇلارغا قارشى، دەيدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپلا رابىيخان قايناپ كەتتى:

— نېمە، نېمە؟ خەنزۇلارغا قارشى؟ ئۇلار جۆيلۈپتۇ! داداڭمۇ خەنزۇلارغا قارشى تۇرمىغان، مەنمۇ خەنزۇلارغا قارشى تۇرمىغان. سەنمۇ خەنزۇلارغا قارشى تۇرمىغان! خۇدا، ئابدۇللا ساڭا گۇۋاھ بەرگەي! — رابىيخان يىغلاپ كەتتى.

خەنزۇلارغا قارشى، ۋەتەن بۆلگۈنچىسى دېگەن قالپاق ئاخىر خالىققا كىيدۈرۈلدى. ئۇ ئوڭچى قىلىپ ئايرىلدى، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، مائاشى ئىككى دەرىجە چۈشۈرۈۋېتىلدى. بىر مەزگىل ئۇ خۇددى زاغۇن يېغى ئىچىۋالغاندەك يۈردى. بىر چاغلاردا «بىر پارچە ئوت» دەپ ئاتالغان خالىق ئەمدىلىكتە باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ۋابادەك قورقۇنچلۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى، نۇرغۇن دوست - ئاغىنىلەرمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشتى، خالىق غېرىبچان بولۇپ قالدى. رابىيخان ئوغلى ئۈچۈن قايغۇراتتى، شۇڭا ئۇنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ قورايدەكلا بولۇپ قالدى. ئۇ دائىم دېگۈدەك تۈنلەرنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزەتتى. تۈن يېرى-

مىدىن ئاشقان چاغلاردا، خالىق دائىم ئانىسىنىڭ بوغۇق ئاۋازدا: «ئابدۇللا، سەن قەيەردە؟ نۇرنىسا، سەن قەيەردە؟» دەپ تولغانلىقىنى ئاڭلاپ قالاتتى.

رابىيىخان شۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغىنىچە ئورنىدىن تۇرالمىدى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۇ خالىقنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، مەن بولالمايدىغان ئوخشايمەن، ساناقلىقلا كۈنلىرىم قالدى. ئاللا جەزمەن بىزگە مەدەت قىلىپ ئابدۇللانى تېپىپ بەرگەي...، — دېدى - دە، بىردىنلا چىرايى ئۆزگىرىپ گەپنى داۋام قىلالماي قالدى...

ياۋاش خالىق بارلىق خورلۇققا چىدىدى. ئۇ پارتىيىنىڭ ئىشنىڭ تەكتىنى بىر كۈنى جەزمەن ئېنىقلايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

## يۈرەك قېتىدىن سىغىنىش

يەن فېي چوڭ تىپتىكى ھۆججەتلىك فىلىم «بۈگۈنكى شىنجاڭ» نىڭ مۇزىكىسىنى ئىشلەش ئۈچۈن لاساغا كەلدى. كېچە، ئۇ دېرىزىنى ئاچتى. ھەممە ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرى يورۇق ئىدى. ئانچىلا يىراق بولمىغان جايدا بىر نەچچە ياش ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ناخشا سادىسى يەن فېينى قارىقاشقا، خوتەنگە، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتتى. شۇ تاپتا بەلكىم ئاشۇ يەرلەرمۇ چىراغ نۇرلىرى بىلەن كۈندۈزدەك يورۇپ تۇرغاندۇ. شەھەر دۇتار، راۋاپ، داپ ھەمدە كۈلكە ياكى ناخشا ساداسىغا چۈمۈلگەندۇر. شۇ كېچە ئۇ



چۈشىدە سىڭلىسى ھاۋاخاننى، ئاكىسى خالىقنى كۆردى. خالىق يۈرۈڭقاش دەرياسى بويىدا سۇغا تاش ئېتىپ چەپچەك چىقىرىۋاتاتتى...

ئۇ بىر كۈنى قول بولغان بىر زاكىزۇننىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلدى. ئۆي ئىگىسى 30 نەچچە ياشلىق ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىسى تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. ئۇ ئۆيىدىن قوۋۇق (تاقاق) قا ئوخشايدىغان بىر جابدۇقنى ئېلىپ چىقتى. بۇ جابدۇق ئەينى چاغلاردىكى قۇللارنىڭ ئۇنى كېچىسى خارلىغانلىقىنىڭ دەلىلى ئىدى: جابدۇقتا ئىككى تۆشۈك بولۇپ، قۇللار ئاخشىمى ياتقاندا، ئىككى پۇتى ئاشۇ تۆشۈككە كىرگۈزۈلۈپ قۇلۇپ سېلىپ قويۇلاتتى. يەن فېي بۇ ئاق كۆڭۈل ئايالنىڭ ئەينى چاغدا بۇنداق خورلۇققا قانداق چىدىغانلىقىنى زادىلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىدى.

يەن فېي يۈرىكى غەزەپكە تولغان ھالدا مېھمانخانىغا قايتتى. ھېچ نەرسە يېمەي، ئاغزىغا بىر تېمىم سۇمۇ ئالماي ئۆي ئىچىدە ئۇيان - بۇيان ماڭدى. قەلبىدىكى غەزەپ گويا يوغان بىر تاشقا ئايلىنىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى سىققاندەك بولدى، ئۇ نەپەس ئالالماي قالدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا ئېگىز چوققىغا چىقىپ، راسا ۋارقىرىغۇسى كەلدى. ئۇ بايىقى ئايالنىڭ شىكايىتىنى ئەسكە ئالدى. نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇ خوتەن ۋە قارىقاشتا كۆرگەن پومېشچىكلار دېھقانلارنى بوزەك قىلغان خىلمۇ خىل كۆرۈنۈشلەر، قامچا، توقماق - كالتەك، دار ۋە باشقىلار قىپقىزىل قانغا بويالغان ھالدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولدى. ئۇ

يېتىنمەيلا ياتتى، كۆزلىرىنى يۇمدى، قورقۇنچلۇق مەنزىرە ئىچىدىن قۇتۇلماق بولدى، ئەمما قۇتۇلالمىدى. ئۇ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ پۈتۈن كېچىنى مانا شۇ هالدا يېتىش، تۇرۇش، يەنە يېتىش، يەنە تۇرۇش بىلەن جاپادا ئۆتكۈزدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە يەن فېينىڭ بېشى قاپاقتەكلا بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بىر ئاتنى ئارىيەت ئېلىپ لاسانىڭ سىرتىغا — كەڭ دالىغا چىقتى. ئۇ مۇشۇ يەردىكى ساپ هاۋا، گۈزەل مەنزىرىلەرنىڭ پەيزىدىن بەھرىمەن بولۇش ئارقىلىق كېچىچە ئۆزىنى بىئارام قىلغان غەزەپ، ئازابلاردىن ئادا - جۇدا بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇ تىزگىننى بوشىتىپ، ئاتنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى. تاڭ قۇياشى ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى تاغ چوققىسىنى قىپقىزىل رەڭگە بويىغانىدى. بىر توپ قوي نۇر ئىچىدە ئوتلاپ يۈرەتتى. ئاپئاق جۇۋا كىيگەن پادىچى بالا تاغ ناخشىسى ئېيتىۋاتاتتى. ناخشىنىڭ ساداسى تولىمۇ يېقىملىق بولۇپ، يىراق - يىراقلاردا جاراڭلايتتى. يەن فېينىڭ كاللىسىغا چاقماقتەك بىر خىيال، ئارقىدىنلا يېقىملىق بىر ئاهاڭ كەلدى. «قەد كۆتۈرگەن نوقۇ ئېيتىدۇ ناخشا» دېگەن ناخشىنىڭ مېلودىيىسى ئۇنىڭ كاللىسىغا تىزىلدى. ئۇ ئاستا غىڭشىپ ئېيتاتتى، ئاهاڭ شۇنچە يېقىملىق، ئوبرازلىق ئىدى. ئۇ شۇ ئانلا ئاتنى بۇراپ مېھمانخانىغا قايتتى - دە، زاڭزۇ ئاپپاراتۇرلارنى چاقىرىپ، خۇشاللىق بىلەن:

— ناخشامنىڭ قاش - كۆزى پۈتۈپ قالدى، مەن



ئېيتاي، سىلەر ئاڭلاپ بېقىڭلار، — دېدى - دە، ناخشىنى ئېيتتى:

**ئاپئاق قارلىق تاغ**
**نۇردا يۇيۇلغان.**
**نەۋقىران بۈركۈت**
**قىلىدۇ جەۋلان.**
**چەكسىز ئېگىزلىك،**
**ياسانغان كۆركەم.**
**قانداق چىدايمەن**
**چىرلىماي شۇ دەم؟...**

ئۆي ئىچىنى چاۋاك لەرزىگە كەلتۈردى. بىر يېڭى ناخشا مانا شۇنداق پۈتتى.

يەن فېي بېيجىڭغا قايتتى. 80 نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقان ئوركېستىر مۇزىكا ئورۇندىماقتا، ناخشىنى سەيدەن جوما ئورۇندىماقتا.

جۇ زۇڭلى بۇ ناخشىنى بەكلا ياقتۇرۇپ قالدى. بۇ ناخشا خەلق سارىيىدا رەسمىي ئورۇندالغاندا ئالقىشقا كۆمۈلدى. خېلى كۆپ سەپداش يەن فېيدىن سورىدى:

— سېنىڭ بۇ ناخشاڭدا شىنجاڭ پۇرىقى خېلى قويۇققۇ؟

— شۇنداق، — دېدى يەن فېي، — مەن مۇشۇ ئاهاڭنى ئىشلەۋاتقاندا كاللام شىنجاڭدىكى نوقۇلار ھەم شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئوبرازى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

«قەد كۆتۈرگەن نوگنو ئېيتىدۇ ناخشا» دېگەن بۇ ناخشا «بۈگۈنكى شىنزاڭ» دېگەن فىلىم بىلەن بىللە شىنجاڭغا كەلدى. بۇ جاراڭلىق، يېقىملىق ناخشا شىنجاڭنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا ياڭرىدى.

ھاۋاخان، خالىق ساقىمۇ بۇ ناخشىنى ئۆگىنىۋالدى. لېكىن ئۇلار بۇ ناخشىنىڭ ئاھاڭىنى ئۆزلىرى كېچە - كۈندۈز ئەسلەپ - سېغىنىپ كېلىۋاتقان ئابدۇللانىڭ ئىشلىگەنلىكىنى نەدىنمۇ بىلسۇن؟!

## ئاپتوبۇستىكى ئۇچرىشىش

ئون يىللىق مالىمانچىلىق باشلاندى. يەن فېيدەك نەچچە ئون كىنو فىلىمىنىڭ مۇزىكىسىنى ئىشلىگەن ئادەمنىڭ «ئەكسىيەتچىل نوپۇز ئىگىسى» دېگەن قالپاقنى كىيىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر دېلو ماتېرىياللىرىنى كۆرۈۋېتىپ يەن فېينىڭ يەنە «ئابدۇللا» دېگەن غەلىتە بىر ئىسمىنىڭ بارلىقىنىمۇ بايقاشتى. بېشىدىن ھېچقانچە ئىسسىق - سوغۇق ئۆتمىگەن ياشلارنىڭ نەزەرىدە، بۇ ئىسىم قانداقتۇر بىر «شەرتلىك بەلگە» گە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن يەن فېينىڭ شىنجاڭدىكى ئەگرى - توقاي كەچۈرمىشلىرىنىگە ئاساسەن، ئۇنىڭغا يەنە «ئېغىز سىرتىدىن كەلگەن ئىشپىيون» دېگەن قالپاق كىيگۈزۈلدى. يەن فېي پېپەن - كۈرەش قىلىنغان چاغلىرىدا مۇشۇ ئىسىمنى ئاڭلىغان ھامان كۆڭلىدە كۈلەتتى: شىنجاڭ بېيجىڭغا ئىشپىيون



ئەۋەتكەن، بۇ ئىشپىيون شۇنچە ئۇزۇن مۇددەت يوشۇرۇنغان دېيىش توغرىمۇ ئەمەسمۇ؟ مانا مۇشۇنداق ئەخمىقانىلىق ئۇنىڭ خوتۇنىنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋەتتى؛ مانا مۇشۇنداق ئەخمىقانىلىق ئۇنىڭ ئوغلىنى كوچىدا سەرسان قىلدى.

بىر كۈنى ئۇ ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ئىشقا كېتىۋاتاتتى. ئاپتوبۇستا راۋاپ تۇتقان ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى ئولتۇراتتى. بۇ يەن فېيغا ئەڭ تونۇشلۇق ئادەم، ئەڭ تونۇشلۇق ساز ئىدى. ئۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ قېشىغا دەرھاللا باردى - دە، راۋان ئۇيغۇر تىلىدا سورىدى:

— سىز شىنجاڭدىن كەلدىڭىزمۇ؟

— ھەئە، مەن شىنجاڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى زاۋۇتىنىڭ خادىمى، — دېدى ئۇيغۇر كىشى ۋە ئۆزى بىلەن ئۇيغۇرچە سۆزلىشىۋاتقان بىر خەنزۇغا زەن سېلىپ قارىدى - دە، ئۇنىڭ تامامەن شىنجاڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلىشىدىن ئەجەبلىنىپ سورىدى، — سىز قەيەردىن؟

— شىنجاڭنىڭ قارىقاش ناھىيىسىدىن.

ئۇيغۇر كىشى تېخىمۇ ئەجەبلەندى:

— نېمە؟ سىز قارىقاشتىنمۇ؟ قارىقاشنىڭ قەيىرىدىن؟

— دادامنىڭ ئىسمى ساقى ئاخۇن.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئۇيغۇر كىشىنىڭ گۇلقەقلىرى ئېچىلىپ كەتتى:

— ساقى ئاخۇن مېنىڭ تاغام بولىدۇ. سىز ئابدۇللامۇ؟

ئابدۇللا ئۆزىنى ھېلىقى ئۇيغۇر كىشىگە ئاتتى - دە، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى، ئاپتوبۇستىكىلەر ئۇلارغا تىكىلدى.

ئابدۇللانىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلدى.

— ئاپتوبۇستا ئۇچرىشىپ قالارمىز دەپ زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن، — دېدى ئابدۇللا، — مانا، ئىككىمىز بىر نەۋرە ئاكا - ئۇكا ئىكەنمىز. دادام ساقى ئاخۇن ئامانمۇ؟ ئانام رابىيىخانچۇ؟

— ساقى ئاخۇنكام شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئۆلۈپ كەتتى. رابىيىخاچاممۇ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئائىلىدىن خالىقلا هايات. ئۇ سىزنى كۆپ ئىزدىدى، سۈرۈشتە قىلدى، سىزنى دەپ كۆپ ئازار يېدى، ئازاب چەكتى.

— خالىق ئاكام هازىر ياخشىدۇر؟

— ئۇ هازىر كۆرەش - پىپەن قىلىنىۋاتىدۇ. سىزچۇ؟

— مەنمۇ شۇنداق. ئورنۇمغا بارسامىلا مېنى كۆرەش-پىپەن قىلىش چوڭ يىغىنى ئېچىلىدۇ. كۆردىڭىزمۇ، مانا بۇ چاتاقچىلىقنى، سىزنى ئۆيۈمگىمۇ باشلىيالمايدىغان بولدۇم.

ئاپتوبۇس يەن فېي چۈشىدىغان بېكەتكە يېتىپ كەلدى. يەن فېينىڭ نۇرغۇن گەپلىرى، سوئاللىرى بار ئىدى. بىراق رەھىمسىز رېئاللىق ئۇنىڭ ئاپتوبۇستا ئۇزاق تۇرۇشىغا يول قويمايتتى. ئۇ نائىلاج ئاپتوبۇستىن چۈشتى. ئاپتوبۇس قوزغالدى، يەن فېي ئاپتوبۇسنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ ۋارقىرىدى.

— خالىق ئاكامغا ئېيتىپ قويۇڭ، مەن بېيجىڭ كىنو ستۇدىيىسى مۇزىكا ئۆمىكىدە ئىشلەيمەن.

شۇ كۈنى يەن فېي كالا قوتىنىغا قايتىپ، قايناق سۇنى هاراق قىلىپ، ئارقىمۇ ئارقا ئۈچ پىيالە ئىچتى ۋە



ھەڭگىشىپ ئويغۇرچە ناخشىلارنى ئوقۇدى، يېپىندىكىلەر ئۇنىڭدىن سوراشتى:

— لاۋ يەن، بۈگۈن بۆلەكچىلا خۇش بولۇپ قاپسىزغۇ؟

ئۇ جاۋاب بەرمىدى، بۈگۈنكى ئىش توغرىسىدىمۇ لام-جىم دېمىدى، پەقەت كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئېغىز سىرتىدىن كەلگەن ئىشپىيوننىڭ خۇشاللانغۇدەك نېمە ئىشى بولسۇن؟! — دېدى.

بىر نەچچە ئايغىچە، خالىق ھېلى بۇ سىنىپتا، ھېلى ئۇ ئىشخانىدا كۆرەش - پىپەن قىلىندى... ئەتىدىن كەچ-كىچە مەست - ئەلەستەكلا يۈردى. بۈگۈن خالىق ئۆيىدە ماتېرىيال يېزىپ ئولتۇراتتى. تۇساتتىن چالغۇ ئەسۋابلىرى زاۋۇتىدىكى بىر نەۋرە ئىنىسى خۇشال كىرىپ كەلدى - دە:

— ئەمدى ئوبدان بولدى، مەن ئابدۇللانى تاپتىم، سېنىڭ مەسىلەڭ ئوڭايلا ھەل بولىدىغان بولدى، — دېدى.

خۇشاللىقتىن خالىقنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى، قولىدىكى قەلەممۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى:

— كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟

— ئاڭلىمىدىم، بېيجىڭدا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

خالىقنىڭ نەۋرە ئىنىسى بېيجىڭدا — ئاپتوبۇستا بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىۋىدى، خالىق ئىشەندى، بۇ چۈش ئەمەس ئىدى. ئۇ سورىدى:

— ئۇنىڭ بويى ئۆسۈپ كەتكەندۇ؟

— ھەئە، ئۇ سېمىز، ئوتتۇرا بوي ئىكەن، يۇمىلاق يۈز، قاڭشارلىق ئىكەن، گەپ قىلغاندا كۈلۈپلا تۇرىدىكەن...

— كۆزلىرى قانداقراقكەن؟
— ئۇنىمۇ كۆرەش - پېپەن قىلىشۋېتىپتۇ.
— ئاھ! خالىقنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم يوقالدى، قاش - قاپاقلىرى تۈرۈلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇيان، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر خالىقنىڭ يامان ئەھۋالى تۈپەيلىدىن قايغۇرۇپلا يۈرگەنىدى. ئابدۇللانىڭ خەۋىرى ھەممەيلەننى شادلاندۇردى. ئۇلار چۈشتىن كېيىنكى يېرىم كۈننى خۇشال كۈلكە بىلەن، پاراڭ بىلەن ئۆتكۈزدى، ھاۋاخاننىڭ ئوغلى ئادىل شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش باشقارمىسىدا تەرجىمان ئىدى. ئۇ بوۋاق چېغىدىلا دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولۇپ، خالىقنىڭ قېشىدا چوڭ بولغانىدى. خالىق ئادىلغا ئامراق ئىدى. ئىچى پۇشۇپ قالغان چاغلىرىدا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشاتتى.

— مەن باياتىن ئويلاندىم، — دېدى خالىق، — تاغاڭ ئابدۇللانىڭ مۇزىكا ئۆمىكىدە ئىشلىيەلىشى سېنىڭ ئاناڭنىڭ پايدىسى. ئۇ كىچىكىدىنلا ئاناڭدىن ناخشا، ئۇسسۇل ئۆگەنگەن.

ئادىل تەمكىنلىك بىلەن كۈلۈپ:

— ئەمدى ئۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ سىزگە ئىسپات بەرسە بولىدۇ، — دېدى.

كەچتە خالىق ئايرىلغىنىغا ئوتتۇز نەچچە يىل بولغان ئىنىسى ئابدۇللاغا خەت يازدى:



«قەدىرلىك ئىنىم ئابدۇللا:

خەۋىرىڭنى ئاڭلاپ خۇددى چۈش كۆرگەندەك بولدۇم. پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ھېيت بولغاندەك خۇشاللاندۇق. ئوتتۇز نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، مەن سېنى ھەر كۈنى ئەسلەپ - سېغىنىپ، سۈرۈشتە قىلىپلا يۈردۈم. ئانام جان ئۈزۈش ئالدىدىمۇ سېنىڭ ئىسمىڭنى زىكرى قىلغان. ئۇنىڭ پانىي ئالەمدىن ئايرىلار چاغدىكى ئەڭ ئاخىرقى سۆزى «ئاللا، بىزنىڭ ئابدۇللانى تېپىۋېلىشىمىزغا ھىممەت قىلغايسەن!» دېگەن سۆز بولغانىدى،»

خالىق ساقى خەتنى يېزىۋېتىپ بىردىن توختاپ قالدى: بۇ خەت بېيجىڭغا بارسا، ئۇلار ئابدۇللانىڭ تېخى شىنجاڭدا «چەت ئەلگە باغلانغان» ئاكىسى بارلىقىنى بىلىپ قېلىشسا، ئۇنىڭغا يەنە بىر گۇناھ ئارتامدۇ؟ ياق، خەت يازماي، ئۇنى ئاۋارە قىلماي.

ئۇ ئۆيدىكىلەرگىمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈشنى، بۇ ھەقتە سىرتتىكىلەرگە تىنماسلىقنى تاپىلىدى.

## ئوق ئاۋازى ئىچىدىكى توي

ئىككى تەرەپتىكىلەر قاتتىق قارىمۇ قارشىلىشىپ كەتكەن مەزگىلدە، «جىن - شەيتان» قىلىپ ئايرىلغانلار قارايدىغان ئادەم بولمىغاچقا ئۆز ئۆيلىرىگە تىقىلىپ،

قىسقا مۇددەتلىك خاتىرجەملىكنىڭ ھوزۇرىنى سۈردى.

بىر كۈنى چۈشتە، خالىق ساقى ھويلىسىدا ئولتۇرۇپ، بىكارچىلىقتا بىكار ئىشلە، دېگەندەك، ئاسماندىكى بۇلۇتلارنى تاماشا قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئاسماندىكى ئاشۇ ئاق بۇلۇتلارغا تولىمۇ زوقلىناتتى. ئۇلار ئەركىن ئۈزۈپ يۈرەتتى. بىر توپ كەپتەر ئۇچۇپ كەلدى. كەپتەرگە ئېسىلغان غوڭ قاپاقنىڭ ئاۋازى خالىق ساقىنىڭ ئېسىگە گۈدەك باللىق چاغلىرىنى سالدى.

خالىق ساقى خىيال دەرياسىغا غەرق بولۇپ تۇرغىنىدا ئادىل يەڭگىل دەسسەپ كىرىپ كەلدى. ئۇ خالىق ساقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ گېپىنى ئېغىزىدىن چىقىرالمايۋاتقان ھالەتتە تۇرۇپ قالدى.

— بىرەر ئىش بارمىدى؟ — سورىدى خالىق ساقى.

— بىزنىڭ ئىدارىدە شۈي ۋەنخۇا دېگەن بىر خەنزۇ يىگىت بار، بىز ئۇنىڭغا مۇساجان دەپ ئىسىممۇ قويغانىدۇق. ھازىر ئۇنى ھەر ئىككى تەرەپتىكىلەر كۈرەش قىلىپ، پۈت تىققۇدەك ئورۇنمۇ بەرمىدى.

— ئۇ نېمە ئىش قىلاتتى؟

— تەرجىمان ئىدى. ئۇ بېيجىڭلىق، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىدە ئۇيغۇرچە ئوقۇغان، خىزمەتتىمۇ ياخشى ئىدى.

— سەن نېمە قىلاي دەۋاتىسەن؟

— ئۇنى مۇشۇ ئۆيدە تۇرغۇزساقمىكىن، دېۋىدىم.

بىردىنلا خالىق ساقى دادىسىنىڭ ئىككى خەنزۇ بالىنى ئاتقا مىندۈرۈپ ئېلىپ كەلگىنىنى ئەسلىدى.



ئەمدى ئۈچىنچى ئەۋلادنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ ئاشۇ چاغدىكىگە ئوخشاش بىر خىل ھېسسىيات جۇش ئۇرۇۋاتاتتى. خالىق ساقى بەكلا شادلاندى. ئۇ ئادىلنىڭ بىلىكىدىن كاپپىدە تۇتۇپ سورىدى:

— قانداق بولۇپ ئۇنى بۇ ئۆيگە ئەپكېلىشنى ئويلاپ قالدىڭ؟

— بۇرۇنمۇ بىزنىڭ ئائىلىدە ئابدۇللا ئاكام بىلەن نۇرنىسا ھەدەم تۇرغانىكەنغۇ؟

— ياخشى ئوغلۇم، بەلەن ئويلاپسەن، بۇ بىزنىڭ ئائىلىنىڭ ئەنئەنىسى، بار، تېزدىن ئۇ يىگىتنى باشلاپ كەل.

شۈي ۋەنخۇا كەلدى. بۇ ئورۇق، ئېگىز، كۆزەينەك تاقىغان، مانا مەن دەپلا زىيالىيلىقى چىقىپ تۇرغان، ئۇيغۇرچىنى راۋان سۆزلەيدىغان يىگىت ئىدى. قىسقىچە پاراڭدىن كېيىنلا خالىق ساقى شۈي ۋەنخۇانىڭ تۈز كۆڭۈل، زېرەك، ئۈمىدۋارلىقىنى بىلىۋالدى. گەرچە باش تىققۇدەك يېرى يوق ھالغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما گەپ-سۆز قىلغاندا، خۇددى نەسىردىن ئەپەندىمدەك قىزىقارلىق، يۇمۇرلۇق سۆزلەيتتى، ئۆزىنى خۇشال تۇتاتتى. خالىق ساقى ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى ۋە دېدى:

— مەن سىزگە بىر ئۆينى بىكارلاپ قويدۇم. سىز مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇڭ. بۇرۇن مېنىڭ ئابدۇللا دېگەن بىر خەنزۇ ئىنىم بار ئىدى. ئەمدى ئادىلنىڭ مۇساجان دېگەن خەنزۇ ئاكىسى بار بولدى.

شۈي ۋەنخۇا خالىق ساقىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى

تازا ئاڭقىرالماي، سەل تىڭىرقاپ قالدى.

— بۇ ناھايىتى ئۇزۇن ھېكايە، مەن سىزگە كېيىنچە سۆزلەپ بېرەي، — دېدى خالىق ساقى.

خالىق ساقى تىلشۇناس بولۇپ، شۈي ۋەنخۇا تۈرك تىلىغا ھېرىسمەن ئىدى. ھەر ئىككىلەننىڭ ھەۋىسى ئورتاق بولغاچقا، پات-پاتلا تۈن يېرىملارغىچە سۆزلىشىپ كېتەتتى. بىر كۈنى كەچتە ھاۋا سالقىن بولۇپ، ھەممە ياق ئاپئاق ئايدىڭ ئىدى. خالىق ساقى شۈي ۋەنخۇا بىلەن ھويلىدا پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى. تۈن يېرىم بولاي دېگەندە. خالىق ساقى پىيالىلەرگە لىققىدە قېنىق دەملەنگەن چاي قۇيدى ۋە سورىدى:

— مۇساجان، نەچچە بالىڭىز بار؟

مۇساجان قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— خۇددى ئەپەندىمدەك، بويتاق-سالتاڭمەن.

— قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

— ئوتتۇزدىن ئاشتىم.

— نېمىشقا ئۆيلەنمىدىڭىز؟

شۈي ۋەنخۇا سوغۇققىنا كۈلدى-دە:

— مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئادىل سۆزلەپ بەرمىدىمۇ؟ — دېدى.

— قانداق ئەھۋالىڭىز بار ئىدى؟

شۈي ۋەنخۇا ئۆزىنىڭ مۇھىم بىر باسقۇچلۇق تارىخىنى ئادىلنىڭ خالىق ساقىغا دېمىگەنلىكىنى چۈشەندى ۋە سەل بىئارام بولۇپ قالدى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئوبدان بىلەتتى. خالىقنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر



تاماقنى تەييارلاپ بولۇپ ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلاتتى؛ مېھمان كەلسە ئۇنى بىللە ئولتۇرۇشقا چاقىراتتى؛ ئۆيىدە 18 — 19 ياشلارغا كىرگەن قىزى بار تۇرۇقلۇق يەنە بويتاق شۈي ۋەنخۇانى تۇرغۇزۇۋاتاتتى، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مېھمانغا بىلدۈرگەن ئەڭ زور ھۆرمىتى ئىدى. ئەمدىلىكتە خالىق ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلسە قانچىلىك ئۈمىدسىزلىككە چۈمەر؟! بەلكىم بىئاراملىق ۋە ۋەھىمە پەيدا قىلىشىمۇ مۇمكىن، ئەمما شۈي ۋەنخۇا راست گەپنى قىلىش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى ۋە:

— مەن مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەندە ئوقۇچى دېگەن قالپاق كىيگەنىدىم، — دېدى.

— ئۇنىڭ قالپىقىنى ئاللىبۇرۇنلا ئېلىۋېتىش كېرەك ئىدى، — دېدى ئادىل دەرھاللا سۆز قىستۇرۇپ.

خالىق ساقى سەل چۆچۈدى، ئەمما شۈي ۋەنخۇانىڭ جىددىيلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھاللا مويسىپىتكە خاس تەلەپپۇزدا:

— ئادىل سىزگە سۆزلەپ بەرگەن بولغىيدى، مېنىڭ ئەھۋالىممۇ سىزگە ئوخشاش، بۇنىڭ ھېچ كارايىتى يوق، بىز پارتىيىگە، ۋەتەنگە، خەلققە سادىقلا بولساق، پارتىيە بىزنى بەرىبىر چۈشىنىدۇ، — دېدى.

بىرنەچچە كۈنلەردىن كېيىن بىر قىز شۈي ۋەنخۇانى يوقلاپ كەلدى. دەسلەپ خالىق ساقى دىققەت قىلىپ كەتمىدى. ئۇ قىز بىرنەچچە رەت كەلگەندىن كېيىن خالىق ساقى شۈي ۋەنخۇادىن سورىدى:

— ئۇ قىز كىم بولىدۇ؟

— يېقىندا ساۋاقداشلىرىم تونۇشتۇرۇپ قويغان دوستۇم بولىدۇ.

— قەيەردە خىزمەت قىلىدۇ؟

— قارامايدا.

خالىق ساقىنىڭ كۆز ئالدىدا بىر نۇر، نۇر ئىچىدە پاك ۋە دىيانەتلىك بىر قىز پەيدا بولدى. شۇي ۋەنخۇانىڭ هالى شۇنچە يامان بولۇۋاتقاندا، بۇ قىز هېچنېمىگە قارىماي ئۇنى يوقلاپ كەلگەن. بۇنىڭغا ناهايىتى زور باتۇرلۇق كېرەكقۇ!؟ خالىق ساقى:

— بۇ ھەقىقەتەن قالتىس قىزكەن! — دېدى شۇي ۋەنخۇاغا.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن شۇي ۋەنخۇا قىز دوستى بىلەن خالىق ساقىنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەلدى ۋە:

— ئاغا، بىزنىڭ بىر تەلىپىمىز بار ئىدى، — دېدى.

خالىق ساقى ئۇلارنىڭ خۇشال چىرايىغا قاراپلا نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى پەملەپ سورىدى:

— قېنى، دەڭلار، نېمە تەلەپ؟

— بىز توي قىلماقچىمىز، — دېدى شۇي ۋەنخۇا.

خالىق ساقى كۈلۈپ تۇرۇپ قىزدىن سورىدى:

— سىز ئۇنىڭغا تېگىپ چېتىلىپ قېلىشتىن قورقمامسىز؟

هېلىقى قىز كۈلۈپ باش چايقىدى.

— سىلەر جاپا - مۇشەققەتتە تېپىشقان ئەر - خوتۇن بولدۇڭلار، بۇ نېمىدېگەن ياخشى، — دېدى خالىق ساقى خۇشاللىق بىلەن، — مەن سىلەرگە گۇۋاهچى بولاي.



ئۆيدىن بىرنى راسلايلى، مەن ئۆي خۇيلاشنىمۇ، تام ئاقارتىشنىمۇ بىلىمەن. ئۆينى چىرايلىقراق جابدۇيلى. ھازىر سىلەرنىڭ قولۇڭلار قىسقىراق، مەن ئاز - تولا پۇل بېرەي، توينى قىزىتىۋېتەيلى.

كوچىدا ھىلىھەم ئەلەم كۈرىشى بولۇۋاتاتتى، پات - پاتلا ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. خالىق ساقى ئائىلىسىنىڭ دەرۋازىسى تاقالغان بولۇپ، دەرۋازا ئىچىدە ئىنسان ھاياتىدىكى بىر ئېسىل كومېدىيە ئوينىلىۋاتاتتى، — شۇي ۋەنخۇا بىلەن ئۇنىڭ سۆيگەن قىزى توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

توي ئۇيغۇر، خەنزۇلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلدى. خالىق ساقى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر بۇرادەرلىرىنى تەكلىپ قىلدى؛ يىگىت بىلەن قىزنىڭ جان - جىگەر دوستلىرىمۇ خەۋپ - خەتەرگە قارىماي تويغا كەلدى، ھويلا ئارام كۈلكە - چاقچاقا، خۇشاللىققا تولغانىدى. شۇي ۋەنخۇا مېھمانلىرىنى خەنزۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە كۈتتى؛ خالىق ساقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە بىر قازان پولۇ ئېتىپ مېھمانلارنى كۈتتى. خالىق ساقى قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئالدىغا ئاتا ئورنىدا كېلىپ:

— مەن كىچىك ۋاقتىمدا ئاتام ئۆتكۈزگەن خەنزۇ ئىنىمغا ئات قويۇش تويىغا قاتناشقانىدىم، بۈگۈن ئۆز ئۆيۈمدە سىڭلىمنىڭ ئوغلى ئادىلنىڭ خەنزۇ ئاكىسىنىڭ تويىغا قاتنىشىۋاتىمەن. مەن ناھايىتى خۇشالمەن. بۈگۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئۇسسۇل ئويناش كېرەك، — دېدى.

— توغرا، ئۇسسۇل ئويناش كېرەك، — دەپ تۇۋلاشتى ئۇيغۇر مېھمانلار.

خالىق ساقى قولىغا داپنى ئالدى، شۇي ۋەنخۇا ئاكاردىيون چالدى، ئادىل راۋابنى چالدى ... ناخشا، ئۇسسۇل باشلاندى. ئاخىرى خالىقمۇ يېقىملىق مۇزىكىغا ئەگىشىپ لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. شۇ كېچە خالىق ساقى خۇشاللىقىدا زادىلا ئۇخلىيالمىدى.

بىتەلەي پەلەك ئاخىر قىلغۇلۇقىنى قىلدى، شۇي ۋەنخۇا سېزىلىپ قالدى، خەقلەر ئۇنى تۇتۇپ بۇرۇنقى ئىدارىسىگە ئېلىپ كەتتى. خالىق ساقى دائىم دېگۈدەك ئادىل ئارقىلىق شۇي ۋەنخۇانىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئىگىلەپ تۇردى. بىر كۈنى شۇي ۋەنخۇا ئايالى بىلەن بىللە خوشلاشقىلى خالىق ساقىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا تۆگە بېقىشقا چۈشۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتتى، خالىق ساقى ئېغىر سۈكۈتكە چۆكتى.

— سىز يالغۇز بارامسىز؟ — سورىدى ئۇ.

— ياق، ئايالىممۇ بارىدۇ، — دېدى شۇي ۋەنخۇا.

خالىق ساقى نەزەرىنى شۇي ۋەنخۇانىڭ ئايالىغا ئاغدۇردى ۋە:

— ئۇلار سىزنى زورلىيالمايتتى، — دېدى.

— زورلىمىدى، ئۆز ئىختىيارىم بىلەن بارماقچىمەن.

خالىق ساقى ئۇلارنىڭ قوللىرىنى مەھكەم قىستى ۋە:

— بوپتۇ بېرىڭلار، تۇرمۇش بىلەن كۆپرەك ئۇچراشقانمۇ ياخشى، — دېدى.

شۇي ۋەنخۇا بىلەن ئۇنىڭ ئايالىنىڭ قارىسى بارا -



بارا يىراقلاشتى، خالىق ساقىنىڭ كۆڭلىمۇ بارا - بارا ئېغىرلاشتى ...

## مۇشكۈلدە قالغان رەسسامنى قۇتقۇزۇۋېلىش

گويا تەقدىر ئىلاھى خالىق ساقىنىڭ پاك - يۈرەكىنى مەقسەتلىك سىناۋاتقاندەك، ئۇ يەنە بىر قېتىم ئاجايىپ قىسمەتكە يولۇقتى.

1975 - يىلى 11 - ئاي مەزگىلى ئىدى، ھەممە ياقنى ئاپئاق قار قاپلىغان بولۇپ، كوچىغا چىققانلارنىڭ كۆپچىلىكى قىشلىق كىيىملىرىنى كىيىشكەن، قېرىراقلار جۇۋىمۇ كىيىشكەنىدى.

كۆز باغلانغان چاغ بولۇپ، خالىق ساقى شىنجاڭ داشۆدىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بىر خىلۋەت تار كوچىغا كەلگەندە بىر توپ ئۇيغۇر بالىنىڭ خۇددى سويغان پىيازدەك يېلىڭ بىر خەنزۇ كىشىنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭغا تاش ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. خالىق ساقى يېقىن بېرىپ قارىۋىدى. گەرچە ھېلىقى خەنزۇنىڭ كىيىملىرى جۇل - جۇل بولسىمۇ، ئەمما تۇرقى ئۆزگىچە ئىدى. ئاچ - زارلىقتا قالغانلىقتىن بولسا كېرەك، پەقەت چىرايى سۇلغۇن، غەمكىن ئىدى. خالىق ساقىنىڭ كۆڭلىدىكى خەيرىخاھلىق گويا قىيانىدەك ئۆرلىدى - دە، بىرلا ۋارقىراپ بالىلارنى قوغلىۋېتىپ، ھېلىقى ئادەمدىن سورىدى:

— سىز نېمە ئىش قىلىسىز؟

— مەن بېيجىڭ خەلق داشۆسى ئاخبارات فاكۇلتېتىنىڭ رەسسام ئوقۇتقۇچىسى.

— پاھ! داشۆ ئوقۇتقۇچىسىكەنسىز - دە. ئۇنداقتا نېمە بولۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ قالدىڭىز؟

ھېلىقى خەنزۇ تۈگمەس دەرد - ئەلەملىرى باردەك گەپ قىلالمىدى. خالىق ساقى ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ باردى - دە، دەرھاللا چاي دەملەپ، ئالدىغا نان ئەپكەلدى. ھېلىقى خەنزۇ ھەقىقەتەن ئېچىرقاپ كەتكەنىدى، شۇڭا قىلچە تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرمايلا چايغا تۇتۇش قىلدى.

— مېنىڭ ئىسمىم جۇ ۋېيمىن، خەلق داشۆسىدە رەسسام دەرسى بېرەتتىم، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — 1957 - يىلى ئوڭچى قىلىندىم. ھازىر مەكتەپتىكىلەر بىر نەچچە تەرەپكە بۆلۈنۈپ، ئۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. مەن رەسسام سىزايمىكىن دەپ شىنجاڭغا كەلگەنىدىم.

— رەسسام سىزغىلى قولىڭىز بارامۇ؟ — دەپ سورىدى خالىق ساقى ھەيران بولۇپ. جۇ ۋېيمىن ئىرەنسىزلىك بىلەن كۈلۈپ جاۋاب بەردى:

— مەن پەرقەلەمنى زادىلا تاشلىمىدىم. چۈشتىن بۇرۇن كۆرەش قىلسا چۈشتىن كېيىن سىزدىم، چۈشتىن كېيىن كۆرەش قىلسا، چۈشتىن بۇرۇن سىزدىم. مەدەنىيەتنى كېرەك قىلمايدىغان سوتسىيالىزم يوق، دۆلىتىمىز بەربىر مەدەنىيەتنى مۇنداق دەپسەندە قىلىشقا يول قويمايدۇ.

خالىق ساقى جۇ ۋېيمىننىڭ گەپ سۆزىدىكى مەردانىلىقى، قىزغىنلىقى، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا بولغان ئۈمىد-



ۋارلىقىدىن زوقلاندى. ئىككەيلەن ئەمدىلا ئۇچرىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما خۇددى قەدىناسلاردەك سىرىدىشىپ كەتتى.

— سىز سىرتتا يۈرمەڭ، مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇڭ! — دېدى خالىق ساقى.

بۇ قانداق پەيت؟! «ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇشقا قايتۇرما زەربە بېرەيلى» دېگەن شوئار ھەممە يەرنى قاپلىغان، نوپۇس تەكشۈرۈش، پىتنە - ئىغۋانى سۈرۈشتە قىلىش قاتارلىقلار تۆپەيلىدىن ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلى پاراكەندە پەيتقۇ؟! مۇشۇنداق پەيتتە خالىق ساقىنىڭ ئۇنىڭغا دوستلارچە مۇئامىلە قىلىشى، ئۆيىدە تۇرغۇزماقچى بولۇشى نېمىدېگەن قىممەتلىك دوستانىلىق - ھە! بىر قانچە يىلدىن بۇيان جۇ ۋېيمىن ئىنسان تۇرمۇشىدىكى رىيازەتنىڭ بارىنى راسا چەكتى، ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۇنى تاشلىۋەتتى، بەزىلىرى يۈز ئۆرىدى ... ھالا بۈگۈنكى كۈندە بىر ئۇيغۇر ئۇنى قەدىردانلارچە كۈتۈۋاتاتتى. ھاياجانلانغان جۇ ۋېيمىننىڭ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش تولدى.

— مەن قېچىپ يۈرگەن ئوڭچى، — دېدى ئۇ، — سىز چېتىلىپ قېلىشتىن قورقماسىز؟

— ياق، قورقمايمەن، — دېدى خالىق ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن كۈلۈپ، — بىزنىڭ ئائىلىنىڭ مۇشۇنداق ئەنئەنىسى بار. مەن «ئوڭچى» دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلمەيمەن.

جۇ ۋېيمىن تەشەككۈر نەزىرىدە خالىق ساقىغا قاراپ،

ئېمە دېسە ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— سىز مۇشۇ ئۆيدە خاتىرجەم تۇرۇۋېرىڭ. بۇ كوچىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر، چاتاق چىقمايدۇ.

جۇ ۋېيمىن ئادەتتە ئېسىل مېھمانلار كەلگەندە ياتىدىغان كارىۋاتقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كەچتىمۇ بۇ ئىككەيلەن ھاياجان بىلەن ئۇزاققىچە سۆزلەشتى. خالىق ساقى چوڭقۇر مۇھەببەتكە تولغان سۆزلەر بىلەن ئىنىسى ئابدۇللا ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. بۇ ئەگرى - توقاي ۋەقە جۇ ۋېيمىننىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتتى.

جۇ ۋېيمىن خالىق ساقىلارنىڭ ئەھۋالىنىڭمۇ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى پەملەپ، كوچىغا چىقىپ باشقىلارنىڭ رەسىمىنى سىزىش ياكى ئۆي جابدۇقلىرىنى سىرلاپ بېرىش ئارقىلىق تۇرمۇشىنى قامدىماقچى بولىۋىدى، خالىق ساقىمۇ قوشۇلدى. ئەمما جۇ ۋېيمىننىڭ مەمەدانىسراق ئىكەنلىكى، ئاغزىنىڭ يۈگىنى يوقلۇقى، شۇڭا ئاسانلا چاتاق تېرىپ قويۇشى مۇمكىنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، مۇشۇلارغا ئىشلەپ بەرسەڭ بولىدۇ، دەپ بىر قىسىم تونۇشلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا خەنزۇلار ئارىسىغا بارماسلىقىنى تاپىلىدى. خالىق ساقى شۇندىمۇ يەنە خاتىرجەم بولالماي، جۇ ۋېيمىن ھەر قېتىم سىرتقا ماڭار چاغدا ئۆزىنىڭ ئېغىزىنى كۆرسىتىپ:

— بۇنىڭغا دىققەت قىلىڭ، — دەيتتى.

بىر كۈنى كەچتە خالىق ساقى جۇ ۋېيمىن بىلەن قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى، تۇساتتىنلا دەرۋازا قاتتىق ئۇرۇلدى.



— نوپۇس تەكشۈرىدىغانلار كەلدى! — دېدى خالىق ساقى. خالىق ساقىنىڭ ئاۋارىچىلىققا قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، جۇ ۋېيمىن تىت - تىت بولۇپ:

— قانداق قىلىمىز؟ — دېدى. خالىق ساقى دەرھاللا ئەقىل تاپتى - دە:

— دەرھاللا كارىۋاتقا چىقىپ يېتىڭ، مەن يوتقان بىلەن چۈمكەپ قوياي، — دېدى.

جۇ ۋېيمىن ئالاقزادە بولۇپ، كىيىملىرىنىمۇ سالمايلا كارىۋاتتا ياتتى. خالىق ساقى ئىككى يوتقاننى ئېلىپ ئۇنى چۈمكىدى ھەمدە جىيەن قىزىنى ئىشىكتە تۇرغۇزۇپ قويدى، ھەممە ئىشنى جاي - جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن دەرۋازىنى ئاچتى. دەرۋازا ئېچىلىشى بىلەن يەتتە سەككىز كىشى ھويلىغا باستۇرۇپ كىردى. ئۇلار ھەدېگەندىلا ئۇنى - بۇنى سورايتتى، ھەربىر ئىشىككە دوقۇراتتى. ئۇلار خالىق ساقى ياتىدىغان ئۆينىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە، ئىشىك تۈۋىدە قىز بالا تۇرغاچقا ئۇسسۇپلا كىرىشكە پېتىنالمىدى - دە، ئىزىدا توختاپ سورىدى:

— ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟

خالىق ساقى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— بۇ ئۆيدە مۇشۇ جىيەن قىزىم تۇرىدۇ، باشقا ئادەم يوق، — دېدى.

نوپۇس تەكشۈرگۈچىلەر چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تاسادىپىي پەيدا بولغان ساراسىمە تۈگىدى. جۇ ۋېيمىن يوتقان ئىچىدە قورقۇنچ بىلەن تەرلەپ، چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگەنىدى. خالىق ساقى تەمكىن ئىدى. بۇنىڭـ

دىكى سەۋەب جۇۋيىمىنىڭ كۆڭلىگە تەسكىن بېرىش ئىدى. ئۇ ئىشكاپتىن بىر بوتۇلكا ئاق هاراق ئېلىپ، لىققىدە بىر رومكا قۇيدى ـ دە:

— قېنى، كۆتۈرۈۋېتىڭ، — دېدى.

ئادەتتە ئاغزى بېسىلمايدىغان جۇۋيىمىن گەپ ـ سۆز قىلماستىن، هاراقنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە قوش قوللاپ ئالدى ـ دە، گۈپپىدە كۆتۈرۈۋېتىپ:

— يولداش خالىق، شەپقىتىڭىزگە رەھمەت! بىراق مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك بولماس، ئۇلار مېنى بەربىر بايقاپ قالىدۇ، — دېدى.

— بايقاپ قالسا نېمە بوپتۇ؟ بىز ئەكسىلئىنقىلابىي هەرىكەت قىلمىغاندىكىن، نېمىدىن قورقاتتۇق؟

— بىرەر ۋاقىتلىق ئىش تېپىپ بەرگەن بولسىڭىز، مەن سىرتتا تۇرسام، سىزگىمۇ، ماڭىمۇ ئەپلىك بولاتتى.

خالىق ساقى ئۇيان ـ بۇيان سۈرۈشتە قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىرى خەلق تىياتىرىنىڭ زور بىر مەنزىرە رەسسىم سىزدۇرماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ، جۇۋيىمىننى تونۇشتۇردى. خەلق تىياتىرىدىكىلەر ئۇنىڭغا ياتاق بېرىدىغان بولدى. ئەمما جۇۋيىمىن قېچىپ چىققان بولغاچقا يوتقان ـ كۆرپىسى يوق ئىدى. مۇشۇنداق زىمىستاندا، نۆلدىن تۆۋەن 27 — 28 گرادۇسلۇق سوغۇق كۈنلەردە ئۇ قانداق ياشىشى كېرەك؟ خالىق ساقى ئۇنىڭغا تېرە كۆرپە، ياستۇقلارنى بەردى ۋە شىكلى قىلىپ تېگىپ، خەلق تىياتىرىغا ئاپىرىپ قويدى.

جۇۋيىمىن بىر كۈنى ئەتىگەندە بىر گېزىتنى



تۇتقان هالدا ئەلەڭ ـ سەلەڭ كىرىپ كەلدى ـ دە، گەپ سۆزمۇ قىلماستىن، بېشىنى شىرەگە قويۇپلا يىغلاپ كەتتى. خالىق ساقى ئۇنىڭ قېشىغا بېرىۋىدى، ئۇ گېزىتنى خالىق ساقىغا ئىتتىرىپ بېرىپ:

— جۇ... جۇزۇڭلى ۋاپات بوپتۇ! — دېدى.

خۇددى ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چېقىلىغاندەك خەۋەرنى ئاڭلاپ، خالىق ساقىنىڭ كۆز ئالدىدا ئاسمان ـ زېمىن چۆگىلەپ، بېشى قېيىپ كەتتى، كۆز چاناقلىرىغا ياش تولدى. بۇلار ئادەتتىكى ياش تامچىلىرى ئەمەس ئىدى. هەربىر تامچە ياش ئۇلارنىڭ پاك قەلبىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، پارتىيىگە بولغان چىن ساداقىتىدىن يۇغۇرۇلغان مەرۋايىت ئىدى. ئەمما ئۇلار «ئەكسىلئىنقىلابچى» قىلىپ قويۇلغانىدى...

جۇۋيىمىن بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، مۇشتۇمىنى مەھكەم تۈگۈپ:

— جياڭ چىڭ، جياڭ چۈنچياۋ قاتارلىق ئابلەخلەرنى قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىش كېرەك... — دېدى.

خالىق ساقى دەرھاللا سۆزلىمە دېگەندەك قول ئىشارىتى قىلدى ۋە:

— بۇ سۆزلىرىڭ خەتەرلىك، — دېدى.

— قورقمايمەن!

— بىھۇدە قۇربان بېرىشكە بولمايدۇ، پەخەس بولغان تۈزۈك.

بىرنەچچە كۈنلەر ئۆتۈپ، بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن جۇۋيىمىن ئالاقزادىلىك بىلەن يېتىپ كەلدى ـ دە،

خالىق ساقىغا ئۆزىنىڭ كەينىگە پايلاقچى چۈشكەنلىكىنى ئېيتتى.

خالىق ساقى جۇ ۋېيمىننىڭ بىرنەچچە كۈنلەردىن بۇيان ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك غەزەپلىنىپلا يۈرۈشتىن بىرەر پىشكەللىكنىڭ بولۇشىنى پەملىگەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ كاللىسىغا مۇنداق ئەقىل كەلدى:

— مۇنداق بولسۇن، مېنىڭ قەشقەردە بىر قىزىم بار. مەن خەت يېزىپ بېرەي، سىز شۇ يەرگە بېرىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇڭ.

ئەھۋال جىددىي ئىدى، جۇ ۋېيمىن بۇنىڭدىن باشقا چارىمۇ تاپالمايتتى. ئايرىلار چاغدا ئۇ:

— يولداش خالىق. گەرچە بىز ئۇرۇق - تۇغقان بولمىساقمۇ، سىز ماڭا بىر قورساقتىن چىققان قېرىنداشتىن چارە شەپقەت قىلدىڭىز. شۇنداق كۈنلەر كېلىپ، مەسىلەم ھەل بولغاندا سىز بېيجىڭغا بېرىڭ، مەن جەزمەن... — دېدى.

— ئۇنداق دېمەڭ، بىز ھەممىمىز جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرى، ئەسلىدىنلا قېرىنداش.

— قارا بۇلۇت چوقۇم تارقايدۇ، ئەكسىلئىنقىلابچى دېگەن قالپىقىم چوقۇم ئېلىپ تاشلىنىدۇ. بىز جەزمەن كۆرۈشىمىز.

جۇ ۋېيمىن ئالدىراپلا يولغا چىقتى. ئەنە شۇ پاراكەندە يىللاردا، خالىق ساقى بىرەر چاتاققا يولۇقۇپ قالدىمىكىن، دەپ جۇ ۋېيمىندىن ئەنسىرەپلا يۈردى.



پەقەت قىزىدىن خەت كېلىپ، ئۇنىڭ ئامانلىقىنى ئۇققاندىلا كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى.

## ۋىسال شادلىقى

چاقماق چاقتى، قۇياش نۇرى قاتمۇ قات بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ مەقەددەس ئانا دىيارنى يورۇتتى. تۆت كىشىلىك گۇرۇھ تارمار قىلىندى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن جۇ ۋېيمىن دەرۋازىدىن خۇشال كىرىپ كەلدى. بۇ ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىن كېلىشى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى خالىق ساقىنىڭ باغرىغا ئاتتى:

— خالىق ئاكا، كۈتكەن كۈنلىرىمىز كەلدى! مەن دەرھاللا بېيجىڭغا قايتىمەن. نامسىز گۇناھلىرىمدىن ئاقلىنىپ چوڭراق ئىش قىلىمەن!

جۇ ۋېيمىن قەشقەردە سىزغان رەسىملىرىنى خالىق ساقىغا بىر - بىرلەپ كۆرسەتتى. ئۇلار ئارىسىدا خالىق ساقىغا تونۇشلۇق ھېيتگاھ مەسچىتى، ئاپئاق خوجا مازىرى، ئاۋات بازار... بار ئىدى. رەسىملەر چىرايلىق سىزىلغان بولۇپ، بىرلەشتۈرۈلسە گۈزەل قەشقەرنىڭ جامالىنى تولۇق نامايان قىلاتتى. خالىق ساقى رەسىملەرنى ماختاپ، جۇ ۋېيمىننىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ:

— بېيجىڭدا ئائىلىڭىزدىكىلەر بىلەن جەم بولۇشىڭىزنى تىلەيمەن! — دېدى.

جۇ ۋېيمىننىڭ كۆڭلى لەرزىدە بولۇپ، بېشىنى

ئەگدى. ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېتىپ:

— بالا - چاقىلىرىم توزۇپ كەتكەن، — دېدى.

— ھەي!... — خالىق ساقى ئاخىرىنى سورىمىدى.

ئۇ جۇ ۋېيمىننىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلماسلىقنى كۆزلىدى. ئۇ ئۆيىدىكى ماگنىتوننى ماڭغۇزۇپ، «ئازاد زامان» ناخشىسىنى قويۇپ، پاشانىڭ يېقىملىق لىئۇەن ئاۋازى خالىق ساقىنىڭ كۆڭلىدىكى غەمكىنلىكنىڭ ساداسىنى يورۇتۇپ، ئۆي ئىچىدىكى كەيپىيات بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى.

— خالىق ئاكا، دۆلىتىمىزلا كەڭ - داغدام، باياشاتلىق يولغا قاراپ ماڭالىسىلا، بىزنىڭ تارتقان ئاز تولا جاپايىمىز، زىيىنىمىزنىڭ كارايىتى چاغلىق. ئۆتكەنگە سالاۋات. خۇشال پەدىگە چېلىڭ، بىز پارلاق كەلگۈسىنى كۈتۈۋالايلى.

جۇ ۋېيمىن بېيجىڭغا مېڭىشىنىڭ ئالدىدا خالىق ساقىنىڭ رەسىمىنى سىزدى. خالىق ساقى رەسىمىنى كۆرۈپ:

— مەن بۇنچىۋالا ياش ۋەخۇشال بولمىغانىدىم، — دېدى.

— رەسىمدە سىزبىلغىنى سىزنىڭ جىسمىڭىز، ئەمما ئۇنىڭدىكى روھ ئەتىڭىز. مەسىلىڭىز ھەل بولغان كۈنى سىزمۇ جەزمەن ياشىرىپ كېتىسىز، شادلىققا چۆمىسىز.

ئايرىلار چاغدا جۇ ۋېيمىن خالىق ساقىغا:

— ئەمدى چېتىلىپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەش بىھاجەت، ئىنىڭىز ئابدۇللاغا خەت يېزىڭ، — دېدى.

خالىق ساقى تولۇپ تاشقان سېغىنىش ئىچىدە



ئابدۇللاغا خەت يازدى:

«قەدىرلىك ئىنىم ئابدۇللا:

سېنىڭ بېيجىڭ كىنو ستۇدىيىسى مۇزىكا ئۆمىكىدە ئىشلەۋاتقانلىقىڭنى ئۇققاندىن كېيىن، ساڭا بولغان سېغىنىشىم تېخىمۇ كۈچەيدى. ئەمما مەن ساڭا پېشكەللىك كەلتۈرمەي دەپ ساڭا خەت يازمىغانىدىم. ئەمدى بۇ ئاپەتلىك كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى، ئاكا - ئۇكا ئىككىمىز خەت يېزىشساق بولىدىغان ۋاقىت كەلدى. مەن شۇتاپتا كۆڭلۈمدىكى شادلىقنى قانداقمۇ بېسىۋالاي؟...»

خەت پوچتىغا سېلىندى، بىر كۈن، ئىككى كۈن... سەككىز ئاي ئۆتۈپ كەتتى، جاۋاب كەلمىدى، خالىق ساقىنىڭ يۈرىكىنى سېغىنىش ئوتى كۆيدۈرەتتى.

باش ياز ئايلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى. ئالەم جىمجىت ۋە ئاجايىپ گۈزەل ئىدى. لىۋەن شامال كەچكى شەپەق نۇرىغا چۆمگەن دەل - دەرەخلەرنى لەرزان تەۋرىتەتتى، ياپراقلار يېقىملىق شىلدىرلايتتى. پەردىزاتتەك ئىككى ئۇيغۇر قىز خالىق ساقىنىڭ دەرۋازىسىنى چەكتى.

— سىلەرنىڭ بېيجىڭدا تۇغقىنىڭلار بارمىدى؟

ئىشىكنى ئېچىۋاتقان خالىق ساقى ئالدىراپلا:

— بار، بار، بار ئىدى. سىلەرنىڭ نېمە ئىشىڭلار بار؟ — دېدى.

بۇ ئىككى قىز «سالماكا» دېگەن كىنو فىلىمىنى ئىشلەش گۇرۇپپىسىدىكى ئارتىس بولۇپ، ئۇلار ئۆز يۇرتىغا دەم ئېلىشقا كەلگەنىدى. ئۇلار يەن فېينىڭ

سالام خېتىنى ئالغاچ كەلگەنىدى.

ئەسلى، خالىق ساقى خەت ئەۋەتكەن كۈنلەردە، يەن فېي بېيجىڭ كىنو ستۇدىيىسى «سالماكا» فىلىمىنى ئىشلەش گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن بىللە گەنسۇنىڭ جاڭيېي ۋىلايىتىگە تاشقى كۆرۈنۈشىنى سۈرەتكە ئېلىشقا كەلگەنىدى. خالىق ساقىنىڭ خېتى ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ قولىغا تەگكەنىدى.

خالىق ساقى ئائىلىسىدىكىلەر جەم بولدى. ئۇ ئەمدىلا «قەدىرلىك خالىق ئاكا» دېگەن جۈملىنى ئوقۇشى بىلەنلا ھەممەيلەن يىغلاپ كەتتى. خەت ئېلىپ كەلگەن ئىككى قىزمۇ يىغلاپ، كۆزلىرى قىزاردى. يەن فېي خەتتە مۇنۇلارنى يازغانىدى:

«قەدىرلىك ئاكا، دادامنىڭ 1937 - يىلى بىزنى باشقا يەرگە ئاپىرىپ قويغانلىقى يادىڭىزدىمۇ؟ شۇ كۈنى بىز ئۈچەيلەن بىر ئاتقا مىنگەنىدۇق. دادام سىڭلىمنى باغرىغا چىڭ باسقانىدى، مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇراتتىم، ئۇنىڭ بېلىگە مەھكەم ئېسىلىۋالغانىدىم. بىز ماڭار چاغدا، ئانام بوسۇغىدا قار - يامغۇر يىغلاپ قېپقالغانىدى.

......

شۇ چاغدا بۇ ئىش كاللامدىن زادىلا ئۆتمىدى. بىزگە شۇنداق ئامراق دادىمىز نېمە ئۈچۈن بىزدىن ۋاز كېچىدۇ؟ دادىمىزنىڭ بىزنى بېقىۋالغانلىقى ئۈچۈن «خەنزۇ پەرەس» دېگەن گۇناھ بىلەن يىگىرمە يىل تۈرمىدە ياتقانلىقى



ئېسىمدە ئىدى. شۇنداق دادامنىڭ بىزدىن ۋاز كېچىشكە يۈرىكى قانداق چىدىغاندۇ؟

كېيىن چۈشەندىمكى، دادام بىزنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، بىزنى جاپادا قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، لىۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ شۇنداق قىلغان، بىزنى باشقا يەرگە ئاپىرىپ قويغانىكەن.

......

قەدىرلىك ئاكا، بىز گەرچە ئىككى مىللەتتىن بولساقمۇ بىر ئائىلە كىشىسى؛ بىر قورساقتىن چىقمىغان بولساقمۇ، ئەمما قېرىنداشتىن يېقىن؛ مېنى تاپقانلار خەنزۇ ئاتا - ئانام بولسىمۇ، بېقىپ چوڭ قىلغىنى ساقى دادام ۋە رابىيخان ئانام. مېنى تاپقان ئاتا - ئانامنىڭ ھازىر مەندە قىلچە تەسىرى يوق. ئەمما ساقى دادام بىلەن رابىيخان ئانامنى ئەبەدىل ئەبەد ئۇنۇتمايمەن. قەدىرلىك ئاكا، بىز ئايرىلغىلى قىرىق نەچچە يىل بولدى، مەنمۇ سىزنى ئىزدەپلا يۈردۈم! ساڭا دەيدىغان گەپلىرىم تولا! ئەگەر كۆرۈشسەك، كېچە - كۈندۈز دېيىشسەكمۇ گەپلىرىمىز تۈگىمەيدۇ. مەن ۋىسال كۈنىنى تۆت كۆز بولۇپ كۈتمەكتىمەن!»

ئىككى ئۇيغۇر قىز يەن فېينىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. خالىق ساقى ئائىلىسىدىكىلەر يەن فېينىڭ مەملىكەت بويىچە داڭلىق مۇزىكانت بولۇپ قالغانلىقى، ئاتمىش نەچچە فىلىمنىڭ مۇزىكىسىنى ئىشلىگەنلىكىنى بىلدى.

«يېڭى شىزاڭغا مەدھىيە»، گۈگشىپ — سولماس قارىغاي»، «قەد كۆتۈرگەن نۇگنۇ ئېيتىدۇ ناخشا» قاتارلىق ناخشىلار شىنجاڭ خەلقىگە تونۇشلۇق بولسىمۇ، ئەمما خالىق ساقى بۇلارنىڭ مۇزىكىسىنى ئۆزى كېچە - كۈندۈز سېغىنىپ كېلىۋاتقان ئىنىسى ئابدۇللانىڭ ئىشلىگەنلىكىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. خالىق ساقى ھېلىقى ئىككى قىزدىن يەن ھېي مۇزىكىسىنى ئىشلىگەن ناخشىلاردىن ئوقۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى. ئىككى قىز ئېيتتى:

ئاپئاق قارلىق تاغ
نۇردا يۇيۇلغان...

لېۋەن ناخشا داداسى ھەممىيلەننى مەپتۇن قىلدى، كىمدۇر بىرىنىڭ «قېنى، ئوينايلى» دېيىشى بىلەن تەڭ داپنىڭ ئاۋازىغا جور بولۇپ كىملەردۇر لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى.

شۇ يىلى قۇربان ھېيتتا خالىق ساقى ناھايىتى خۇشال ئىدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ قالپىقىدىن قورقۇپ، نۇرغۇنلار ئۇنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم باسمىغانىدى. ئۇ بەلكىم بۇ يىل پېشقەدەم باشلىقلىرىم، كونا ساۋاقداشلىرىم، قەدىناس دوستلىرىم پەتىلەپ كېلەر، دەپ ئويلىدى. بىرنەچچە كۈنلەردىن ئىلگىرىلا ئۆيىدىكىلەر ساڭزا سېلىپ، پېچىنە - پىرەنىكلەرنى پىشۇرۇپ، تەييارلىقنى پۇختۇرۇپ قويغانىدى. ھېيت كۈنلىرى بۇ بىر توپ پەتىلەپ ئۆزىسا، ئۇ بىر توپ پەتىلەپ كىردى. ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈل-



مىدى، مېھماندوست خالىق ساقى ئۇلارنى كۈتۈپ ھارمىدى. چۈشتىن كېيىن قىممەتلىك مېھمان شۇي ۋەنخۇا كەلدى.

شۇي ۋەنخۇا خۇشاللىق بىلەن ئۆزىنىڭ شىنجاڭ سىفەن شۆيۈەنگە ئوقۇتقۇچىلىققا يۆتكەلگەنلىكىنى، يولدىشىنىڭمۇ ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— جاپالىق كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى سىلەر بەختلىك بولدۇڭلار، مەنمۇ بەختلىك بولدۇم، — دېدى خالىق ساقى.

جۇ ۋېيمىن توغرىسىدا سورالغان سوئالغا خالىق ساقى يېقىندا ئۇنىڭ بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن رەسىملەر كۆرگەزمىسىنىڭ باغىقىنى تاپشۇرۇۋالدىم، گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى «جۇ ۋېيمىن ماي بوياق رەسىملىرى» دېگەن توپلامنى نەشر قىلىپتۇ، ئۇنىڭغا — يولداش جياڭ فىن كىرىش سۆز يېزىپتۇ، مەن مۇشۇ كىرىش سۆزگە قاراپ جۇ ۋېيمىننىڭ نەتىجىسى زور رەسسام ئىكەنلىكىنى بىلدىم دەپ جاۋاب بەردى.

— سىلەرنىڭ ئائىلە قوغداپ قالغان مۇشۇ بىرنەچچە خەنزۇنىڭ ھەممىسى تېپىلماس ئىقتىدارلىقلار ئىكەن، — دېدى شۇي ۋەنخۇا، — ئاڭلىسام سىز يېقىندا بىر گۇرۇپپىغا يېتەكچىلىك قىلىپ يىگىرمە تۆت تارىختىكى غەربىي دىيارغا تەئەللۇق قىسىملارنى تەرجىمە قىلىۋېتىپسىز، شۇنداقمۇ؟ بۇمۇ بىر كاتتا خىزمەت!

## شىنجاڭغا قايتا قايتىش

1982 - يىل 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى، بىر كۈنى خالىق ساقى ئائىلىسىدىكى ھەممەيلەن ئۈرۈمچى پويىز ئىستانسىسىدا تەقەززالىق بىلەن يەن فېينى كۈتمەكتە ئىدى. ئۇ تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن «رەنانىڭ تويى» ناملىق فىلىمنىڭ مۇزىكىسىنى ئىشلىگىلى كەلگەنىدى. ئايرىلغىنىغا قىرىق نەچچە يىل بولغان بۇ بىر جۈپ ئاكا - ئۇكا بۈگۈن ئۈرۈمچىدە جەم بولاتتى. پويىز ئاستا ئىستانسىغا كىرىپ كەلدى. خالىق ساقىنىڭ يۈرىكى جىددىي سوقۇشقا باشلىدى، بىر ئائىلە كىشىلىرى پويىزغا ئەگىشىپ ئالغا يۈگۈردى. پويىز توختاپ يۇمشاق ئورۇندۇقلۇق ۋاگوندىن قويۇق قاشلىق، چوڭ كۆزلۈك، كەڭ يەلكىلىك، توم بەللىك بىرەيلەن چۈشتى. خالىق ساقى بىر نەچچە قەدەم ئالغا يۈگۈردى - دە، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى، ئىككىيلەن مەھكەم قۇچاقلاشتى. نۇرغۇن مۇخبىر فوتو ئاپپاراتىنىڭ كونۇپكىسىنى باستى. بىر توپ تۇغقانىنىڭ ئىچىدىن كېلىشكەن يىگىتنى تونۇۋالغان يەن فېي:

— بۇ سىڭلىم ھاۋاخاننىڭ ئوغلىمۇ؟ — دېدى، ھېلىقى يىگىت ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە:

— تاغا، مەن ھاۋاخاننىڭ ئوغلى، ئىسمىم ئادىل، — دېدى. يەن فېي ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم قىستى.

— ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مەن ئاناڭنى زادىلا



ئۇنتۇپ قالمىدىم، — دېدى يەن فېي، شۇ چاغدا بىرەيلەن:

— يولداش يەن فېي، سىز قەيەردە تۇرىسىز؟ — دەپ سورىۋىدى، خالىق ساقى دەرھاللا:

— ئۆيدە! — دېدى.

— توغرا، ئۆيدە! — دېدى يەن فېيمۇ.

بىر ئاپتوموبىل خالىق ساقىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ھويلا - ئارام ئاپئاق ئاقارتىلغان، بىرى يەن فېي ئۈچۈن راسلاپ قويۇلغانىدى، ئۆينىڭ ھەممە نەرسىسى يېڭى ئىدى. يۇمىلاق شىرەگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەكلىكلىرى تىزىۋېتىلگەنىدى. ئۆيگە مۇخبىرلار تولغانىدى. كەچ كىرگەندىلا ئادەملەر سېيىلىكتى، قورۇ خېلى جىمىدى، ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەننىڭ بىر - بىرىگە نۇرغۇن گەپلىرى بار ئىدى. ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭلىقلارنىڭ ئادىتى بويىچە، كارىۋاتنى قورۇنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، ئوچۇقچىلىقتا ياتتى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بۇ ئاكا - ئۇكىنىڭ يۈرەك سۆزلىرىگە، يات - يات كۆتۈرۈلگەن كۈلكىسىگە قۇلاق سالاتتى. تاڭ ئاتقاندا خالىق ساقى:

— سەن ئۇخلىۋالماي ياتقىن، مەن ساڭا بىر نەرسە ئوقۇپ بېرەي، — دېدى.

خالىق ساقى باشماق بىلەنلا ئۆيگە كىرىپ بىر تۇتام قەغەزنى ئېلىپ چىقتى ۋە:

— بۇ مېنىڭ پارتىيىگە كىرىش ئۈچۈن يازغان ئىلتىماسىم، ئوقۇپ بېرەي، ئاڭلاپ باققىن، — دېدى.

خالىق ساقى ئالدىرىماي ئوقۇدى. ھەربىر جۈملىدە

كوممۇنىزمغا بولغان ئېتىقاد، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى،
ۋەتەن بىرلىكىنى قوغدايدىغان ئىرادە چاقناپ تۇراتتى.
يەن فېي سەل ھەيران قالدى. بىرنەچچە يىللىق ئەگرى-
توقاي ھايات يولى خالىق ئاكىسىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش
ئىرادىسىنى قىلچە تەۋرىتەلمىگەنىدى، ئۇنىڭ يۈرىكى ئەينى
يىللاردىكىدەكلا يالقۇنلۇق ئىدى، يەن فېي ئاكىسىنىڭ قو-
لىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئاكا، سەن ھەقىقەتەن ياخشى ئادەمكەنسەن،
ئاخشامدىن تاكى ھازىرغىچە قىلغان سۆزۈڭ ئىچىدىن بىرەر
ئېغىزمۇ ئاغرىنىشنى ئاڭلىمىدىم، بىرەر كىشىدىن خاپا بول-
غىنىڭنىمۇ ئاڭلىمىدىم، بۇ راستىنلا ئاسان گەپ ئەمەس،—
دېدى.

— بىر نەچچە ئون يىلدىن بېرى ھەممىيلەن تۇر-
مۇشنى ئۆگەندۇق، ھەممىيلەن توغرا يەكۈن چىقىرىدۇ،
ئاغرىنىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟— دېدى خالىق ساقى.

يەن فېي ئەتىگەندىلا باشقىلارنىڭ توسقىنىغا قارىماي
كورلىدىكى پاتەمخان يەڭگىسىنى يوقلىغىلى يۈرۈپ كەتتى،
يولنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى يەن فېينى ھاياجانلاندۇردى.
ئانا يۇرتنىڭ قارلىق تاغلىرى، چۆل-باياۋانلىرى، ئوت-
لاق-يايلاقلىرى يىراقلاردا مۇساپىر بولۇپ قايتىپ
كەلگەن بالىسىغا ئەسسالام، دەپ قول پۇلاڭلىتاتتى، ئۆت-
مۈشتىكى ۋەيرانىلىق، كەمبەغەللىك، غېرىبلىقتىن ئەسەر
قالمىغانىدى. ھەممە ياقتا گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى
جەۋلان قىلاتتى. ھەيۋەتلىك بىنالار، زاۋۇتلار، ئېرىق-
ئۆستەڭلەر، سالا ئېتىزلار، ئورمانلىقلار... يەن فېينى مەھ-



لىيا قىلدى.

ئاپتوموبىل پاتەمخان يەڭگە ئولتۇرۇشلۇق مەھەللىگە
يېقىنلاشقاندا، يەن فېي ئاپتوموبىلنى توختاتتى ۋە ئۇنىڭ-
دىن چۈشۈپ پاتەمخان يەڭگەمنىڭ ئالدىغا پىيادە مېڭىپ
باراي، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ بىر ئۆستەڭنى بويلاپ ئالغا
ماڭدى. ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرىدە پاتەمخان يەڭگىنىڭ
قىلغان ياخشىلىقلىرى يەن فېينىڭ كۆز ئالدىدا ئايان
بولدى.

ئۇ ئۆتمۈشنى ئەسلىدى، بۈگۈنكى ھۆزۈر-ھالاۋەتنىڭ
قەدرىنى چۈشەندى. تۇرمۇش گۈزەل ۋە شېرىن ئىدى.

ئۇ بىر ئىشىك ئالدىغا كەلدى. ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا
بىر ياشانغان ئايال ئولتۇراتتى. يەن فېي قەدىمىنى توخ-
تىتىپ ئۇنىڭغا نەزەر سالدى ۋە ئۇنىڭ ئاشۇ مېھرىبان
يەڭگىسى ئىكەنلىكىنى تونىدى. ئۇ مۆكچەيگەن، چاچلىرى
ئاقارغان، يۈزىگە چوڭقۇر قورۇقلار چۈشكەنىدى. يەن
فېي ئۇنى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى سېغىنىپ كەلدى. ئەم-
دىلىكتە ئۇ كۆز ئالدىدا تۇرۇپتۇ. يەن فېي ھاياجانلاندى،
نەپەسلىرى جىددىيلەشتى، چوڭ قەدەملەر بىلەن ئۇنىڭ
يېنىغا كەلدى ۋە:

— ئاچا!— دەپ توۋلىدى. موماي سەل تەئەججۈپ-
لەندى ۋە شۇ ئانلا:

— ئابدۇللا، ئابدۇللا!— دەپ توۋلىۋەتتى. ئۇ ئور-
نىدىن دەلدۈگىنىپرەك تۇرۇپ، يەن فېينىڭ قولىنى مەھكەم
تۇتتى. ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، سۇپىنىڭ لېۋىگە
ئولتۇرغۇزدى. ئۆزى بىر كىچىك ئورۇندۇقنى ئەپكىلىپ،

يەن فېينىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇردى - دە، ئۇنىڭغا تازا زەن سېلىپ قارىدى. خېلى ئۇزۇن قارىغاندىن كېيىن پاتەمخان يەڭگە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. يەن فېي ئۇنىڭ يىغلىغانلىقىنى پەملىدى.

بىر ئازدىن كېيىن پاتەمخان يەڭگە كىردى. ئۇياش يۇقىلىرىنى پاكىز سۈرتكەنىدى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئابدۇللا، كېلىشىڭنى زادىلا ئويلىمىغانىدىم، — دېدى،

— يەڭگە، مېنى كۆرۈپلا تونۇۋالدىڭىزغۇ؟

— مەن سېنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىڭنى ئۆمۈرۋايەت تونۇيمەن.

پاتەمخان يەڭگە چاي، داستىخان تەييارلىدى:

— يېگىن، بۇ ناننى ئۆزۈم ياققان، — دېدى. يەن فېي ناننى چوڭ - چوڭ قاساپ يېدى. پاتەمخان كۈلۈپ:

— كىچىك چېغىڭدىكىدەكلا يېدىڭ! — دېدى.

7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئۈرۈمچى غالىبىيەت كوچىسى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدى، ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان بۇ كوچىغا بىردىنلا نۇرغۇن يېڭى ئاپتوموبىل كەلدى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ، 2 - شۇجىسى گوجىنشىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىمىنوۋ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى فۇۋېن قاتارلىقلار خالىق ۋە يەن



فېينى يوقلاپ كەلگەنىدى. ئۇلار قەدەھ كۆتۈرۈشۈپ بىر - بىرىنى مۇبارەكلەشتى. يولداش ۋاڭ ئېنماۋ مۇنداق دېدى: «يولداش خالىق ۋە يولداش يەن فېي، سىلەرنىڭ جەم بولغانلىقىڭلارنى تەبرىكلەيمەن! سىلەر ئىككىڭلارنىڭ كەچۈرمىشى — مىللىي ئىتتىپاقلىقنىڭ سىمۋولى. بۇ ئىتتىپاقلىق سىناقلاردىن ئۆتكەن، تاۋلانغان، ئەمدىلىكتە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بوران - چاپقۇنلاردىمۇ بۇزۇلمايدىغان بولدى. مەن بۇنداق ئىتتىپاقلىقنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە مۇستەھكەملىنىشى، راۋاجلىنىشىنى تىلەيمەن!»

(«ھازىرقى زامان» ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىلى 1 - سانىدىن ئېلىندى)

مەخمۇت ئىسلام تەرجىمىسى

# ماۋزېدۇڭ ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى

ياڭ چيەن، ۋاڭ شاۋۋېي

گومىنداڭ سۈيىيۈەن ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى دۇڭ چىۋۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىن، چېگرا رايوندا يەككە - يېگانە قالغان گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 -، 26 - كۈنلىرى ئىلگىرى - ئاخىرى پۈتۈن مەملىكەتكە تېلېگرامما يوللاپ، گۇاڭجۇ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن ئايرىلىپ، خەلق دېموكراتىيە سېپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشنىڭ تۇنجى قەدىمى تاشلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، رەئىس ماۋزېدۇڭ ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ قوماندانلىقىدا، يۈي مىنگۈەنگە يېغىلغان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى غەربكە يۈرۈش قىلىپ، توختىماي ئىلگىرىلەپ، 1950 - يىلى 1 - ئايدا، ئۆزلىرى ئورۇنلىشىدىغان جايلارغا يېتىپ بېرىپ، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا لەپىلدەتتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭنىڭ 1 مىليون 650



مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان كەڭ زېمىنى ۋە 4 مىليوندىن ئوشۇق ھەر مىللەت قېرىنداشلار يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى.

شىنجاڭ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىگە، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان، مىللىي مۇناسىۋەت مۇرەككەپ، ستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم. ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى جاھانگىرلارنىڭ ئېزىشىگە ۋە فېئوداللارنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچراپ كەلدى. مۇشۇ ئەسىرگە كىرگەندىن بۇيان مىلىتارىستلار يېغىلىقى كۆپەيدى، ھەممە يەردە قان تۆكۈلۈپ، خەلق كۈن كەچۈرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. 1943-يىلى گومىنداڭ كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشى ھەرمىللەت خەلقىنى داۋالغۇلۇق سىياسىي ۋەزىيەتكە، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ خارابلىشىشىغا، خەلق تۇرمۇشىنىڭ كۈندىن - كۈنگە تۆۋەنلىشىشىگە ئېلىپ كەلدى. بۇ چاغدا ھەرمىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى، ماۋجۇشى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا يالدۇرراق كېلىپ ئۆزلىرىنى فېئوداللىق ئاسارەتتىن قۇتقۇزۇپ، گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى ھاياتقا يېتەكلىشىگە تەقەززا ئىدى.

رەئىس ماۋزېدۇڭ سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچى-سىرتىدىكى مىليونلىغان ئەزىمەت جەڭچىلەرگە قوماندانلىق قىلىپ، خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىنىماي ئەجىر قىلىۋاتقان ئالدىراش چاغلىرىدىمۇ، شىنجاڭغا ھەر ۋاقىت كۆڭۈل بۆلۈپ تۇردى.

شىنجاڭنىڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىدىكى چىگىش، مۇرەككەپ داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، رەئىس ماۋزېدۇڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى چوڭقۇر، كونكرېت ئىگىلەپ ۋە تەھلىل قىلىپ، ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىنى ئىلمىي يوسۇندا مۆلچەرلەش، ھەرىكەت قىلىش ۋاقتىنى توغرا تاللاش ئاساسىدا، شىنجاڭنى ئازاد قىلىشنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى سەرەمجانلاشتۇردى ۋە فاڭجېننى بېكىتتى. شىنجاڭنى ئازاد قىلىشنىڭ ستراتېگىيىلىك پىلانىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا، رەئىس ماۋزېدۇڭ تارىخىي تەشەببۇسكارلىق ۋە ئىجادكارلىق روھى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرغان ۋەزىيەتنىڭ يۆنىلىشىنى توغرا ئىگىلەپ، تاكتىكىنى ۋەزىيەتكە قاراپ تەڭشەش بىلەن ئاخىرى تىنچ يول ئارقىلىق شىنجاڭنى ئازاد قىلىشنى غەلىبىلىك ئەمەلگە ئاشۇردى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ بۈيۈك بۇرۇلۇشى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئورۇنلاندى.

## (1)

شىنجاڭنى ئازاد قىلىشنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە فاڭجېنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭ تەرىپىدىن بىۋاسىتە بېكىتىلگەن. 1949 - يىلى 3 - ئايدا، رەئىس ماۋزېدۇڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 7 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا بەرگەن



دوكلاتىدا: «لياۋشېن، خۇەيخەي، پىڭجىڭدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئۇرۇشتىن كېيىن، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئاساسلىق كۈچى يوقىتىلدى، گومىنداڭنىڭ ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملىرىدىن ئاران 1 مىليوندىن كۆپرەك ئادىمى قالدى، ئۇلار شىنجاڭ، تەيۋەنگە بارىدىغان كەڭ رايونلارغا ھەم ئۇزۇن كەتكەن فرونتلارغا تارقالغان، بۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭنىڭ بۇ بىر مىليوندىن كۆپرەك ئارمىيىسىنى يوقىتىش ئۇسۇلى تيەنجىن، بېيپىڭ، سۈييۈەنلەردە قوللىنىلغان ئۇسۇلدىن پەرقلەنمەيدۇ» دەپ كۆرسەتتى. ① ئۇ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئەھۋالغا قاراپ ئۈچ خىل ئۇسۇلدىن جانلىق پايدىلىنىپ دۈشمەننى يوقىتىشنى تەلەپ قىلدى، ھەمدە نۆۋەتتە ئۇرۇش ئارقىلىق دۈشمەننى يوقىتىش «يەنىلا بىز ھەممىدىن بۇرۇن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ۋە تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشقا تېگىشلىك ئىش» دەپ تەكىتلىدى. ② يىغىن مەزگىلىدە، رەئىس ماۋزېدۇڭ ۋە مەركىزىي كومىتېتتىكى باشقا رەھبەرلەر بىڭتۇەننىڭ سىلىڭيۈەنى قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارى يولداش ۋاڭ جېننى قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا سەمىمىي سۆھبەتلەشتى. رەئىس ماۋزېدۇڭ ۋاڭ جېنغا شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشنىڭ ستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى قۇدرەتلىك قوشۇننى قىزىل ئارمىيىنىڭ يىراققا سەپەر قىلىشتا قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان ئىنقىلابىي روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، ھەرقانداق قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى يېڭىپ، چوڭ غەربىي شىمالغا يۈرۈش

قىلىشقا ھەممە ئاخىرىدا شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا رىغبەتلەندۈردى.③ 3-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يولداش پېڭ دېخۇەي ج ك پ 7-نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتىنىڭ ئىككىنچى ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشنى يېرىم يولدا توختىتىپ، تەييۇەن ئالدىنقى سېپىگە باردى. رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، پېڭ دېخۇەي مۇشۇ سەپىرىدە ئىككى ۋەزىپىنى ئادا قىلماقچى بولدى. بىرى، بىرى ئاغرىپ يېتىپ قالغان شۈي شياڭچيەننىڭ ئورنىدا تەييۇەن ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىپ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تەييۇەننى ئىشغال قىلىش جېڭىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، غەربىي شىمالدا بۇ تەجرىبىلەردىن پايدىلىنىش؛ يەنە بىرى، ئۇرۇشتىن كېيىن شىمالى جۇڭگودىكى دالا ئارمىيىسىنىڭ 18-، 19-جۈنتۈەنلىرىنى غەربىي شىمالغا يۆتكەپ، ئارمىيىمىزنىڭ غەربىي شىمالدىكى كۈچىنى كۈچەيتىپ، بىرەر يىلچە ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل چوڭ غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى ئورۇنداش④. 4-ئاينىڭ 19-كۈنىدىن 23-كۈنىگىچە بىرىنچى دالا ئارمىيىسىنىڭ ئالدىنقى سەپ كومىتېتى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئاچتى، يىغىندا يولداش ۋاڭ جېن 7-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ يوليورۇقىنى يەتكۈزدى. 4-ئاينىڭ 24-كۈنى تەييۇەن ئازاد قىلىندى. ئەتىسى رەئىس ماۋ زېدۇڭ تېلېگرام ئارقىلىق: «18-ۋە 19-بىڭتۇەن بىرىنچى دالا ئارمىيىسىنىڭ شتابىغا



ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرىكەت، تەرتىپكە سېلىش-دەم ئېلىش، تەمىنات قاتارلىقلارغا يولداش پېڭ دېخۇەي قوماندانلىق قىلىدۇ» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى⑤. 28-كۈنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ پېڭ دېخۇەينى تەييۇەن ئالدىنقى سېپىدىن بېيجىڭگە چاقىرتىپ، چوڭ غەربىي شىمالنىڭ ئىشىنى قانداق ھەل قىلىش جۈملىدىن ئاخىرىدا شىنجاڭنى ئازاد قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مەسلىھەتلەشتى. سۆھبەت جەريانىدا رەئىس ماۋزېدۇڭ شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقانلىقى، سىرتىدا كۈچلۈك قوشنا دۆلەتلەرنىڭ بارلىقى، ئىچكى قىسمىدا مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى، بۇ جايدا تۇرۇشلۇق 100 مىڭغا يېقىن ئارمىيىنىڭ بىر-بىرى بىلەن بېقىندىلىقى يوق ئىكەنلىكى ۋە بىر تۇتاش بۇيرۇقتا ئەمەسلىكى، ھەرقايسى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىكەنلىكى، سەل بىخەستەلىك قىلىنسا چوڭ چاتاق چىقىشتىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىغا ئوخشاش بەزى ئەمەلىي ئەھۋاللارغا ئاساسەن، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ ئىمكانىيىتى ئۈستىدە ئىزدەندى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ غەربىي شىمال مەسىلىسىنىڭ تىنچ ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، خۇ زۇڭنەن بىلەن ما بۇفاڭنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى يوقىتىش كېرەك، دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى⑥. 5-ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا 18-، 19-بىڭتۇەن ئارقا-ئارقىدىن غەربىي شىمالغا يېتىپ

كېلىپ، ئۆزى بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا تەڭ نىسبەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئارمىيىمىزنىڭ ئۈستۈن ئەسكىرى كۈچى توپلىنىپ، دۈشمەن بىلەن ستراتېگىيىلىك ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئاساسى ئورنىتىلدى. 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى نامىدىن «پۈتۈن مەملىكەتكە يۈرۈش قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇشى» نى چۈشۈردى، ئۇنىڭدا: «1 - دالا ئارمىيىسى (4 بىڭتۇەن، 350 مىڭ كىشى بار) يىل ئاخىرىدا لەنجۇ، نىڭشيا، چىڭخەينى ئىشغال قىلىش مۇمكىن، يىل ئاخىرىدا ياكى كېلەر يىلنىڭ باشلىرىدا ئىككى يولغا بۆلۈنۈشكە تەييارلىنىق كۆرۈش كېرەك: بىرىنچى يولغا بۆلۈنگەنلەر پېڭ دېخۇەينىڭ باشلامچىلىقىدا غەربىي شىمالدا تۇرىدۇ ھەمدە كېلەر يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىدۇ؛ 2 - دالا ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ گۇيجۇ، سىچۈەن، شىنجاڭدىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلكىنى ئىشغال قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئىككىنچى يولغا بۆلۈنگەنلەر خې لۇڭنىڭ باشچىلىقىدا شىمالى سىچۈەننى ئىدارا قىلىدۇ» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن⑦. شۇ تەرىقىدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ماۋجۇشى شىنجاڭنى ئازاد قىلىشنىڭ ستراتېگىيىلىك فاڭجېنىنى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئاساسىي جەھەتتىن بېكىتتى ۋە سەرەمجانلاشتۇردى. يۇقىرىدىكىلەردىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ماۋجۇشىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى مۇنداق ئۈچ نۇقتىلىق فاڭجېنىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: 1. شىنجاڭنىڭ ئازاد قىلىنىشى پۈتكۈل چوڭ غەربىي شىمالنىڭ ئازاد قىلىنىشى بىلەن بىرلىكتە ئويلىنىشى؛ 2. شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ۋەزىپىسىنى 1950 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئورۇنداپ بولۇش؛ 3. شىنجاڭنى ئازاد قىلىشتا ھەربىي ئىشلار جەھەتتە زەربە بېرىش ئۇسۇلى بىلەن سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تەڭ قوللىنىش.



**(2)**

پەيتنىڭ بەلگىلىنىشى ستراتېگىيىلىك پىلاننى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇش - ئاشۇرماسلىقتىكى بىر مۇھىم ھالقا. ئۇرۇش ۋەزىيىتى ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. شۇڭا ۋەزىيەت ئىلمىي يوسۇندا تەھلىل قىلىنسا، جەڭ قىلىش پەيتى توغرا تاللانسا، ھەرىكەت كەسكىن بولسا، چوقۇم ئاز كۈچ سەرپ قىلىپ، كۆپ ئۇتۇق ئالغىلى، غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ. شىنجاڭنى ئازاد قىلىشنىڭ ستراتېگىيىلىك پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پەيتىنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ شۇ چاغدىكى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئاساسەن بەلگىلىگەن. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ماۋجۇشى ئەسلىدە شىنجاڭنى 1950 - يىلى ئەتىيازدا ئازاد قىلىشنى بەلگىلىگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن رەئىس ماۋ زېدۇڭ 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى پېڭ دېخۇەيگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، 1 - دالا ئارمىيىسىنىڭ تېزلىكتە غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەيدىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلكىنى پۈتۈنلەي ئازاد قى-

لىپ بۇ يىل قىش سىچۇەنگە كىرىشكە، كېلەر يىل ئەتىياز، يازدا شىنجاڭغا كىرىشكە تەييارلىنىشنى تەلەپ قىلدى⑧. 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ «غەربىي شىمالدىكى دۈشمەن ئارمىيىسىنى يوقىتىشنىڭ فاڭجېنى» توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى. شۇ كۈنى، 1 - دالا ئارمىيىسى ئالدىنقى سەپ كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئېچىپ مەركىزىي غەربىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن ماۋجۇشىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، ستراتېگىيىلىك ھۇجۇم پىلانى مۇھاكىمە قىلىندى ۋە بېكىتىلدى. 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى 1 - دالا ئارمىيىسى فومېي ئۇرۇشىنى ئېلىپ بېرىپ، 14 - كۈنى ئۇرۇشنى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتۇرۇپ، خۇزۇڭنەننىڭ ئاساسلىق كۈچىدىن تۆت جۈن، جەمئىي 43 مىڭدىن كۆپرەك ئادىمىنى يوقىتىپ، ئارمىيىمىز جىڭلىڭنى ھەم ئۇنىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايونلارنى كونترول قىلدى، شۇ ئارقىلىق غەربكە يۈرۈش قىلىپ، چىڭخەيدىكى مابۇفاڭنى، نىڭشادىكى ما خۇڭكۈينى يوقىتىشقا ھەم شۇ پېتى ئىلگىرىلەپ شىنجاڭغا كىرىشكە پايدىلىق بولغان ۋەزىيەتنى ياراتتى. فومېي ئۇرۇشىدىن كېيىن پېڭ دېخۇەي 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى رەئىس ماۋ زېدۇڭغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، خۇزۇڭنەنگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش ئەھۋالىنى ھەم سىچۇەنگە، شىنجاڭغا كىرىپ جەڭ قىلىش پىلانىنى دوكلات قىلىپ، كېلەر يىلى ئەتىياز، يازدا شىنجاڭغا كىرمەكچى بولغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈردى⑨. 3 كۈندىن كېيىن، يەنى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ ما بۇفاڭنى يوقىتىش ئۇرۇشى ۋە شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا



پېڭ دېخۇەيگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، «ئەگەر 8 - ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ما بۇفاڭنى يوقىتىش ئۇرۇشى ئاخىرلاشسا، يېرىم ئاي ياكى بىر ئاي دەم ئېلىنسۇن. 9 - ئايدا غەربكە يۈرۈش قىلىنىپ، 10 - ئايدا لەنجۇ، شىنىڭ ھەم گەنشۇ، لياڭجۇ، سۇجۇ ئىشغال قىلىنسا، قىشتا ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلۇشى مۇمكىن، كېلەر يىل ئەتىيازغىچە كۈتۈپ تۇرۇش ھاجەتسىز» دەپ ئۇقتۇرۇپ قويغان⑩. بۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ماۋ جۇشىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋاقتىنى قايتىدىن تەڭشىگەنلىكىنى يەنى ئىلگىرىكى پىلانىنى ئاز دېگەندە 3 ئاي ئالدىغا سۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ماۋ جۇشىنىڭ شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ستراتېگىيىلىك پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋاقتىنى تەڭشەشكە تۈرتكە بولغان ئاساسلىق مۇنداق ئىككى تۈرلۈك سەۋەب بار: بىرىنچىسى ئازادلىق ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولغان، بولۇپمۇ غەربىي شىمال جەڭ مەيدانىدىكى فومېي ئۇرۇشىدىكى غەلىبە، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ ئارمىيىمىزنىڭ نىسپىي ئۈستۈنلۈكىنى مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇلۇپ ئۇرۇشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقى پۈتۈنلەي قولغا ئېلىندى. چىڭخەيدىكى ما بۇفاڭ نىڭشيادىكى ما خۇڭكۈيلەر ئۆزۈل - كېسىل يېتىم قالدۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئازاد قىلىشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى ھازىرلاندى. ئىككىنچى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ماۋ جۇشىنىڭ مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى ئالاقىدار تەرەپلەردىن، ئامېرىكا، ئەنگلىيە

جاھانگىرلىكنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ما فامىلىلىك 5
مىلىتارىستنىڭ قوشۇنلىرىنى شىنجاڭغا چىقىندۇرۇپ، ئىسلام
پادىشاھلىقى قۇرۇپ، بىز بىلەن قارشىلىشىشقا قۇترىتىۋاتـ
ۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت سۇيىقەستلىك پىلانىدىن خەۋەر تاپـ
قان. ئەگەر ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشىدىغان بولسا،
شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ئىشى مۇرەككەپ خەلقئارالىق مەسـ
سىلە بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭدا ئۈچ ۋىـ
لايەت ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىلىپ، گومىنداڭ بىلەن قارشىـ
لىشىپ، گومىنداڭنىڭ بىر قىسىم ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە
ئېلىپ تۇرغانىدى، بۇمۇ شىنجاڭنى ئازاد قىلىشىمىزغا
پايدىلىق ئىدى⑪. دەل يۇقىرىدا دېيىلگەن ئىككى نۇقـ
تىنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن
ماۋ جۇشى شىنجاڭنى ئازاد قىلىشنىڭ ستراتېگىيىلىك پىـ
لانىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئىشقا ئاشۇرۇشنى قارار قىلغان.
8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى پىڭ دېخۇەي رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ
گەنسۇ ـ شىنجاڭ يولىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە شىنجاڭغا كىرىش
ۋاقتىنى سۈرۈشتۈرۈپ بەرگەن تېلېگراممىسىغا قارىتا قايـ
تۇرغان جاۋاب تېلېگراممىسىدا، بۇ يىل قومۇل، ئۈرۈمـ
چىگە يۈرۈش قىلىشقا بولىدىغانلىقى ياكى بولمايدىغانلىقى
توغرىسىدا، لەنجۇ، شىنىڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن
ئاندىن كونكرېت پىلان تۈزگىلى بولار دەپ ھېسابلىغان⑫
ئەتىسى رەئىس ماۋ زېدۇڭ بۇ تېلېگراممىغا تەستىق بېـ
رىپ، 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى، 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا لەنجۇنى
ئىشغال قىلىشىمىز مۇمكىن. شۇ چاغدا شىنجاڭغا كىرىشكە
بولىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن⑬. شۇ كۈنى پىڭ دېخۇەي



لەنجۇغا يۈرۈش قىلىپ، چىڭخەيدىكى ما بۇفاڭنى يوقىتىش
ئۇرۇشى بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى،
يەنى ئارمىيىمىز لەنجۇ شەھىرىگە ئومۇمىي ھۇجۇم باشـ
لاشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن رەئىس ماۋ زېدۇڭ پىڭ دېخۇەيگە
تېلېگرامما ئەۋەتىپ، لەنجۇدىن چىڭخەيگە ۋە شىنجاڭغا
بارىدىغان يولنى ئۈزۈپ تاشلاشنى، ما بۇفاڭنىڭ شىنجاڭغا
چېكىنىپ تۈگىمەس بالايىئاپەت كەلتۈرۈشىدىن ساقلىنىش
ئۈچۈن ئاساسلىقى شىنجاڭغا بارىدىغان يولنى ئۈزۈپ تاشـ
لاشنى تەلەپ قىلدى⑭. 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئارمـ
يىمىز لەنجۇغا ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاپ، ما بۇفاڭنىڭ
ئاساسلىق كۈچىنىڭ كۆپ قىسمىنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا، رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساـ
سەن، ۋاڭ جېن 1 ـ بىڭتۇەننى باشلاپ چىڭخەيگە يۈرۈش
قىلىپ، 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شىنىڭنى ئازاد قىلدى،
شۇنىڭ بىلەن ما بۇفاڭ گۇرۇھى ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىلدى.
19 ـ بىڭتۇەن قورالLIرىنى سازلاپ شىمالغا يۈرۈش
قىلىپ، نىڭشيادا ئۇرۇش قىلىپ، 23 ـ كۈنى يىنچۇەننى
ئىشغال قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ما خۇڭكۇي گۇرۇھى يوقـ
تىلدى. 2 ـ بىڭتۇەن ۋە 1 ـ بىڭتۇەننىڭ 2 ـ جۈنى
شىنىڭنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن دەرھال خېشى ئۇرۇشىنى
باشلاپ، قەتئىي ئۈستۈنلۈك بىلەن قالدۇق دۈشمەننى
ئۇجۇقتۇردى، دۈشمەن ئارمىيىسى خۇدىنى يوقىتىپ، تېگىش
قىلغۇچە ۋەيران بولدى. ئۇرۇش ئەھۋالىنىڭ يۇقىرىدىكى
تەرەققىياتىغا ئاساسەن، 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى پىڭ دېخۇەي
رەئىس ماۋ زېدۇڭغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، 11 ـ ئاينىڭ

باشلىرى ياكى ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشىنىڭ ۋاقىت ئىمكانىيىتى بارلىقىنى ئۇقتۇردى ⑮. 9- ئاينىڭ 11- كۈنى پېڭ دېخۇەي رەئىس ماۋ زېدۇڭغا يەنە تېلېگرامما ئەۋەتىپ: «10- ئاينىڭ باشلىرىدىلا يۇمېننى ئىشغال قىلغىلى بولىدۇ، 11- ئاينىڭ باشلىرى، ئوتتۇرىلىرىدا (پەقەت مۇشۇ ئاينىڭ باشلىرى، ئوتتۇرىلىرىدا) يۇمېندىن شىنجاڭ ئۆلكىسىگە يۈرۈش قىلغىلى بولىدۇ» دېدى ⑯. 12- كۈنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ پېڭ دېخۇەيگە تېلېگرامما ئارقىلىق دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ، 11- ئاي- نىڭ باشلىرى، ئوتتۇرىلىرىدا يۇمېندىن شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، سىلەردىن بولىدىغان تەييارلىق ئىشلىرىنى چېك تۈزۈشىڭىزنى سورايمەن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى ⑰. 9- ئاينىڭ 23- كۈنى جاڭجيەدە 1-، 2- بىڭتۈەن ئۇچراشتى. 24- كۈنى گومىنداڭنىڭ غەربىي شىمال ھەربىي- مەمۇرىي باش- لىقى مەھكىمىسى، 8- تەمىنات رايونى، 91- جۈن، 120- جۈننىڭ قالدۇق قىسمى جيۇچۈەندە ھەقىقەتكە قايتتى، ئارمىيىمىز يۇمېننى ئىشغال قىلىپ شىئەنگە يېتىپ كەلدى- دە، شىنجاڭنىڭ چوڭ دەرۋازىسىغا تاقالدى. 9- ئاينىڭ 26- كۈنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ «شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش» بۇيرۇقىنى رەسمىي جاكارلاپ، شىنجاڭغا كىرىدىغان قىسىملارنىڭ «11- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 10- كۈنىگىچە تەييارلىق قىلىپ بولۇش» نى، «11- ئاينىڭ باشلىرى ياكى ئوتتۇرىلىرىدا يۈرۈش قىلى- شنى باشلاش» نى تەلەپ قىلدى ⑱. شۇنداقلا، پارتىيە



مەركىزىي كومىتېتى، ماۋ جۇشى شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ستراتېگىيىلىك پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ۋاقتىنى رەسمىي بېكىتتى.

(3)

جيۇچۈەن بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى بىرنەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ؛ يول بويى تۇتاش كەتكەن تاغ- داۋانلار بار، يوللارنىڭ ئېگىز- پەسلىكى، بىپايان كەت- كەن چۆل- جەزىرىلەر، ئېگىز- تىك تاغلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەبىئىي ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئىنتايىن ناچارلىقى، شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشقا قاتمۇ- قات قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇراتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن، رەئىس ماۋ زېدۇڭ نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ يۈرۈش قىلىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى، يۈرۈش قىلىش يولى، قىسىملار- نىڭ يوتقان- كۆرپە، كىيىم كېچەكلىرى، تەمىنات، قونالغۇ- سىغىچە بولغان كونكرېت مەسىلىلەرنى ئۆزى بىۋاستە بىر- بىرلەپ سۈرۈشتۈرۈپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردى، شەنشىنى ئازاد قىلغاندىن بۇيان، بىرىنچى دالا ئارمىيىسى تومۇز ئىسسىقتا قارىماي ئۈزۈلدۈرمەي جەڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن، جەڭچىلەرنىڭ تېنى بەك ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشتا قىيىنچىلىقنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭ پېڭ دې- خۇەيگە بىرنەچچە قېتىم تېلېگرامما بېرىپ، قىسىملارنى دەم ئالدۇرۇشقا دىققەت قىلىپ، جىسمانىي قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە

كەلتۈرۈشنى تاپىلىدى. 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى رەئىس
ماۋ زېدۇڭ پېڭ دېخۇەيگە يەنە بىر قېتىم تېلېگرام بېرىپ:
«شىنجاڭغا بارىدىغان قىسىملارنى ئاز دېگەندە بىر ئاي
دەم ئالدۇرۇش كېرەك، تولۇق تەييارلىق كۆرۈشكە ئاسان
بولسۇن ئۈچۈن، زۆرۈر تېپىلغاندا دەم ئېلىش ۋاقتىنى
ئەھۋالغا قاراپ ئۇزارتىش كېرەك» دەپ تاپىلىدى ⑲.
رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى ۋە ئورۇن-
لاشتۇرۇشى ئارقىسىدا، شىنجاڭغا بارىدىغان قىسىملار
خېيشى ئۇرۇشىدىن كېيىن مەلۇم ۋاقىت دەم ئېلىپ، جىس-
مانىي قۇۋۋىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەسلىگە كەلتۈردى، ھار-
دۇقىنى چىقاردى. شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىق
قىلىش جەريانىدا، رەئىس ماۋزېدۇڭ پېڭ دېخۇەيگە كۆپ
قېتىم تېلېگرام بېرىپ، تۈرلۈك تەييارلىق ئىشلىرىنى چىڭ
تۇتۇشنى جېكىلىدى. 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى رەئىس
ماۋزېدۇڭ يەنە بىر قېتىم پېڭ دېخۇەيگە تېلېگرام بېرىپ:
چېيدۇ، پاكىلاشكا، ئاشلىق تەييارلاشنى چىڭ تۇتۇشنى
تاپىلاپ،«جۇۋا، قولاقچا، پىيمىنىڭ گېپىنى قىلمىدىڭىز،
بۇلار ناھايىتى مۇھىم، دەرھال تەييارلاش كېرەك» دەپ
سەمىگە سېلىپ قويدى. پېڭ دېخۇەيدىن «جۇۋا تەييارلاشقا
بىز ياردەملىشەمىزمۇ - قانداق، قانچىلىك لازىم، بىزگە
مەلۇم قىلىڭ» دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ-
نىڭغا ئاپتوموبىل، تەڭگە، شىنجاڭدا ئايرىم خەجلەيدىغان
خەلق پۇلىنى «بىز تەييارلاپ بېرىمىز» دېدى⑳. 9 - ئاي-
نىڭ 26 - كۈنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ شىنجاڭغا يۈرۈش
قىلىش توغرىسىدا بەرگەن يوليورۇقىدا «جۇۋا، قولاقچا،



پىيما، پاكىلاشكا، ئاپتوموبىل، بېنزىن، ئاشلىق، تەڭگە،
پۇل قاتارلىقلار ھەم ئەڭ مۇھىم بولغان سىياسىي سەپەر-
ۋەرلىك، كادىر تەييارلىقىنى» ياخشى ئىشلەشنى قايتا تە-
كىتلىدى ㉑. شىنجاڭغا بارىدىغان يول يىراق، ۋەزىپە
جىددىي بولغاچقا، قاتناش - ترانسپورت ئىنتايىن مۇھىم
ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، رەئىس ماۋ زېدۇڭ پارتىيىمىز بىلەن
سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆتكۈزگەن سۆھبەتكە ئۆزى يېتەكچىلىك
قىلدى، ئىككى تەرەپنىڭ كېڭەشىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى
تەرەپ شىنجاڭ، گەنسۇ، شەنشىدىن ئىبارەت 3 ئۆلكە
ئوتتۇرىسىدا ھاۋادا توشۇش ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان
بولۇپ، 40 ترانسپورت ئايروپىلانى چىقىرىپ ئارمىيىمىز-
نىڭ قوماندانلىق ئورگانلىرىنى ۋە ئازراق قىسىملىرىمىزنى
يۆتكەپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى
رەئىس ماۋ زېدۇڭ يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى تېلېگرامما ئارقى-
لىق پېڭ دېخۇەيگە ئۇقتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ئىككى
جۈننىڭ پىيادە قىسىملىرى ۋە توپچى قىسىمنىڭ ئاساسىي
كۈچى پىيادە ماڭىدۇ ۋە ئاپتوموبىل بىلەن توشۇلىدۇ،
ئۈرۈمچى ئىشغال قىلىنغان ۋە ئۈرۈمچى ئايرودرومى بىز
تەرەپتىن كونترول قىلىنغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى-
نىڭ ئايروپىلانى بىزگە ياردەملىشىپ كادىر، ئاشلىق، كې-
يىم - كېچەك ۋە بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچنى توشۇپ
بېرىدۇ، ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلىشتىن ئىلگىرى، بىزگە
ياردەملىشىپ ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبەتكە قاتنىشىدىغان ۋە-
كىللىرىنى ۋە مۇھىم خادىملارنى توشۇپ بېرىشى مۇمكىن»
دەپ كۆرسەتتى ㉒. ئاپتوموبىل قىسىملارنىڭ يۈرۈش قىلىش-

شىدا ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى توشۇيدىغان ئاساسلىق قورال، لېكىن شۇ چاغدا ئارمىيىمىزنىڭ ترانسپورت كۈچى ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، لەنجۇ ئۇرۇشى بولۇشتىن ئىلگىرىلا، غەربىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن، پېڭ دېخۇەي رەئىس ماۋزېدۇڭغا تېلېگرام ئەۋەتىپ، 1 مىڭدىن 2 مىڭغىچە ئاپتوموبىل سېتىۋېلىشنى ئىلتىماس قىلغانىدى[23]. شىنجاڭغا بارىدىغان قىسىملارنى توشۇش ئۈچۈن، 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى پېڭ دېخۇەي رەئىس ماۋ زېدۇڭغا يەنە بىر قېتىم تېلېگرام ئەۋەتىپ، 4 مىڭ ئاپتوموبىل تەييارلاشنى تەلەپ قىلدى[24]. بۇنىڭ ئۈچۈن، رەئىس ماۋ زېدۇڭ پېڭ دېخۇەيگە كۆپ قېتىم جاۋاب تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، شىنجاڭغا بارىدىغان قىسىملارنىڭ پىيادە مېڭىشنى ئاساس قىلىشىنى، مەۋقەنى ئۆز كۈچىگە قارىتىشنى، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان خىيالدا بولماسلىقنى ئەسكەرتتى. 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى رەئىس ماۋزېدۇڭ مابۇفاڭنى يوقىتىش ئۇرۇشى ۋە شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا پېڭ دېخۇەيگە تېلېگرام بېرىپ، «ئاپتوموبىل سېتىۋېلىشتا ئىككى خىل چارە بار: بىرى ئاپتوموبىلنى سېتىۋالغاندىن كېيىن شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو ئارقىلىق غەربىي شىمالغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئارمىيىمىز مۇشۇ ئاپتوموبىللاردىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش. مۇشۇنداق بولغاندا، ۋاقىت كەينىگە كۆپرەك سۈرۈلۈشى مۇمكىن، كېلەر يىلى ئەتىيازدا ياكى ھەتتا يازدا ئاندىن شىنجاڭغا كىرەلىشىمىز مۇمكىن،



يەنە بىرى، ھازىر بار ئاز ساندىكى ئاپتوموبىلدىن ھەم لەنجۇ، شىنىڭدا ئولجا ئېلىش ئېھتىمالى بولغان ئاپتوموبىللاردىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا بېرىش، بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئىلى ئارقىلىق ئاپتوموبىل ۋە باشقا سانائەت ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈش. بۇنداق بولغاندا، ۋاقىتنى قىسقارتقىلى بولىدۇ» دەپ كۆرسەتتى[25]. 9 - ئايدا رەئىس ماۋ زېدۇڭ يەنە بىرنەچچە قېتىم پېڭ دېخۇەيگە تېلېگرام ئەۋەتىپ، شىنجاڭغا بېرىشتا لازىم بولىدىغان ئاپتوموبىلنى ئۆزلىرى ھەل قىلىشقا تىرىشىشنى، ئۈمىدنى سىرتنىڭ ياردىمىگە باغلىماسلىقنى تەكىتلىدى. رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ يوليورۇقى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئارمىيىمىزنىڭ شىنجاڭغا بارىدىغان قىسىملىرى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۆزلىرىنىڭ كارغا كېلىدىغان بارلىق ئاپتوموبىللىرىنى، جۈملىدىن لەنجۇ، شىنىڭ ھەم خېشى رايونىدا ئولجا ئالغان ئاپتوموبىللارنى ئاجرىتىپ، قىسىملارنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ توشۇپ، ھەممىسىنى بەلگىلەنگەن يەرگە دېگەن ۋاقىتتا يەتكۈزدى. ئارمىيىمىزنىڭ شىنجاڭغا بېرىشىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى ئەتراپلىق كۆزىتىدىغان بولساق، رەئىس ماۋ زېدۇڭ دەل جايىدا قوماندانلىق قىلغانلىقى، توغرا ئورۇنلاشتۇرغانلىقى، مۇكەممەل پىلانلىغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭغا بارىدىغان قىسىملار قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىيالىغان.

## (4)

شىنجاڭنى ئازاد قىلىشنىڭ ستراتېگىيىلىك پىلانىنى تۈزۈش ۋە ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا، رەئىس ماۋزېدۇڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى مۇھىم ئىنقىلابىي كۈچ — ئۈچ ۋىلايەت (1944 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە يۈز بەرگەن گومىنداڭغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ) مىللىي ئارمىيىگە باشتىن - ئاخىر ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى ۋە كۆڭۈل بۆلدى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئاز سانلىق مىللەت ئارمىيىسى بولۇپ، بىرنەچچە يىل مۇستەقىل ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا، بىرقانچە تۈمەن گومىنداڭ ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئارمىيىمىزنىڭ غەربىي شىمال جەڭ مەيدانىدا ستراتېگىيىلىك زور قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشىگە كۈچلۈك ماسلاشتى. ئۈچ ۋىلايەتتىكى مۆتىۋەرلەر «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ناملىق بىرلىك سەپ تەشكىلاتىنى قۇرغان، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەزاسى 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن، شىنجاڭغا ھەتتا ئىچكىرى جايلارغا خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ كۈرىشىگە رەئىس ماۋزېدۇڭ ناھايىتى يۇقىرى



باھا بەردى. 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى رەئىس ماۋزېدۇڭ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىغا يازغان خېتىدە «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىڭلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ئېلىپ بارغان دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ بىر قىسمى» دەپ كۆرسەتتى[26]. 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى رەئىس ماۋزېدۇڭ ئېلان قىلغان شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىدا «شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى — پارتىيىمىز بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ زىچ ھەمكارلىشىشى» دەپ تەكىتلىدى[27]. 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى رەئىس ماۋزېدۇڭ شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا ئۆزى بىۋاسىتە تەييارلاپ پېڭ دېخۇەيگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدا «بىزنىڭچە، مىللىي ئارمىيە خېلى تەربىيە كۆرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئارمىيىسى، ئۆتكەنكى بىرقانچە يىلدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ئارقىلىق گومىنداڭنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك ئەكسىيەتچىل ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، جۇڭگو ئىنقىلابى ئۈچۈن ئېيتقاندا، خېلى زور ماسلىشىش رولىنى ئوينىدى» دەپ ئېنىق ئىپادە بىلدۈردى[28]. ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خەلق دېموكراتىيە ئىنقىلابىنىڭ ئىزىغا سېلىپ، ئۇنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭنى ئازاد قىلىشتىكى ستراتېگىيىلىك پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ماسلىشىدىغان مۇھىم كۈچ قىلىش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ماۋجۇشى شىنجاڭنى ئازاد قىلىشنىڭ ستراتېگىيىلىك پىلانىنى تۈزۈش ۋاقتىدا،

يولداش دېڭ لىچۈننى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى قىلىپ ئۈچ ۋىلايەتكە ئەۋەتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ئورناتتى. يولداش دېڭ لىچۈننىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتىلىشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ماۋجۇشىنىڭ شىنجاڭنى ئازاد قىلىشتىكى ستراتېگىيىلىك پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. دېڭ لىچۈننىڭ شىنجاڭدىكى خىزمىتىگە رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلدى. دېڭ لىچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى تۇرۇشلۇق جاي — غۇلجا شەھىرىگە يېتىپ بېرىپ 3 - كۈنى، رەئىس ماۋ زېدۇڭ دېڭ لىچۈنگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى نامىدىن ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنى بېيپىڭدا ئېچىلىدىغان يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. ئەتىسى رەئىس ماۋ زېدۇڭ يەنە يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرلىقى نامىدىن «لىچۈن رادىئو ئىستانسىسى» ئارقىلىق ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىگە يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىش توغرىسىدا تەكلىپ خېتى ئەۋەتتى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئىنتايىن خوش بولۇپ، شۇئان يولداش دېڭ لىچۈن ئارقىلىق رەئىس ماۋ زېدۇڭغا بېيپىڭدا ئېچىلىدىغان يىغىنغا قاتنىشىشقا ۋەكىل ئەۋەتىشكە قوشۇلغانلىقىنى خەۋەر



قىلدى. يىغىنغا قاتنىشىدىغان ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش ۋەكىل سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيپىڭگە يۈرۈش سەپىرىدە بەختكە قارشى قازاغا ئۇچراپ قۇربان بولدى. رەئىس ماۋ زېدۇڭ بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن ئېچىنىپ، بۇ «شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈنلا غايەت زور يوقىتىش بولۇپلا قالماستىن، ئوخشاشلا پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ئۈچۈنمۇ زور يوقىتىش» دەپ كۆرسەتتى[29]. ئۇ، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىغا ئەۋەتكەن تەزىيە تېلېگراممىسىدا «ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش يولداش ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن باتۇرانە كۈرەش قىلدى، ئاخىرىدا يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى بەرپا قىلىش ئىشلىرى ئۈچۈن قۇربان بولدى، پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ» دېدى. بىرىنچى تۈركۈمدىكى ۋەكىللەر قۇربان بولغاندىن كېيىن، رەئىس ماۋ زېدۇڭ يولداش دېڭ لىچۈنگە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ باشقىدىن ۋەكىل ئەۋەتىشىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشى توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. سەيپىدىن ئەزىزى باشچىلىقىدىكى ئىككىنچى تۈركۈم ۋەكىل پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ماۋجۇشىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە بېيپىڭغا بېرىپ، رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ سەمىمىي قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ يوليورۇقىنى ئاڭلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتناشتى. يولداش دېڭ لىچۈن غۇلجىدا تۇرغان مەزگىلدە،

يۇقىرىدا دېيىلگەن زور ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ماۋجۇشىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. دېڭ لىچۈن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار، مەدەنىيەت قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى ھەم تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئىگىلىگەن ئاخباراتلارنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ماۋجۇشىغا ۋاقتىدا توغرا مەلۇم قىلىپ تۇردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ يوليورۇقلىرىنى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارلىرىنى ئۈچ ۋىلايەتكە يەتكۈزۈپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق دېموكراتىيە ئىنقىلابىنىڭ قايىنىمىغا قوشتى.

(5)

شىنجاڭنىڭ ئازاد بولۇشى ئاخىرقى ھېسابتا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي - مەمۇرىي دائىرىلىرىنىڭ تېلېگرامما يوللاپ ھەقىقەتكە قايتىشى ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشتى، رەئىس ماۋ زېدۇڭ بۇنىڭ ئۈچۈن جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. لەنجۇ ئۇرۇشىدىن بۇرۇنلا رەئىس ماۋزېدۇڭ پېڭ دېخۇەيگە كۆپ قېتىم تېلېگرام بېرىپ، غەربىي



شىمالدىكى ئۇرۇشنى ئاخىرقى ھېسابتا بىر تەرەپ قىلىشتا ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغاننىڭ سىرتىدا، سىياسىي ئۇسۇلنىمۇ قوللىنىش لازىملىقىنى، ئىشنىڭ ئۇزۇل - كېسىل تولۇق، تېز بىتەرەپ بولۇشى ئۈچۈن سىياسىي ئۇسۇلنى ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنىڭ قوشۇمچىسى قىلىش كېرەكلىكىنى ئەسكەرتتى، بولۇپمۇ «ھازىر ئارمىيىمىز ئۇستۇنلۇكىنى ئىگىلىدى، سىياسىي ئۇسۇلنى تەڭ قوللىنىشنىڭ پايدىسى كۆپ، زىيىنى ئاز» دەپ كۆرسەتتى㉛. رەئىس ماۋ زېدۇڭ يىراقنى كۆرەرلىكى بىلەن فۇمېي ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنلا «پىڭلياڭ ئۇرۇشىدا ما بۇفاڭ بىلەن ماخۇڭگۇينىڭ ئاساسلىق كۈچى يوقىتىلسىلا، غەربىي شىمال ئۇرۇشى ۋەزىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن بىر ياقلىق بولىدۇ، كېيىنكى كۈنلەردە گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، شىنجاڭنى ئىشغال قىلىش ئاساسىي جەھەتتىن يول يۈرۈش ۋە ئۆتكۈزۈۋېلىش مەسىلىسى بولىدۇ، قاتتىق ئېلىشىش مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى㉜. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ ئىلمىي مۆلچەرىنى تامامەن ئىسپاتلىدى.

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەسكىرىي كۈچى ئاتاقتا 100 مىڭ بولۇپ، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم خۇ زۇڭنەن ۋە ما بۇفاڭغا قارايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا شېڭ شىسەينىڭ كونا قىسىملىرىمۇ بار ئىدى. دېمەك ئەھۋال چىگىش ھەم مۇرەككەپ ئىدى. ما بۇفاڭنىڭ جىيەنى، ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 - شىسىنىڭ سىجاڭى ما چېڭشياڭ ۋە خۇ زۇڭنەننىڭ يېقىنى، ئۆزگەرتىپ تەشكىل

قىلىنغان 78 - شىنىڭ سىجاڭى يېچېڭ ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق 179 - لۈينىڭ لۈيجاڭى قوشۇمچە دىخۇا شەھەر مۇداپىئە سىلىڭى لۇشۇرېنلار ئۆز خوجايىنىنىڭ ھاياتماماتلىق تەقدىرى ئۈچۈن شەرققە يۆتكىلىپ ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى قوشۇمچە ئامانلىقنى ساقلاش سىلىڭى بۇرھان شەھىدى، گارنىزون قىسمىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى قوشۇمچە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 42 - شىنىڭ سىجاڭى جاۋ شىگۇاڭ قاتارلىقلار ئەسكەرلەرنى نېرى - بېرى قىلماي، شىنجاڭنى تۇراقلاشتۇرۇپ، «تىنچ تاپشۇرۇش» يولىغا مېڭىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. غەربىي شىمالدىكى ئۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئوي - پىكرى تېخىمۇ داۋالغۇشقا باشلىغانىدى. شىنجاڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ ئاساسلىق پېرسوناژى، گارنىزون قىسمىنىڭ باش قوماندانى بولغان تاۋ سىيۆنىڭ قانداق ئىش تۇتۇشى مۇھىم مەسىلە ئىدى. تاۋ سىيۆ گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ قول ئاستىدا ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلىگەن بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ئىستەك - ئارزۇسى بىر ئىدى. ئۇ گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ تىنچلىق تەشەببۇسىدا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى تەرەپلەر مۇناسىۋىتىنىڭ مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى، سەللا ئېھتىياتسىزلىق قىلىنسا ئىش بۇزۇلۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ لەنەتكەردىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشنى تەشەببۇس قىلغان. لەنجۇ ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن،



كومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي - مەمۇرىي دائىرىلىرى ئۇرۇش بىلەن تىنچلىقتىن ئىبارەت ئاخىرقى چىقىش يولىنى تاللاشتا ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپ كۈچىيىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلىشىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ماۋجۇشى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەرھال بىرلىك سەپ خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تۇتۇش قىلىپ، شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشنى قارار قىلدى. شىنىڭ ئازاد قىلىنىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى رەئىس ماۋ زېدوڭ جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ لەنجۇ ۋە چىڭخەيدىن ئىبارەت ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي - مەمۇرىي دائىرىلەرگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش يولىغا مېڭىشىغا ئۈندىشىنى ئۈمىد قىلدى. رەئىس ماۋ زېدوڭ ئۇنىڭغا، شىنجاڭدىن ئۇققان خەۋەرگە قارىغاندا، سىز تېلېگرام بەرسىڭىزلا ئۇلار چوقۇم ئىجرا قىلىدىكەن، دېدى. شۇنداقلا ئۇنىڭغا بىز غۇلجىدا رادىئو ئىستانسىسى قۇردۇق، سىزنىڭ تېلېگراممىڭىز ئاۋۋال غۇلجىغا بېرىلىپ، ئاندىن ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈلسە بولىدۇ، دېدى[33]. رەئىس ماۋ زېدوڭنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تاۋ سىيۆ، بۇرھان شەھىدىگە تېلېگرامما

ئەۋەتىپ، ئۇلارنى «ۋاقتىدا ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ،
گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى رەسمىي
جاكارلاپ، خەلق دېموكراتىيىسى لاگېرىغا ئۆتۈش» كە
دەۋەت قىلىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇلارغا «ماۋجۇشى شىن-
جاڭ ئۆلكىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە، بارلىق ئوفىتسېر -
جەڭچىلەرگە، ئارمىيە - ھۆكۈمەت كادىرلىرىغا دائىم كۆ-
ڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ، بىر تەرەپ قىلىنىشى جەزمەن مۇۋاپىق
ۋە قانائەتلىنەرلىك بولىدۇ» دېدى[34]. ئەتىسى جاڭ جىجوڭ
يەنە ئايرىم ھالدا تاۋسىيۆگە تېلېگرام ئەۋەتىپ، ۋەزى-
يەتكە تاقابىل تۇرۇشقا ئائىت بەزى تەدبىر ۋە تەكلىپلەر-
نى ئوتتۇرىغا قويدى. جاڭ جىجوڭنىڭ بۇ ئىككى پارچە
تېلېگراممىسى شىنجاڭ دائىرىلىرىنى بەزى ئەندىشىلەردىن
خالاس قىلىپ، تاۋ سىيۆ، بۇرھان شەھىدىنىڭ تىنچلىق
بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش يولىغا مېڭىش ئىرادىسىنى چى-
ڭىتتى. 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ
پىڭ دېخۇەيگە تېلېگرام ئەۋەتىپ «تاۋ سىيۆ، جاۋ شىگۇاڭ
قاتارلىقلار مەسىلىنى بىز بىلەن تىنچ يول ئارقىلىق ھەل
قىلماقچى بولدى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بۇرھان
شەھىدى تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش توغرۇلۇق سۆزلى-
شىشكە ئىلىغا يېقىن جايغا ئادەم ئەۋەتتى........ شىنجاڭ
مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇرۇش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى
تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش مەسىلىسى بولۇپ قالدى»
دەپ ئۇقتۇردى[35]. 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تاۋ سىيۆ،
بۇرھان شەھىدىلەر بىرلەشمە ئىمزا بىلەن جاڭ جىجوڭغا
جاۋاب تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ



ئۈمىدىنى جەزمەن يەردە قويمايدىغانلىقىنى، تىرىشىپ
پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىغا كاپا-
لەتلىك قىلىدىغانلىقىنى، ھەر مىللەت خەلقىنى ئازاب -
ئوقۇبەتكە قالدۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەتىسى
تاۋسىيۆ يەنە جاڭ جىجوڭغا ئايرىم تېلېگرام ئەۋەتىپ
«بۈگۈندىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىسى مەسىلىسى........
ماۋجۇشىنىڭ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىنىپ رەھبەرلىك
قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى» بىلدۈردى[36]. 9 - ئاي-
نىڭ 19 - كۈنى بۇرھان شەھىدى رەئىس ماۋ زېدۇڭغا
تېلېگرامما يوللاپ، ئۆزىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن
مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ئىرادىسىنى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىش ئارزۇسىنى بىل-
دۈردى. ئۇ تېلېگراممىسىدا: «گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆ-
كۈمىتىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش قەتئىي نىيىتىگە كەلدىم،
پېقىر بارلىق كۈچ بىلەن ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنى يوقى-
تىپ، رەھبەرلىكىڭلارنى قوبۇل قىلىپ، جاي - جايلاردا يېڭى
ھاياتنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ۋە ھۆرمەتلىك پارتىيىنىڭ رەھ-
بەرلىك قىلغان پۈتۈن جۇڭگونى ئازاد قىلىش ئىشىنى
ئورۇنداشقا كۈچ چىقىرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ قويدۇم،
دەپ ئىپادە بىلدۈردى[37]. يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارغا ئاسا-
سەن، تاۋسىيۆ، بۇرھان شەھىدى قاتارلىقلارنىڭ ئىچكى
ئىشلىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش ئالدىراڭغۇلۇق قى-
لىپ چاتاق چىقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يېڭى سىياسىي
مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى ئېچىلىش ھارپىسىدا، رەئىس
ماۋ زېدۇڭ مەركىزىي كومىتېت نامىدىن پىڭ دېخۇەيگە

تېلېگرام ئەۋەتىپ، «ھازىر تاۋسىيۆنى دەرھال لەنجۇغا ۋەكىل ئەۋەتىشكە زورلىماسلىق كېرەك......، ئەۋەتەمدۇ - يوقمۇ، ئەۋەتسە قاچان ئەۋەتىدۇ، بۇنى تاۋسىيۇ ئۆزى بەلگىلىسۇن، ئۇنى ئالدىراتماسلىق كېرەك، ئەمەلىيەتتە، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە ۋاقىتىنچە ھازىرقى ھالەتنى ساقلاپ، ئارمىيىمىز شىنجاڭغا بارغاندا ھەل قىلغان تۈزۈك» دەپ كۆرسەتتى[38]. يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى ئېچىلغان كۈنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ مەخسۇس شىنجاڭنىڭ ئىشى توغرىلۇق جاڭ جىجۇڭغا خەت يازدى ھەمدە خەتكە تاۋسىيۇ، بۇرھان شەھىدىنىڭ ئىككى پارچە جاۋاب تېلېگراممىسىنى قوشۇپ قويدى. جاڭ جىجۇڭ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، تاۋسىيۇ بىلەن بۇرھان شەھىدىگە شۇئان تېلېگرام ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش ئىشىنى سۆزلىشىشكە دەرھال ئادەم ئەۋەتىشنى تاپىلىدى ھەمدە «مەن جاڭ جىجۇڭ يىغىندىن تۈگىگەندىن كېيىن ماۋ جۇشىنىڭ يوليورۇقىنى ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە بېرىش مەسىلىسىنى ئاندىن بېكىتىمەن» دېدى[39]. 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى رەئىس ماۋزېدۇڭ بۇرھان شەھىدىگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، شىنجاڭدىكى ھەربىي - مەمۇرىي دائىرىلەرنىڭ «ھەر قايسى ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىنى» ئۈمىد قىلدى[40]. رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي - مەمۇرىي دائىرىلىرىگە سەۋرچانلىق بىلەن ياردەم بېرىشى، سىياسىي يېتەكلىشى تاۋسىيۇ، بۇرھان شەھىدىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش يولىغا مېڭىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.



گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ ۋاستىلىك خىزمەت ئىشلىشىنىڭ سىرتىدا، رەئىس ماۋ زېدۇڭ يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭدا تۇرۇشقا ئەۋەتكەن ئالاقىچى يولداش دېڭ لىچۈن ئارقىلىق تاۋسىيۇ، بۇرھان شەھىدىگە بىۋاسىتە ھالدا بىرلىك سەپ خىزمىتى ئىشلىدى. 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، ماۋ جۇشى گومىنداڭ شىنجاڭ ھەربىي - مەمۇرىي دائىرىلىرىنىڭ پارتىيىمىزنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ ئۆزلىرى بىلەن تىنچ يول ئارقىلىق ھەقىقەتكە قايتىش ئىشى توغرۇلۇق يۈزمۇ - يۈز سۆزلىشىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئالغاندىن كېيىن، رەئىس ماۋ زېدۇڭ شۇئان مەركىزىي كومىتېت نامىدىن دېڭ لىچۈنگە «پات ئارىدا ئۈرۈمچىگە بېرىشىڭىز ھەمدە تېزلىكتە رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇپ تېلېگرام بېرىشنى باشلىشىڭىز كېرەك» دەپ تېلېگرام ئارقىلىق بۇيرۇق بەردى[41]. 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دېڭ لىچۈن بۇيرۇققا بىنائەن غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۈرۈمچىدە تۇرغان مەزگىلدە، دېڭ لىچۈن مەركىزىي كومىتېت بىلەن ماۋ جۇشىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى مۇھىم ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى بىلەن كەڭ كۆلەمدە

ئۇچراشتى ۋە سەمىمىي سۆزلەشتى. شىنجاڭنىڭ ھەربىي -
مەمۇرىي دائىرىلىرى دېڭ لىچۈن ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ماۋ جۇ شى-
نىڭ تەشەببۇسىدىن خەۋەر تاپتى، شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ تەلەپ ۋە ئارزۇلىرىنىمۇ ئىنكاس قىل-
دى. سەمىمىي سۆھبەتلىشىش ۋە يولداش دېڭ لىچۈننىڭ
ئۈنۈملۈك بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ئىشلىشى ئارقىسىدا،
گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي - مەمۇرىي دائىرىلىرى
تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشتىن ئىبارەت پارلاق
داغدام يولغا ئىككىلەنمەستىن ماڭدى. 9 - ئاينىڭ 25 -،
26 - كۈنلىرى تاۋ سىيۆ، بۇرھان شەھىدى ئىلگىرى -
ئاخىرى باشلامچى بولۇپ تېلېگرامما يوللاپ ھەقىقەتكە
قايتىپ، «بوگۈندىن ئېتىبارەن گوۋاڭجۇ ئەكسىيەتچىل
ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، ماۋ جۇشىنىڭ سەككىز
ماددىلىق تىنچلىق باياناتىنى ۋە مەملىكەت ئىچىدە تىنچ-
لىق ئورنىتىش كېلىشىمىنى سەمىمىي قوبۇل قىلىدىغان» لى-
قىنى جاكارلىدى㊷. بۇرھان شەھىدى تېلېگرام بېرىپ
ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە رەئىس ماۋ زېدۇڭغا
ئايرىم تېلېگرام بېرىپ، «يېڭى بۇرۇلۇشنىڭ باشلىنىشى
بىلەن مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم، كۆپرەك يول-
يورۇق بەرسىڭىز، كەمىنە شۇ بويىچە ئىش كۆرسەم»
دېدى، ۋە يەنە «يولداش دېڭ لىچۈن مەن بۇرھان بىلەن
ئوبدان چىقىشىپ قالدىم ھەمدە ئىشنى ئۇنىڭ بىلەن
يېقىندىن مەسلىھەتلىشىپ بېجىرىمەن» دېدى㊸. شۇ كۈنى
رەئىس ماۋ زېدۇڭ، باش قوماندان جۇدې، تاۋ سىيۆ، بۇر-



ھان شەھىدىگە ھەم شىنجاڭدىكى ھەقىقەتكە قايتقان ھەر-
بىي - مەمۇرىي خادىملارغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ
ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى ماختىدى، شۇنىڭدەك ئۇلاردىن،
«ھەربىي - مەمۇرىي خادىملار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە يەرلىك تەرتىپنى ساقلاپ ھەمدە
ھازىر ئىچكىرىدىن يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان خەلق
ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، كونا تۈزۈمنى
بىكار قىلىپ، يېڭى تۈزۈمنى يولغا قويۇپ، يېڭى شىنجاڭ
قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى» ئۈمىد قىلدى㊹. شىن-
جاڭدىكى ھەربىي - مەمۇرىي دائىرىلەرنىڭ تېلېگرامما يول-
لاپ ھەقىقەتكە قايتىشى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ
شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى، بۇنىڭ بىلەن
شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇش يولىغا ماڭدى.

گومىنداڭ شىنجاڭ ھەربىي - مەمۇرىي دائىرىلىرى
تېلېگرامما يوللاپ ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىن، خەلق
ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىدىغان قىسىملىرى
شىنجاڭغا كىرىشنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى
تېزلەتتى. 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى 1 - دالا ئارمىيىسى 1 -
بىڭتۇەنىنىڭ 2 - جۈنى ۋە 6 - جۈنى تەنتەنىلىك ھالدا
شىنجاڭغا كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. 10- ئاينىڭ 10-
كۈنى 2 - جۈننىڭ 4 - شىسى ۋە كانكا تۈەنى ھەممى-
دىن بۇرۇن شىنجاڭغا كىردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، 2- جۈن
بىلەن 6- جۈننىڭ قىسىملىرى غەربتىن يۈمېنگۈەندىن چى-
قىپ، شىمالدىن شىڭشىڭشىيادىن ئۆتۈپ، ئارمىيىمىز تارى-
خىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان شىنجاڭغا كەڭ كۆلەمدە يۈرۈش

قىلىشنى باشلىۋەتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ماۋ جۇشىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى «قورقمىدى خۇڭجۇن ئۇزۇن - مۇشكۈل سەپەردىن ھېچقاچان، قىلچىمۇ توسالمىدى مىڭلارچە دەريا، تاغ - داۋان» دەيدىغان ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئىنقىلابىي روھنى جارى قىلدۇرۇپ، قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇندىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭنىڭ تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى.

يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغا سەۋەب بولغان نۇرغۇن ئامىللار ئىچىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، گومىنداڭنىڭ مۇستەبىت، چىرىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئارزۇسى سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى تۈپ ئامىل ھېسابلىنىدۇ؛ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىر قانچە تۈمەن گومىنداڭ ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرۇشى شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشنىڭ مۇھىم ئامىلى ھېسابلىنىدۇ؛ رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ يول تۇتۇشى شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىنى تېز ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل ھېسابلىنىدۇ. رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىدا كۆرسەتكەن بۈيۈك تۆھپىسىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى قەلبىدە مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ.



**ئىزاھات:**

①② ماۋ زېدۇڭ: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 7 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا بېرىلگەن دوكلات» (1949 - يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى).

③ ۋاڭ جېنىنىڭ ئەسلىمىسى: «باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش» گە قاراڭ. «جەڭ بايرىقى تىيانشاندا لەپىلدىمەكتە» گە بېسىلغان (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل 5 - ئاي نەشرى).

④ «پېڭ دېخۇەينىڭ بايانلىرى» غا قاراڭ ھەم ياڭ دېجى، لى جۈمىنلارنىڭ ئەسلىمىسى «ماۋ جۇشى ۋە مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەينىڭ يەنە بىر مەشھۇر ئەسىرى — غەربىي شىمال جەڭ مەيدانىدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭ» گە قاراڭ، «لەنجۇ ئۇرۇشى» غا بېسىلغان (گەنسۇ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل نەشرى).

⑤⑦ «ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەربىي ئىشلار ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 512 - ، 338 - بەتلىرىگە قاراڭ.

⑥⑭ ياڭ دېجى، لى جۈمىنلارنىڭ ئەسلىمىلىرىگە قاراڭ.

⑧ «ماۋ زېدۇڭنىڭ فومېي ئۇرۇشى توغرىسىدا پېڭ دېخۇەيگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى» (1949 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى)، ياڭ دېجى، لى جۈمىنلارنىڭ ئەسلىمىلىرى ۋە «پېڭ دېخۇەينىڭ خۇزۇڭنەننى يوقىتىش ئۇرۇشىنىڭ ئەھۋالى ھەم سىچۇەنگە، شىنجاڭغا بېرىپ ئۇرۇش قىلىش پىلانى توغرىسىدا ماۋ جۇشىغا يازغان دوكلاتى» غا قاراڭ

(1949 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى).

⑩㉕㉜ «ماۋ زېدۇڭنىڭ مابۇفاڭنى يوقىتىش ئۇرۇشى ۋە شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا پېڭ دېخۇەيگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى» (1949 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى).

⑪ دېڭ لىچۈننىڭ ئەسلىمىسى «شىنجاڭدا بولغان ئىشلارنى ئەسلەش» كە قارالسۇن (1989 - يىل 2 - ئاي).

⑫ «پېڭ دېخۇەينىڭ قۇمۇلغا، ئۈرۈمچىگە ئەسكەر كىرگۈزۈش پىلانى توغرىسىدا ماۋجۇشىغا ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى» غا قارالسۇن (1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى).

⑬ «ماۋ زېدۇڭنىڭ پېڭ دېخۇەي يوللىغان قۇمۇلغا، ئۈرۈمچىگە ئەسكەر كىرگۈزۈش پىلانىغا سالغان تەستىقى» غا قارالسۇن (1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى).

⑮ «پېڭ دېخۇەينىڭ شىنجاڭغا كىرىش ۋاقتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا ماۋجۇشىغا ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى» غا قارالسۇن (1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى).

⑯ «پېڭ دېخۇەينىڭ 11 - ئاينىڭ باشلىرى، ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشقا بولىدىغانلىقى ھەققىدە ماۋجۇشىغا يوللىغان دوكلاتى» غا قارالسۇن (1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى).

⑰⑳㉒㉔㉟ «ماۋ زېدۇڭنىڭ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقى» غا قارالسۇن (1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى).

⑱㉑㉗㉟ «ماۋ زېدۇڭنىڭ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش ۋە غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي كومىتېتى، شىنجاڭ



ھەربىي - مەمۇرىي كومىتېتى قۇرۇش ھەم شىنجاڭ، شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىلىرىگە قويۇلىدىغان ئادەملەرنى تاللاش مەسىلىسى توغرىسىدا پېڭ دېخۇەيگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى» غا قارالسۇن (1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى).

⑲ «ماۋ زېدۇڭنىڭ پېڭ دېخۇەينىڭ لەنجۇغا ھۇجۇم قىلىش، چىڭخەي، شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق سوراش تېلېگراممىسىغا بەرگەن جاۋابى» غا قارالسۇن (1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى).

㉖ «ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇشنى تەكلىپ قىلىپ ئەخمەتجان قاسىمغا يازغان خېتى» گە قارالسۇن (1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى).

㉘ «مەركىزىي كومىتېتنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا پېڭ دېخۇەيگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى» غا قارالسۇن، (1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى) «ماۋ زېدۇڭنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ماقالىلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 1 - قىسمىنىڭ 87 - بېتىگە بېسىلغان.

㉙ سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «پارلاق ئەتە ئۈچۈن» دېگەن ئەسلىمىسىگە قارالسۇن. «خەلق گېزىتى» گە بېسىلغان (1984 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى).

㉚ «ماۋ زېدۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق 5 كىشىنىڭ قۇربان بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» غا ئەۋەتكەن مەركىزىي كومىتېتنىڭ تېلېگراممىسى» غا قارالسۇن (1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى).

㉛ «ماۋزېدۇڭنىڭ مابۇفاڭنى يوقىتىش ئۇرۇشى توغرىسىدا پېڭ دېخۇەيگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى» غا قارالسۇن (1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى) «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 23 - قىسمىغا بېسىلغان.

㉞㊴㉝ «جاڭ جىجۇڭنىڭ ئەسلىمىلىرى» گە قارالسۇن (تارىخىي ماتېرىياللار نەشرىياتى 1985 - يىل 2 - ئاي نەشرى) 581 - ، 586 - ، 587 - بەتلەر.

㊵㊲㊸ بۇرھان شەھىدىنىڭ «شىنجاڭنىڭ 50 يىللىقى» ناملىق كىتابىغا قارالسۇن (تارىخىي ماتېرىياللار نەشرىياتى 1984 - يىل نەشرى)، خەنزۇچە 586 - ، 587 - بەتلەر.

㊳ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇقى»غا قارالسۇن (1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى).

㊶ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دېڭ لىچۈننىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىشى توغرىسىدىكى بۇيرۇقى» غا قارالسۇن (1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى).

㊷ «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي تېلېگرامما باياناتى» غا قارالسۇن (1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى).

«شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گېنېرال - جەڭچىلەرنىڭ ئومۇمىي تېلېگرامما باياناتى» (1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى).

«شىنجاڭ گېزىتى» 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى.

㊹ «ماۋزېدۇڭ، جۇ دېنىڭ تاۋ شىيۆ، بۇرھان شەھىدىنىڭ 25 - ، 26 - كۈنلىرى يوللىغان تېلېگراممىسىغا جاۋابەن بەرگەن تېلېگراممىسى» غا قارالسۇن (1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى)



(«شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ تەرجىمىھالى خەۋىرى» 1991 - يىل 1 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى).

## ئاپتورنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

ياڭ چېيەن، ئەر، 57 ياش، خېلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ جامۇس شەھىرىدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش تەھرىر.

ۋاڭ شياۋۋېي، ئەر، 33 ياش، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ فوپىڭ ناھىيىسىدىن، تەھرىر.

(«شىنجاڭ گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى» ژۇرنىلىنىڭ 91 - يىل 2 - سانىدىن ئېلىندى).

ئۆمەرجان سادىق تەرجىمىسى

# جىڭ ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشى

ئىمىنوۋ ئىبلاخۇن

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى، شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە سالغان ئالۋان - ياساق، مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىشى چېكىگە يېتىپ، ھەر مىللەت خەلقى چىداپ تۇرالمايدىغان ھالەتكە يەتتى، شۇڭا، خەلق ئامالسىز قولىغا قورال ئېلىپ گومىنداڭنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ئاتلاندى.

بۇ كۈرەش ئالدى بىلەن ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق نىلقا ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى ئۇلاستاي تېغىدا پارتلاپ، 1944 - يىل 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى نىلقا پارتىزانلىرى نىلقا بازىرىنى ئىشغال قىلدى، ئارقىدىنلا نىلقا ناھىيىسىنىڭ باشقا جايلىرىنىمۇ ئازاد قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن قوزغىلاڭچى پارتىزانلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى ۋە كۈچىمۇ ئۇلغايدى. 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قوزغىلاڭچىلار غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىپ، غۇلجا شەھىرىنى ئىشغال قىلدۇ، گومىنداڭنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى ھەرەمباغقا قېچىپ كىرىۋالدۇ ۋە 84 كۈن جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن



بولسىمۇ، ئاخىرى يوقىتىلدۇ. گومىنداڭنىڭ يازدەمگە كەلگەن قىسىملىرىمۇ يېڭىلىپ جىڭ ناھىيىسىگە قېچىپ بىرىۋالدۇ.

## جىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى جەڭلەر

جىڭ ناھىيىسى شىخۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىككى تەرىپى سۇسىز چۆل ۋە قۇملۇق، جەنۇبىي تەرىپى تاغلىق؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان شۇنداقلا ئۈرۈمچى - ئىلى تاشيولى ئۈستىگە جايلاشقان مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە رايونلارنىڭ بىرى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جىڭ ناھىيە مۇداپىئەسىنى ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىغا قارشى تۇرىدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك مۇستەھكەم ئىستىھكام، شىخو، جىڭ ئىككى ناھىيىنى ساقلاپ قېلىش - قالالماسلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراپ، يېڭى ئىككىنچى جۇن قارىمىقىدىكى 3 - ئاتلىق دىۋىزىيە، 7 - زاپاس دىۋىزىيە، 45 - دىۋىزىيە قاتارلىق قىسىملاردىن بولۇپ 10 مىڭدىن ئارتۇق قوراللىق ئەسكىرىي كۈچىنى شىخو، جىڭ ناھىيىلىرىگە يۆتكەپ ئەكىلىپ، مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى كۈچەيتىشكە جىددىي كىرىشكەنىدى. گېنېرال شەي فىڭ 2 - جۈننىڭ قوماندانلىقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ جىڭ، شىخو ئۇرۇشىغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلدى. 45 -

دىۋىزىيە كوماندىرى گېنېرال گۇ چىنىڭ جىڭ ئالدىنقى سەپ بىتون فرونتىغا قوماندانلىق قىلدى.

## دۈشمەن تەرەپ ئەھۋالى

گېنېرال گۇ چىنىڭ ئۆز قوماندانلىقىدىكى 45 - دىۋىزىيىسىنىڭ 2 - پولكى، زاپاس 7 - دىۋىزىيىسىنىڭ 20 - پولكى ۋە تاغ زەمبىرەكچى قىسىملىرىدىن بولۇپ 7000 دىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچىنى جىڭنى نۇقتا قىلغان ھالدا يۇنجىخۇ، باجاخۇلارنى ئاساسىي ئالدىنقى لىنىيە قىلىپ قارا تۇمشۇق، قۇمبۇلاق، كۆل ئۆرتەڭ، توغراق چازا قاتارلىق يول ئۈستىدىكى مۇھىم بېكەتلەرگە، بولۇپمۇ ئاساسىي كۈچىنى يۇنجىخۇ، باجاخۇ، جىڭلارغا ئورۇنلاشتۇردى. مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى كۈچەيتىپ، قوماندانلىققا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، مۇداپىئە لىنىيىلىرىگە تېلېفون سىملىرىنى تارتىپ، ئالاقە يوللىرىنى كۈچەيتتى. جىڭ بازىرى ئىچىدىكى خەلقنى مەجبۇرىي شىخو تەرەپكە كۆچۈردى، خەلقنىڭ ئۆيلىرىگە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئورۇنلاشتى. بەزى دەل - دەرەخلەرنى كېسىپ، ئۆيلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، چوڭقۇر خەندەكلەرنى، ئاكوپلارنى كولاپ، ئورغۇنلىغان پوتەيلەرنى ياسىدى، بۇ مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى ياساش جەريانىدا خەلقنى مەجبۇرىي تۇتۇپ كېلىپ ئىشلەتتى. گومىنداڭنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىنى تارتىۋاتقان بەزى كىشىلەر ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى



ئىگىلىگەن رايونغا قېچىپ بېرىپ، دۈشمەن ئەھۋالىدىن مەلۇمات بەردى.

## بىز تەرەپنىڭ ئەھۋالى

غۇلجا ئاتلىق چوڭ ئەترەت كەڭساي، تەلكە داۋىنىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شەرققە قاراپ قاچقان 3 - پولكىنى داۋاملىق ئارقىدىن قوغلاپ زەربە بەردى. ئالىبۇرۇن داشۇگور داۋانى ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغان لىسكىن رەھبەرلىكىدىكى 800 دىن ئارتۇق كەڭساي ئاتلىق ئەترەت چۆلدە دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇپ قاتتىق زەربە بەردى. بۇ يەردىكى ئۇرۇش ناھايىتى كەسكىن بولۇپ، ئاخىرى دۈشمەن قالايمىقانلىشىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئۆز ئالدىغا قېچىشقا باشلىدى، نەتىجىدە دۈشمەننىڭ 3 - پولكى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى.

كەڭساي ئاتلىق چوڭ ئەترەت پارتىزانلىرى توختاۋسىز ئىلگىرىلەپ سىتەي ئەتراپىدىكى دۈشمەننىڭ 2 - پولكىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى بۇ ئورۇندىن قوغلاپ چىقىرىپ جىڭ ناھىيىسىنىڭ داخىياڭزا رايونىغىچە ئىلگىرىلەپ باردى.

1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، غۇلجا شەھىرىدە داغدۇغىلىق چوڭ يىغىن ئېچىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. ھەرقايسى پارتىزان ئەترەتلەر مۇنتىزىم قىسىم تۈزۈلەرگە

ئايرىلىپ، نام بېرىلىپ، بايراق تەقدىم قىلىندى. شۇ كۈندىن تارتىپ تارقاق پارتىزانلار ئەترىتى مۇنتىزىم ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بولۇپ قۇرۇلدى. خۈيزۇ پارتىزانلىرىغا «5 - ئۇتلىق دىۋىزىيون» دەپ نام بېرىپ، ئالدىنقى فرونت جىڭ ناھىيىسىگە بېرىش جەڭگىۋار بۇيرۇقى بېرىلدى. ئۇلار غۇلجىدىن تېزلىك بىلەن يولغا چىقىپ، ھەر تەرەپتىن داخىياڭزىنى قورشاپ تۇرغان قىسىملارغا بېرىپ قوشۇلدى. 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىمىز داخىياڭزىغا ھۇجۇم باشلىدى. دۈشمەن بىرنەچچە سائەت ئىلگىرىلا مىللىي ئارمىيىنىڭ كېلىپ ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقۇپ ماشىنا ۋە پىيادە بولۇپ داخىياڭزىنى تاشلاپ جىڭغا قېچىپ كەتكەنىدى، نەتىجىدە بىر پاي ئوق ئېتىلماي داخىياڭزە ئىشغال قىلىندى.

1945 - يىل 3 - ئايدا تەشكىللەنگەن بايچۇرىن رەھبەرلىكىدىكى 80 دىن ئارتۇق ئاتلىق پارتىزانلار ئىككى ئەترەتكە بۆلۈنۈپ، بىر كىچىك ئەترەت يولداش سەيدە مەخمۇتوۋ، تۇرسۇنلارنىڭ باشچىلىقىدا 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى يولغا چىقىدۇ. ئۇلار زىكىر، ئارسلان، موسۇن قاتارلىق قىش، ياز، مۇز - قاردىن خالى بولمايدىغان داۋانلار ئارقىلىق ھەر خىل تەبىئىي قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىخۇ بىلەن جىڭ ئارىلىقىدىكى سارغازىرغا يېتىپ كېلىدۇ، ئاندىن سارغازىردىن نىلقىغا ئاشىدىغان چاغاتاي داۋىنىنى ساقلاپ تۇرغان دۈشمەننىڭ ئىككى پەي ئەسكىرىگە 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى



تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، 14 نەپەر دۈشمەننى ۋە 14 مىلتىق، بىر قول پىلىموتنى غەنىيمەت ئېلىپ بۇ مۇھىم ئىككى داۋاننى ئىشغال قىلىدۇ، قالغان دۈشمەنلەر قېچىپ كېتىدۇ. پارتىزانلار سارغازىردىكى قازاق، موڭغۇل قېرىنداشلارنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئىگە بولىدۇ. پارتىزانلار دۈشمەننىڭ شىخۇ، جىڭ ئارىلىقىدىكى قاتناش، ئالاقە يوللىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، دۈشمەننىڭ ئالاقىسىنى قىيىنلاشتۇردى.

داخىيەڭزا ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، جىڭ فرونتتىكى بارلىق قىسىملىرىمىزغا گېنېرال لېيتىنانت ئىسھاقبېك قوماندانلىق قىلدى.

غۇلجا 2 - پولكىنىڭ بىر روتىسى خۈيزۇ ئاتلىق دىۋىزىيون، شىبە ئاتلىق ئىسكادرون قاتارلىق قىسىملار باجاخۇ، يۈنجىخۇ ئالدىنقى سېپىدە پاشا، كۆكيۈنلەرنىڭ ئادەم، ئاتلارنى چېقىپ ئارام بەرمەسلىكى ۋە كۈننىڭ قاتتىق ئىسسىق بولۇشىدەك قىيىنچىلىقلارغا، شۇنداقلا دۈشمەننىڭ ئايروپىلان، زەمبىرەكلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئارقا - ئارقىدىن ئېلىپ بارغان چوڭ - كىچىك ھۇجۇملىرىغا 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر بەرداشلىق بېرىپ تۇردى.

مىللىي ئارمىيە قۇرۇلۇپ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، قوماندانلىق شتاب مىللىي ئارمىيىنى تەشكىلىي جەھەتتىن ياخشى رەتلەپ، پىششىق ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، قورال، ئوق - دورا، ئۇرۇشقا لازىملىق ماددىي ئەشيا، ترانسپورت قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۇرۇش

تەييارلىقنى جىددىي ئېلىپ بېرىپ، جەڭگە ھۇجۇم قىلىدىغان قىسىملارنى ئالدىنقى سەپكە يۆتكەپ كېلىپ مۇنداق ئورۇنلاشتۇردى:

غۇلجا 2 - پولك (كوماندىرى پىدايوۋ، كومىسسارى مامۇت ئاخۇن) زەمبىرەكچىلەر دىۋىزىيون داخىيەگۇزىدا، تېكەس 1 - ئاتلىق پولك (كوماندىرى مەۋلانوۋ، كومىسسارى رەھمۇق) ئاچال داۋانىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە، 4 - زاپاس غۇلجا پولك (كوماندىرى قىيىۇمبەك، كومىسسارى ھاشىر ۋاھىدى) سىتەي، ئىرتەيلەرگە جايلاشتى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئورتا فرونت جىڭنى ئىشغال قىلىش ئورۇشىغا قاتنىشىدىغان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ سانى 4000 دىن ئارتۇق بولۇپ، دۈشمەن كۈچلىرىگە نىسبەتەن سان ۋە قورال جەھەتتىن خېلى تۆۋەن ئورۇندا تۇراتتى.

جىڭ فرونتىنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى قىسىملىرىمىز دۈشمەن تەرەپكە رازۋېتكىغا چىقىپ ئەھۋال ئىگىلەپ ۋە ئالدىنقى سەپ قاراۋۇللىنى كۈچەيتىپ، مۇداپىئەنى ساقلاپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يەنى 1945 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا خۇيزۇ ئاتلىق دىۋىزىيونىدىن لەيجىخۇا، پەيشەر ۋە يوجاكيو قاتارلىق ئۈچ ئەبلەخ قاراۋۇللۇقتا چىققان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىپ، دۈشمەن تەرەپكە قېچىپ كېتىدۇ ۋە بىزنىڭ قىسىملىرىمىزنىڭ ئورۇنلاشقان ئورنى، يەر شارائىتى، ئىچكى ئەھۋالى، ئادەم ۋە قورال - ياراق سانى، ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارى قاتارلىق ھەربىي مەخپىيەتلىك



نى دۈشمەنگە مەلۇم قىلىپ قويىدۇ. خائىنلار قېچىپ كېتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، يەنى 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، دۈشمەن ئايروپىلانى خۇيزۇ ئاتلىق دىۋىزىيونىنى بومباردىمان قىلدى. شۇ كېچىسى سائەت ئىككىدە جىڭدىكى دۈشمەن 2500 دەك ئەسكىرىي كۈچ بىلەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم باشلىدى. دۈشمەننىڭ رازۋېتچىكلىرى بىزنىڭ ئالاقە تېلېفون سىملىرىمىزنى ئۈزۈپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن، ئالدىنقى سەپ لىنىيىدىكىلەر ئارقا سەپ قوماندانلىق شتابى بىلەن ئالاقىلىشالمايدۇ. دۈشمەن قورشاۋنى بارغانسېرى تارايتىپ ھۇجۇم قىلىدۇ. نەتىجىدە 1 - لىنىيىدىكىلەر چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. دۈشمەنلەر بىزنىڭ روتا، ئىسكادرونلىرىمىزنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالىدۇ، قىسىملىرىمىز قورشاۋدىن چىقىشقا ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، بىراق چىقالمايدۇ. دۈشمەن بىزنىڭ ياردارلار ياتىقىمىزنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى، بۇ ياردارلاردىن 12 نەپەر كىشى قۇربان بولدى. قالغان ياردارلار ئۇرۇشنى كەسكىن داۋاملاشتۇردى، شىبە ئىسكادرون دۈشمەن بىلەن قەيسەرلىك بىلەن قوچاقلاشما جەڭ قىلدى. ئارقا سەپتىن ياردەم كۈچ يېتىپ كەلگىچە شۇ جەڭ مەيدانىدىكى قىسىملىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتىنى، جەڭ قىلىش ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ تىغمۇ تىغ ئېلىشىدۇ. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، غۇلجا 2 - پولكنىڭ بىر باتالىيونى ياردەمگە يېتىپ كېلىپ، دۈشمەننى سىرتتىن ئىسكەنجىگە ئېلىپ قاتتىق ئوت ئاچىدۇ.

مەنسۇر لومىيوۋ قوماندانلىقىدىكى خۇيزۇ ئاتلىق دىۋىزىيون بارلىق پىلىموت، مىلتىقلارنى ئىشقا سېلىپ، تاشيول بويلاپ دۈشمەنگە زەربە بېرىدۇ؛ شىبە ئاتلىق ئىسكادرون شەسەن باياتنۇ قوماندانلىقىدا دۈشمەنگە ئارقا - ئارقىدىن ئۈزۈلدۈرمەي ئوت ئاچىدۇ ۋە قۇمتاغ ئاستىغا توپلىشىۋالغان دۈشمەننى مىنامىيوت بىلەن بومباردىمان قىلىپ، ئۇلارنى بارغانسېرى ھالسىرىتىدۇ. ھەر جەھەتتىن بىزدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق تۇرىدىغان دۈشمەن، قەھرىمان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىمىزنىڭ قەيسەرلىك بىلەن ئېلىپ بارغان يېرىم كۈنلۈك قايتارما ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاخىرى كەينىگە قاراپ قاچىدۇ، قىسىملىرىمىز ھەر تەرەپتىن بىردەك ئاتاكىغا ئۆتۈپ يىگىچۇ يېزىسىدىكى ئالدىنقى سەپ 1 - لىنىيىنى قايتۇرۇۋېلىپ، دۈشمەننى باجاخۇ، جىڭغا قەدەر قوغلاپ بارىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا ئارمىيىمىز دۈشمەننىڭ 500 دىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقىتىپ، نۇرغۇنلىغان ئېغىر - يېنىك قوراللار ۋە ئوق - دورىلارنى غەنىيمەت ئالدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا شىبە ئىسكادرونىنىڭ پىلىموتچىكى جولەن بىلەن بەنجاڭ جاڭجىڭ قەھرىمانلىق كۆرسەتتى.

شۇ كۈنى، 1945 - يىل 6 - ئايدا ئاسىيلىق قىلىپ دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن ئۈچ نەپەر خائىننىڭ قىسمىمىز ئىچىدىكى يەتتە نەپەر شېرىكىنىڭ جىنايى پاكىتى پاش قىلىنىپ، ئۇلار دەرھال ھەربىي سوتقا تاپشۇرۇلدى.

7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، تېكەس 1 - ئاتلىق



پولك دۈشمەننى رازۋېت قىلىش ئۈچۈن بىر ئىزۋوتنى جىڭغا ئەۋەتىدۇ. لېكىن ئىزۋوت كوماندىرى ئاشاروۋنىڭ بىخوتلۇقىدىن بۇ ئىزۋوت جىڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پىلىموتچىك ناسىر دۈشمەنگە شىددەت بىلەن ئوت ئېچىپ، 10 نەپەر جەڭچىنىڭ مۇھاسىرىنى يېرىپ چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئۆزىگە خەۋپ يەتكەندە، ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ خەتەردىن قۇتۇلۇپ، ئىككى كۈندىن كېيىن ساق - سالامەت ئۆز قىسمىغا كېلىپ قوشۇلىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا 15 نەپەر جەڭچى قۇربان بولۇپ، 6 نەپەر جەڭچى دۈشمەن ئەسىرىگە چۈشۈپ قالىدۇ.

## جىڭ ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىش

1945 - يىل 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا جىڭغا ھۇجۇم قىلىدىغان قىسىملىرىمىزنىڭ تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن، گېنېرال لېيتىنانت ئىسھاقبېكنىڭ باشقۇرۇشىدا جىڭ فرونتىدىكى قىسىم كوماندىرلىرىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى. بۇ يىغىندا جىڭغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلاپ، جىڭنى ئىشغال قىلىش ھەققىدە تۆۋەندىكىچە بۇيرۇق بېرىلدى: ① دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچى، قوراللىنىشى، مەقسىتى، ئوت توچكىلىرى، مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى قاتارلىقلارنىڭ ئەھۋالى؛ ② بىزگە بېرىلگەن ۋەزىپە ۋە ھەرقايسى قىسىملارنىڭ ۋەزىپىلىرى، ئەسكىرىي كۈچ، قوراللارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى؛ ③ يەر شارائىتىدىن قانداق

پايدىلىنىش، پايدىلىق ۋە پايدىسىز، يەر شارائىتى ئەھۋالى؛ ④ جەڭدە قوللىنىلىدىغان بەلگە ئوقى، سىگنال، پىرابوسكا (ئۆزئارا سۆزلىشىدىغان مەخپىي بەلگە)، ھۇجۇمنىڭ ۋاقتى قاتارلىق ئەھۋاللار؛ ⑤ قوشنا قىسىملارنىڭ ۋەزىپىسى، جەڭدە ئۆزئارا ياردەملىشىش، ماسلىشىش، ۋە ئالاقىلىشىش ئەھۋالى؛ ⑥ ئېغىر قوراللارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئوت ئېچىش نىشانلىرى، ئوت توچكىلىرى ئەھۋالى؛ ⑦ قايسى قىسىملارنىڭ قەيەردە بۇيرۇق كۈتۈپ، جەڭگە تەييارلىنىپ تۇرۇش ئەھۋالى؛ ⑧ قوماندانلىق شتاب، سانتار پونكىتلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئورۇنباسارلارنى بەلگىلەش (مۇبادا بىرىنچى قول قوماندان قۇربان بولسا ياكى يارىدار بولسا، بەلگىلەنگەن ئادەم دەرھال قىسمىغا قوماندانلىق قىلىش) قاتارلىقلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە ھەرقايسى قىسىملارنىڭ يۇقىرىدىكى بۇيرۇق ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشنى قەتئىي ئىجرا قىلىش تەكىتلەندى.

## ھۇجۇمنىڭ بىرىنچى قەدىمى

بىرىنچى قەدەمدە يۈنجىخۇ، باجاخۇغا ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچىنى باجاخۇغا جەلپ قىلىپ تۇرۇپ ھۇجۇم قىلىش؛ غۇلجا 2 - پولك باجاخۇنىڭ غەربىي تەرىپىدىن، خۇيزۇ ئاتلىق دىۋىزىيون غەربىي شىمال تەرىپىدىن، شىبە ئاتلىق ئىسكادرون شىمالىي تەرىپىدىن، 4 - زاپاس پولكنىڭ 1 - باتالىيونى باجاخۇ



بىلەن جىڭ ئارىلىقىدىن ھۇجۇم قىلىش؛ زەمبىرەكچىلەر دىۋىزىيونى ئارقىدا تۇرۇپ بومباردىمان قىلىشتەك ھالقىسىمان جەڭ پىلانى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 5 دە ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى گېنېرال لېيتېنانت ئىساقبېك تەرىپىدىن بېرىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلاندى.

مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىمىز دۈشمەنگە قارىتا شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ قارشىلىقلىرىنى يىمىرىپ تاشلاپ تېز ئىلگىرىلىدى. بولۇپمۇ شىمالىي تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن شىبە ئىسكادرون دۈشمەننىڭ يۈنجىخۇ مۇداپىئە ئىستېھكامىغا باستۇرۇپ كىرىپ، يەنە بىر قېتىم قوچاقلاشما جەڭ قىلدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن دۈشمەن يۈنجىخۇدىكى ئىستېھكامنى تاشلاپ باجاخۇغا چېكىندى. بۇ ۋاقىتتا تېكەس 1 - ئاتلىق پولكى بىلەن زاپاس 4 - پولكنىڭ 1 - باتالىيونى شەرق، جەنۇب تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، باجاخۇدىكى دۈشمەننى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. باجاخۇدىكى ئۇرۇش ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، دۈشمەننىڭ پوتەيلەرگە تايىنىپ كۆرسەتكەن قارشىلىقلىرى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىمىزنى خېلى زور چىقىمغا ئۇچراتتى، بولۇپمۇ تاشيولنىڭ جەنۇبىي ئېگىزلىكىگە جايلاشقان پوتەيى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىمىزنىڭ ئىلگىرىلىشىگە زور قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈردى، مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، 4 - زاپاس پولكنىڭ 1 - باتالىيون جەڭچىلىرىدىن مەستوۋ ئابدۇكېرىم، نادىروۋ زوھرۇللام، تاھىر مامۇت، ئابدۇللا مامۇت قاتارلىق 5 نەپەر جەڭچى

تەشەببۇسكارلىق بىلەن رەھبەرلىكنىڭ رۇخستىنى ئېلىپ، يامغۇردەك يېغىۋاتقان دۈشمەن ئوقىغا قارىماي قەھرىمانلىق بىلەن كۆكرەك كېرىپ، دۈشمەن پوتىيىسىگە قاراپ ئىلگىرى-لىدى. ئىلگىرىلەش يولىدا بۇلاردىن بىرى قۇربان بولۇپ، ئۈچى يارىدار بولىدۇ. ئۆز ھاياتىنى خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن بېغىشلىغان نادىروۋ زوھروللام پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ناھايىتى چاققانلىق بىلەن پوتەيگە يېقىنلاپ بېرىپ، پوتەيگە ئارقا - ئارقىدىن گىرانات تاشلاپ دۈشمەننى ئۈجۈقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئوقىنى توختاتتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن قىسىم تېزلىك بىلەن سەپ بويىچە شىددەت بىلەن «ھۇررا» سادالىرىنى ياڭرىتىپ ئاتاكىغا ئۆتتى ۋە 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگە ئۆتەر كېچىسى يۈنجىخۇ، باجاخۇلارنى ئىشغال قىلدى، دۈشمەنلەر جەسەتلىرىنى تاشلاپ جىڭغا قاراپ قاچتى.

## ھۇجۇمنىڭ ئىككىنچى قەدىمى

مىللىي ئارمىيىنىڭ جىڭ ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىش شتابى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا پايدىلىق بولغان قولايلىق ۋەزىيەتنى چىڭ تۇتۇپ تېزدىن جىڭغا (جىڭ بازار ئىچىگە) ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئورۇنلاش-تۇرۇپ بېكىتتى: غۇلجا ئىككىنچى پولك بىلەن زەمبىرەك-چىلەر دىۋىزىيونى جىڭنىڭ غەربىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش؛ خۇيىزۇ ئاتلىق دىۋىزىيون، شىبە ئىسكادرون قاتارلىق قىسىملار جىڭنىڭ غەربىي شىمالىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش؛



تېگەس 1 - ئاتلىق پولك جىڭنىڭ شەرقىي تەرىپىگە، يەنى دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ قېچىش يولىنى توسۇشتىن ئىبارەت جەڭگىۋار بۇيرۇق قىسىملارغا تاپشۇرۇلۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئەتىگەن سائەت ئۈچتە مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىمىز جىڭغا ئاخىرقى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى. دۈشمەن مۇداپىئە لىنىيىلىرىدىكى پوتەيلەردىن پايدىلىنىپ، پىلىموتلارنى ۋە ئېغىر - يېنىك قوراللىرىنى ئىشقا سېلىپ، ھۇجۇمغا ئۆتكەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىمىزنى توسۇشقا قاتتىق تىرىشتى، بولۇپمۇ پوچىڭزىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان پوتەيدىكى دۈشمەنلەر قاتتىق ئوت ئېچىپ، قىسىملىرىمىزنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسماقتا ئىدى، ئاخىرى قەھرىمان مەرگەنلىرىمىز پوتەي ئىچىدىكى دۈشمەنلەرنى ئېتىپ تاشلاپ، پوتەيلەرنى ئۈجۈقتۇردى. لېكىن دۈشمەن جىڭ مۇداپىئەسىنىڭ غەربىگە ئورۇنلاشتۇرغان 8 پوتەيىدىكى ئوت توچكىسىغا تايىنىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. تېكەس 1 - ئاتلىق پولك جەڭچىلىرىدىن 9 نەپەر قەھرىمان دۈشمەننىڭ ئوت توچكىلىرىنى ۋەيران قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن ئىشەنگەن ئاخىرقى ئوت توچكىلىرىدىن ئايرىلدى. پۈتۈن قىسىملىرىمىزنىڭ ئىلگىرىلىشىگە يول ئېچىلىپ، ياخشى شەرت - شارائىت يارىتىلدى. دۈشمەن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، ئاخىرقى جان تالىشىش ۋاقتىدا جىڭ كۈۋرۈكىگە ئوت قويۇپ، شىخۇدىكى قىسىم-لىرى بىلەن بىرلىشىش مەقسىتىدە شەرققە قاراپ قاچتى.

گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك قوماندانلىقىدىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىمىز تاڭ سەھەر سائەت سەككىزدە جىڭنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلدى.

قاچقان دۈشمەنلەرنى ئاتلىق قىسىملىرىمىز ئارقىدىن قوغلاپ تاش داۋاندىن ئۆتۈپ قۇمبۇلاققا كەلدى. تېكەس 1 - ئاتلىق پولك، خۇيزۇ ئاتلىق دىۋىزىيون، شىبە ئاتلىق ئېسكادرون قاتارلىق قىسىملىرىمىز بۇ يەردە جەم بولۇپ دەم ئالغاندىن كېيىن، ئىككى سەپكە بۆلۈنۈپ تاغ ئېتەكلىرى، تاشيول، ھارۋا يوللىرىنى بويلاپ دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن داۋاملىق قوغلاپ ماڭدى. قاچقان دۈشمەنلەر جىڭنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى قارا تۇمشۇق، قۇمبۇلاق، توغراق جازا، كۆلئۆتەڭ قاتارلىق مۇھىم يوللارنى توسۇپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىزنىڭ ئاتلىق قىسىملىرىمىزنىڭ ھەر تەرەپتىن بەرگەن قاتتىق زەربىسىگە ئۇچراپ، ئۆتەر يوللاردىكى مۇداپىئە ئورۇنلىرىنى تاشلاپ ئارقىمۇ ئارقا سىرتقا قاراپ قاچتى. ئاتلىق قىسىملىرىمىز بۆرتاجى، چىڭشۇرغىچە دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلدى. بۇ جايدا دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىنى مۇھاپىزەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئاتلىق قىسىملىرى قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىزنىڭ قىسىملىرىمىز تەرىپىدىن بېرىلگەن قاتتىق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، [illegible] پۈتۈنلەي قالايمىقانلىشىپ، پىتىراپ، بېشى قايغان تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلىدى.

جىڭدىن پىيادە قاچقان دۈشمەن سۇسىز چۆللەردىكى ئۇزۇن مۇساپە ۋە قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي،



تۈركۈم - تۈركۈملەپ مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىمىزغا تەسلىم بولدى.

بۇ ۋاقىتتا، شىخۇ بىلەن جىڭ ئارىلىقىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان بايچۈرىن پارتىزانلىرى بىلەن شىخۇ ئۇرۇشىغا قاتناشقان تارباغاتاي 6 - پولكىنىڭ بىر قىسمى، موڭغۇل ئاتلىق دىۋىزىيون قاتارلىق قىسىملارنىڭ بىر پولكى جىڭدىن قاچقان بۆرتاجى ئەتراپىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ، دۈشمەننىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن قىسىملىرىمىزغا ماسلىشىپ دۈشمەننىڭ ئالدى - كەينىدىن قىسىپ قاتتىق زەربە بەردى، نەتىجىدە دۈشمەنلەر پۈتۈنلەي تەسلىم بولدى.

دۈشمەننىڭ ئالدىنقى سەپ جىڭ فرونتىنىڭ قوماندانى گېنېرال گۇ چىننىڭ باشلىق 200 دىن ئارتۇق دۈشمەن مۇھاسىرىنى يېرىپ چىقىپ قېچىپ كەتتى. ئۇندىن باشقا شىخۇنىڭ شىمال، جەنۇب تەرەپلىرىدە تاشيولنى بويلاپ قاچقان دۈشمەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شىخۇنى ئىشغال قىلغان قىسىملىرىمىز، بولۇپمۇ 1 - سۋىدۇڭ ئاتقۇچى پولك قىسىملىرى تەرىپىدىن كونا شىخو، كۈيتۇڭ، يەنسىخەي ئەتراپلىرىدا پۈتۈنلەي يوقىتىلدى.

## گېنېرالنىڭ ئەسىرگە ئېلىنىشى ۋە غەنىمەتلەر

گېنېرال گۇ چىننىڭ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ 200 دەك ئەسكىرى بىلەن قاچقان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىرلەپ - ئىككىلەپ قېچىپ ئازغىنا ئادىمى بىلەن

قالدۇ. ئۇنىڭ مىنگەن ئېتىنى كېچىسى بىر ئەسكىرى
ئوغرىلاپ مىنىپ قېچىپ كېتىدۇ. گۇچېنىڭ ئامالسىز گېې-
نىراللىق كىيىملىرىنى تاشلاپ، جەڭچىلەرنىڭ كىيىمىنى
كىيىپ، قالغان ئۈچ ئەسكىرى بىلەن كوندۇزى ئورمانىنى
پاناھ قىلىپ، كېچىسى تاشيول بويلاپ شەرققە قاراپ قا-
چىدۇ. بۇ گېنېرال تاماق، سۇلاردىن قىينىلىپ، ئېتىزلار-
دىكى (9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى) قوناقلارنى ئوغرىلاپ
ئېلىپ، بەزىلىرىنى ئوتتا پۇچىلاپ، بەزىلىرىنى خام يەيدۇ.
ئۇلار مىڭبىر تەسلىكتە يەنىسخەي ئورمانلىقىغا (12
كوندە) ئاران يېتىپ كېلىپ، بۇ يەردە قايسى تەرەپكە
مېڭىشىنى بىلەلمەي تېنەپ يۈرگەندە، ئىككى ئەسكىرى
بىلەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ئۈچ نەپەر ئەسكىرى
تەرىپىدىن ئەسىرگە چۈشىدۇ. بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز
ئۇلارنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرۇپ بىر تاپانچا، بىر قول سا-
ئىتىنى تېپىۋېلىپ، ئۇلارنى يالاپ، ئىنسانپەرۋەرلىك
بىلەن ھېچقانداق زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەي تەشكىلگە
ئەكىلىپ تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.
ئارمىيىمىزدىكىلەر ئوخشاش ئەسكەر كىيىمى كىيگەن
بۇ ئەسكەرلەردىن بىرىدىن تاپانچا ھەم سائەت چىققانلىقى
ۋە ياش - قۇرامىغا قاراپ گۇمانلىنىپ، قىستاپ سوراق
قىلغاندىن كېيىن، گۇ چېنىڭ كۆپ تەرسالىق قىلماي،
ئۆزىنىڭ جىڭ فرونتتىكى گومىنداڭ 45 - دىۋىزىيە
كوماندىرى گېنېرال گۇ چېنىڭ ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىدۇ.
ئارمىيىمىزدىكىلەر ئۇنىڭ سائىتىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، تۇر-
مۇشىغا ياخشى ئېتىبار بېرىپ، بىرنەچچە ئەسكەرنىڭ



مۇھاپىزەت قىلىشىدا ماشىنىغا سېلىپ شىخودىكى قومان-
دانلىق شتابىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى گومىنداڭ قو-
شۇنلىرىدىن ئەسىرگە چۈشكەن بىرنەچچە مىڭ ئەسىرلەرگە
ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن توغرا مۇئامىلە قىلىپ، تاماق،
ياتاق، تۇرمۇش جەھەتلەردىن ئېتىبار بېرىش بىلەن بىرگە،
ئۇلارنى مىللىي ئارمىيە ئەسكەرلىرىگە بېرىلىدىغان كى-
يىملەر بىلەن تەمىنلىدى. گېنېرال گۇ چېنىڭ بولسا
ئالاھىدە كۈتۈشكە ئىگە بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا گومىنداڭ-
نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىمۇ پەرقلىق ھالدا
ئوبدان كۈتۈلدى.
1946 - يىل 6 - ئايلاردا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-
بىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 11 ماددىلىق
بىتىمگە ئاساسەن ئەسىرلەرنى قايتۇرۇش ۋاقتىدا، گېنېرال
گۇچېنىڭنى غۇلجىدىن ئايروپىلان ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە ساق-
سالامەت ئەكېلىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ
بېرىدۇ.
جىڭنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشىدا، جىڭ ناھىيىسىدىكى
گومىنداڭنىڭ 7000 دىن ئارتۇق ئەسكەرلىرىدىن گېنېرال
گۇ چېنىڭ باشلىق 3487 نەپەر دۈشمەن ئەسكەرلىرى
ئەسىرگە ئېلىندى. قالغانلىرى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى.
ئەسىرگە ئېلىنغانلار ئىچىدە گېنېرال بىر نەپەر، پود پول-
كوۋنىك (جۇڭشياۋ) تۆت نەپەر، مايور (شاۋ شياۋ) 15 نە-
پەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار 198 نەپەر ئىدى.
بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا 12 دانە مىنامىيوت، 9 دانە

زەمبىرەك، 38 ئېغىر پىلىموت، ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان قول پىلىموتى، مىلتىق، گرانات، ئوق - دورا قاتارلىق ھەربىي ئەسلىھەلەر غەنىمەت ئېلىندى.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ھەربىي رايونى)



# شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى ماناس ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - سانائىتى توغرىسىدا

گويىجۇ

30 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 40 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى — شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋرى ئىدى. ئۇرۇش توختاپ، جەمئىيەت تىنچلىنىپ، شېڭ شىسەي دېھقان - چارۋىچىلارنى يۆلەش، سودا - سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بىر يۈرۈش چارە - تەدبىرلەرنى يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن، شەھەرلەردە سودا - سانائەت گۈللىنىپ، كۈنسايىن تەرەققىي قىلىۋاتقان يېڭى بىر دەۋر باشلانغانىدى. ماناس ناھىيە بازىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تامامەن ئۇيغۇن كېلەتتى. ئەينى ۋاقىتتا ناھىيە بازىرىدىكى ئۇيغۇرلار سودا - سانائىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۆۋەندىكىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

(1)

ئەينى زاماندا ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ناھىيە بازىر-
نىڭ شىمالىي بۇرجىكىگە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانىدى.
بىراق بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىشلەمچىلەر ۋە يەككە
تىجارەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇششاق ئېلىپ-
ساتارلار ئىدى. ئۇلارنىڭ دۇكانلىرى كۆپىنچە ئاۋات شە-
ھەر مەركىزىگە ۋە شەرقىي دەرۋازا سىرتىدىكى شۇي چاۋزا
كۆۋرۈكى ئەتراپىغا جايلاشقانىدى.

ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدىن باشقا،
بازار ئىچىدىكى غەربىي كوچىنىڭ غەربىي شىمال قانىتىغا،
يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي مەسچىتىدىن غەربىي دەرۋازا
ئىچىدىكى بەي شۇگچېڭ مەھەللىسىگىچە بولغان ئارىلىق-
قىمۇ ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئولتۇراقلاشقانىدى. مۇشۇ ئەتراپ-
تىكى كوچىلارغا بىرقانچە ئۆيلۈك مۇزدۇزخانا، دوپپا
دۇكىنى ۋە رېمونتخانىلار جايلاشقانىدى. كوچىنىڭ جەنۇبىي
قانىتىدا ئىككى ئۆيلۈك تۆمۈرچىلىك دۇكىنى ۋە يەنە
ياغاچچىلىق دۇكانلىرى بار ئىدى. بۇ جاينى ئۇيغۇرلار
سودا - سانائەت رايونى دېيىشكە بولاتتى.

بازار ئوتتۇرىسىدىكى غەربىي كوچىنىڭ جەنۇبىي
قانىتى، يەنى مامىڭلياڭنىڭ قورۇسىدىن تارتىپ «جىڭ
يىچىڭ» تۈرلۈك ماللار دۇكىنىغىچە بولغان ئارىلىقتا تۆت -
بەشتەك دۇكان بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئۇيغۇر
ساتىراشخانىسىدىن باشقا ھەممىسى مىلىچ ماللار دۇكىنى



بولۇپ، بۇلارمۇ ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا
ئىدى. چوڭ كوچىنىڭ شەرقىدىكى خەنزۇ ئۇيۇشمىسىنىڭ
ئۇدۇلىدىكى بۇرجەكتە يەنە ئۈچ - تۆت ئېغىز ئۇيغۇرلار
باشقۇرغان تۈرلۈك ماللار دۇكانلىرىمۇ بار ئىدى. ئەگەر
يۇقىرىدا ئېيتىلغان يەرلەرنى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاساس
قىلىنغان جاي دېيىلسە، ئۇنداقتا بۇ جاينى ساپ مىللىي
سودا رايونى دېيىشكە بولاتتى.

شەرقىي دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى كىچىك تۆت كوچىنىڭ
شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىدە، يەنى ھازىرقى يىمەك شىر-
كىتى ماگىزىنىنىڭ ئورنىدا بىر مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى
بولۇپ، ئۇ ئەينى زاماندا ناھىيە بازىرىدىكى ئەڭ چوڭ
مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى ھېسابلىناتتى. ئاشخانىنىڭ ئىشىكى
ئۈستىگە ئېسىلغان ۋېۋىسكىغا كۆركەم قىلىپ چۆگۈننىڭ
سۈرىتى سىزىلغان ھەم زەر بېرىلگەن «مۇسۇلمان»
دېگەن خەت يېزىلغانىدى. ئاشخانىنىڭ ئىچىدە ئون نەچچە
دانە تۆت بۇرجەكلىك جوزا قويۇلغان بولۇپ، خېرىدارلار
دائىم دېگۈدەك جوزىغا تولۇپ ئولتۇراتتى. بۇ جايدا
ئاساسلىقى ئاشمانتا بىلەن لەڭمەن، بوسۇ، سۈيۇقئاشلارمۇ
سېتىلاتتى. ئەگەر ھاراق ئىچىشكە سەي تەلەپ قىلىنسا،
ھەر خىل سەيلەر قورۇلۇپ بېرىلەتتى. مۇسۇلمانلار ئاش-
خانىسىنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ يولنىڭ (تەخمىنەن ھازىرقى
چوڭ يولنىڭ ئورنى) شەرقىي قانىتىدا 4 - 5 ئۆيلۈك
تۆمۈرچىلىك دۇكىنى، ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە گۆش
دۇكانلىرى بار ئىدى. ئۇ يەردە ھەممىشەم دېگۈدەك 7 - 8
ھەتتا ئون نەچچە غالتەكتە خادىغا ئېسىلغان لوق قوي

گۆشى سېتىلاتتى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ رايون ناھىيە بازىرىدىكى ئۇيغۇر سودا - سانائىتىنىڭ مەركەزلەشكەن جايى ئىدى.

(2)

ئەينى ۋاقىتلاردا بۇ ناھىيىدە چوڭ زاۋۇت تۇرماق، كۆلىمى چوڭراق قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىلىرىمۇ يوق ئىدى. سودا - سانائەت دەپ ئاتىلىدىغىنى پەقەت تارقاق، كىچىك كۆلەمدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىلىرى بولۇپ، ئۇلار كۆنچىلىك، موزدوزلۇق، سەيپۇڭچىلىق، دوپپا - تۇماقچىلىق، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، تامچىلىق، ناۋايچىلىق، قاساپچىلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

بازار ئوتتۇرىسىدىكى غەربىي كوچىغا جايلاشقان ئۇيغۇر مەسچىتى ئەتراپىدىن تارتىپ تاكى مەمەت شاڭزۇڭنىڭ قورۇسىغىچە بولغان ئۇزۇن كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە، 30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، بىرقانچە كۆنچىلىك، دوپپىچىلىق دۇكانلىرى ۋە بىر ئۆيلۈك سائەت رېمونتخانىسى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇلارنىمۇ ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى باشقۇراتتى.

كۆنچىلىك كەسپى بىرخىل مۇشكۇل كەسىپ ئىدى. بولۇپمۇ تېرىنى ئىشلىگەندە ئۇنىڭدىن چىققان ئىس بىلەن سېسىق پۇراققا چىداپ بولمايتتى. ھاۋا ئېغىر بۇلغىناتتى، مۇھىت تازىلىقىمۇ ئېغىر زىيانغا ئۇچرايتتى. شۇڭا بۇ



كۆنچىلەر ئەتراپتىكى ئاھالىلەرنىڭ قاتتىق نارازىلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇلار بازارنىڭ شىمالىي ۋە غەربىدىكى سېپىل تۈۋىدە بىرقانچە قېتىملا تېرە ئاشلىيالىدى - دە، ئامالسىز ئۆزلۈكىدىن كۆن - خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىشنى توختاتتى.

موزدوزخانىلاردا ئاساسەن ئۆتۈك، مەسە ۋە پوپۇچلار ئىشلەپ چىقىرىلاتتى. ئۇلار ئىشلىتىدىغان خام ئەشيالارنى يىغىپ ساتقۇچى يەرلىك سودىگەرلەردىن سېتىۋېلىپ، ئۆزلىرى كۆن - خۇرۇم قىلىپ پىشىقلاپ ئىشلەپ، ئاندىن ئۆتۈك، مەسە، پوپۇچ قىلىپ تىكىپ ساتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆتۈكلىرىنىڭ قونچى قوي تېرىسىدىن، باشلىقى، چەمى ۋە پاشنىسى كالا تېرىسىدىن تىكىلەتتى. مەسە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىنىپ كەلگەن كالاچ بىلەن كىيىلەتتى. پوپۇچ ھازىرقى شىبلىتلارغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ قونچىدىن باشقا يېرى پۈتۈنلەي ئېتىكلىك بولۇپ، لاي - پاتقاقلىق يوللاردا يۈرۈشكە ئەپچىل ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئەمەس، خەنزۇلارمۇ ئۇنى سېتىۋېلىپ كىيەتتى.

بۇ كىچىك كارخانىلارنىڭ ئىككى - ئۈچتىن ياكى تۆت - بەشتىن ئادەمى بار ئىدى. ھەرقايسىنىڭ بىردىن دۇكىنى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سايمانلىرى ناھايىتى ئاددىي ئىدى. قايچا ۋە ھەر خىل پىچاقتىن باشقا يىڭنە، پاختا يىپ، مىخ، بولقا، ياغاچتىن ياسالغان قېلىپ، كۆتەك، كۇۋۋالاردىن ئىبارەت ئىدى. ئىش ۋاقتىدا ئۇستا ۋە شاگىرتلارنىڭ ھۈنەر سەۋىيىسىگە قاراپ ئىش تەقسىم قىلىناتتى. بۇ جايدا بىرەرمۇ ماشىنا بولمىغانلىقتىن، ھەممە

مەشغۇلات پۈتۈنلەي قولدا قىلىناتتى. شۇڭا ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى دوپپىچىلىق دۇكىنى بولۇپ، ئۇنىڭغىمۇ بىر ئادەم ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. بۇ خوجا- يىنىنىڭ بىر دانە تىكىش ماشىنىسى بولۇپ، بۇ ماشىنا مەزكۇر خوجايىنىنىڭ ئەڭ چوڭ كاپىتالى ۋە قورالى ئىدى. دوپپا تىكىش ئۈچۈن دۇخاۋا، مەنچىستىر، چىبەرقۇت قاتارلىق خام ماتېرىيال ئىشلىتىلەتتى. كۆپرەك قارا، زەڭگەر، يېشىل رەڭلىك دۇخاۋىلار ئىشلىتىلەتتى. ئۇلار دوپپا تىكىشتە ئالدى بىلەن ھەرخىل ئەندىزىلەر بويىچە رەختلەرنى پىچى- ۋېلىپ، تىكىپ، ئاندىن ئۈستىگە گۈل كەشتىلەيتتى. دوپ- پىلارنى ئاساسەن ئائىلىلەردىكى خوتۇن - قىزلار تىكەتتى. بۇنىڭغىمۇ ھۈنەر كېتەتتى. ئۇدۇل كەلگەن كىشى تىكەل- مەيتتى. تىكىلگەن دوپپىلار تاملارغا ئېسىپ سېتىلاتتى. دوپپىنىڭ بازىرى ئىتتىك بولمىغان چاغلاردا، ھەرخىل پاختىلىق چاپان تىكىپمۇ ساتاتتى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بۇ كىچىك كۆلەمدىكى قول ھۈ- نەرۋەنچىلىك كارخانىلىرىنىڭ كونا جەمئىيەتتە ھېچ- قانداق تەرەققىيات ئىستىقبالى يوق ئىدى.

رېمونتخانىمۇ بىر كىچىك دۇكاندىن ئىبارەت ئىدى. دۇكاننىڭ تاشقىرىقى ئىشىكى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئىچىدە يەنە بىر قەۋەت قەغەز چاپلانغان ۋە ئۇ يەر، بۇ يېرىگە ئەينەك ئورنىتىلغان بىر پەنجىرە ۋە بىر كىچىك ئىشىك بار ئىدى. ئىچكىرىكى ئۆيگە مۇشۇ پەنجىرىدىن يورۇق كىرەتتى. دۇكاننىڭ ئىچى ئىنتايىن قالايمىقان بولۇپ،



ئەسكى تۆمۈر - تەسەك ۋە كونا زاپچاسلار بىلەن تولغانىدى، تام ئىشكاپىنىڭ ئۈستىدە زاماندىن قالغان، دات باسقان، چاڭ - توزان باسقان ۋە چەت ئەللەردە ئىشلەنگەن ئەسكى سائەتلەر تىزىقلىق ئىدى. بىرقانچە دانە كونا قويۇن سائىتىمۇ تامدا ئېسىقلىق ئىدى. يەنە ئاپتوماتىك ۋاقىت مەلۇم قىلىدىغان خېلى چوڭ بىر دانە سائەتمۇ بار ئىدى. بۇ دۇكاندارنىڭ ئەڭ كۆپ پۇلغا يارايدىغان كاپىتالى ئىدى. گەرچە بۇ سائەتنىڭ ياغاچتا ياسالغان نەقىشلىرى ۋە زەر باسقان زىننەتلىرى ئۆپراپ، ئەسلى ھۆسنىنى يوقاتقان ۋە رىمچە سىپىرلار بېسىلغان بېتى سارغايغان بولسىمۇ، سائەتنىڭ ئۈچ بۇرجەكلىك ۋاقىت مەلۇم قىلغۇچى سترېلكىسى ۋاقىتنى دەل، توغرا مەلۇم قىلىپ تۇراتتى. سائەت سترېلكىسى بىرەر سىپىرغا توغرىلانغاندا، ئۈچ بۇرجەكنىڭ ئالدىدىكى كىچىككىنە ئىشىك شاراق قىلىپ ئېچىلاتتى - دە، مىستىن ياسالغان كاككۇك بېشىنى سا- ئەتتىن چىقىرىپ «كاككۇك، كاككۇك!» دەپ سايراشقا باشلايتتى. ۋاقىتنى مەلۇم قىلىپ بولغاندىن كېيىن سا- ئەتنىڭ ئىچىگە قايتىپ كىرىپ كېتەتتى - دە، ئىشىك يەنە يېپىلاتتى. «كاككۇك» نىڭ خۇددى راست كاككۇكتەك جاراڭلىق سايراشلىرى كىشىگە تولىمۇ يېقىملىق ئاڭلىناتتى. خوجايىنىنىڭ بۇ سائەتنى پەنجىرىنىڭ سىرتىغا جايلاشتۇرۇپ قويۇشىمۇ ئۇنى كوچىدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە ئېھتىرام بىلدۈرۈش ئۈچۈندەك ئىدى. دۇكاننىڭ خوجايىنىمۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ يەردە ئوقەت قىلىدىغانلىقىنى ئاشۇ كاككۇكنىڭ سايراشلىرى ئارقىلىق جاھانغا جاكارلايتتى. بۇ خوجايىن

جاھان مالىمان بولغان چاغلاردا قاياقتىندۇر بىر يەرگە كېلىپ قالغان كىشىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ھەر كۈنى تىنماي ئىشلەيتتى. ئاز ئارام ئالاتتى، كوچىلاردا تاماشا مۇقىلمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كىيىملىرى ھەمىشەم مەينەت ۋە جۇل - جۇل ئىدى.

رېمونتخانىنىڭ يېنىدىكى تىجارەتتىن توختىغان ناۋايخانىنىڭ ئالدىدا، بىر چاغلاردا بىر تۆمۈرچى پەيدا بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئاساسەن سېپى نەقىشلەنگەن پىچاق، ئۇششاق تۆمۈر ئەسۋاب، مىس ھالقا، زەنجىر ياسايتتى. ئۇنىڭ دۇكىنى كىچىك، تۆمۈرچىلىك ئەسۋابلىرىمۇ ئەپچىل ئىدى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بىرىنچىدىن، ئۇ ئېغىر ھەم قوپال يەل ساندۇقى ئىشلەتمەستىن، تۇلۇمدىن ياسالغان كۆرۈك ئىشلىتەتتى. بۇ تۇلۇمسىمان كۆرۈك يېنىك، ئەپچىل، ئاددىي، ئەرزان ھەم ئۈنۈملۈك ئىدى. بۇ ناھىيىدىكى كىشىلەر بۇرۇن بۇنداق كۆرۈك ئىشلىتىپ باقمىغانىدى. ئىككىنچىدىن، ئۇ تۆمۈرچى چاقچىلىقتىمۇ ھەم ماھىر ئىدى. بۇ ناھىيىدە بۇرۇن ياغاچچىلار ئەسۋابلىرىنى چاقلاشنى بىلمەيتتى. ئۇلار تۆمۈر قىرغۇچ ئىشلىتەتتى. ئۇلار ئەسۋابنى ئۇزۇن ئورۇندۇققا بېسىپ، قىرغۇچ بىلەن ئەسۋابنىڭ بېشىنى قىرىپ نېپىزلىتەتتى. بۇ كىچىك تۆمۈرچىخانىنىڭ ئىگىسى قىرغۇچ ئىشلەتمەي، ئەسۋابلارنى چاقلاپ ئىشلىتەتتى. ئۇ دەسلەپتە چاقنى ئايلاندۇرۇشقا بىر ياردەمچى ئىشلەتتى. ئۇنىڭ ياردەمچىسى بىر دانە تاسما بىلەن چاقنىڭ ئوقىنى پىرقىرىتىپ ماڭدۇراتتى. كېيىنچە ئۇ چاقنى ئۆزگەرتىپ ياساپ، چاقتا بىر ئايلان-



دۇرغۇچ ساپ بېكىتىپ، بىر قولى بىلەن ساپنى ئايلاندۇرۇپ چاقپىلەكنى ماڭدۇرسا، يەنە بىر قولى بىلەن ئەسۋابنى چاقپىلەككە سۈرتۈپ ئۆتكۈرلىتەتتى. كېيىنچە ئۇ چاقپىلەكنى يەنە ئۆزگەرتىپ ياسىدى. چاقپىلەككە بىر ئەگرى ئوق بېكىتىپ، پۇتى بىلەن دەسسەپ چاقپىلەكنى ئايلاندۇرۇپ، ئىككى قولى بىلەن ئەسۋابنى چاقتا بېسىپ بىلەپ، ئىش ئۈنۈمىنى خېلىلا يۇقىرى كۆتۈردى. بۇ خىل چاقپىلەكنى كېيىن تۆمۈرچىلەر ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىشقا باشلىدى. تۇلۇمسىمان كۆرۈكنىمۇ تۆمۈرچىلەر ئۆزلەشتۈرۈۋالدى. ئۇ گەرچە ئىلغار ئەسۋابلارنى ئىشلىتىپ، ئەمگەك كۈچىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرغان بولسىمۇ، بىراق ئىش بەرىكەت تاپمىدى. شۇڭا ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي دۇكىنىنى يىغىشتۇرۇپ قاياققىدۇر كېتىپ قالدى.

پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئون نەچچە ئۆيلۈك تۆمۈرچى بولۇپ، ئۇلار لۇتويى، شىخەنزە قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشقانىدى. ئادەتتە بىر دۇكاندا ئىككى ئادەم تىجارەت قىلاتتى، ئۇستىسى ئامبۇر تۇتسا، شاگىرتى بولقا سوقاتتى ۋە يۈگۈر - يېتىم ئىشلارنى قىلاتتى. ئەگەر ھاجەتمەنلەر كۆپرەك زاكاز بۇيرۇپ قالسا، ۋاقىتلىق بازغانچى تەكلىپ قىلىناتتى. ئۇلار ئاساسەن كۈندىلىك تۇرمۇش ئەسۋابلىرىنى ياسايتتى. بۇلار قىيماكەش، كەپكۈر، ساپلىق، ھەرخىل پىچاق، تۆمۈر زەنجىر، ئىلمەك ۋە باشقا ئۇششاق - چۈششەك ئەسۋابلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىدىن جوتۇ، كەتمەن، گۈرجەك، پالتا، ھارۋا چاقىنىڭ تۆمۈر ئۇلتىنى، مىخ، چەمبە قاتارلىقلارنى شۇنداقلا ئات

ئاقىسى، تاقا مىقى ياسايتتى ۋە قوشۇمچە تاقىچىلىقمۇ قىلاتتى.

بازاردا رەسمىي ياغاچچىلىق دۇكىنى يوق ئىدى. ياغاچچى ئۇستاملار ئۆز قورۇسىدا مەشغۇلات ئېلىپ باراتتى. كۆپرەك قارىياغاچ، قارىغاي ياغاچلىرى ئىشلىتىلەتتى. قارىياغاچ هارۋا ياساشقا ئىشلىتىلەتتى. بىر ئات قاتىدىغان ئەرگولۇ هارۋا، تۆت ئات قاتىدىغان داچەي هارۋىلار ياسىلاتتى. قارىغاي، سۆگەت، تېرەك ياغاچلىرىدا كارىۋات، ئىشكاپ، ئورۇندۇق، ساندۇق، ئىشىك ـ دېرىزىنىڭ رام كىشەكلىرى قاتارلىق ئۆي جاهازلىرى ياسىلاتتى. خېرىدارلار كۆپىنچە دېهقانلار ئىدى. بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ سانى تۇراقسىز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئادەم سانى توغرۇلۇق ئېنىق مەلۇمات ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇرلار بۇ ناهىيەدە ئاز ساندا ئىدى. ئۇلار ئىش بولسا ئىش قىلاتتى. ئىش بولمىسا باشقا يۇرتلارغا كېتىپ قالاتتى. شۇ چاغلاردىكى ئۆيلەر كۆپىنچە چالما، كېسەك، ياغاچلاردا سېلىناتتى. چوڭ بايلار ئېسىل ئۆيلەرنى سالدۇرماقچى بولسا، باشقا يەرلەردىن چوڭ ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ سالدۇراتتى. بەزىدە مەدىكار بولۇپ ئىشلەيدىغانلار ئىش بولمىسا باشقىلارغا كېسەك قۇيۇپ بېرەتتى. قۇرۇلۇش ئىشلىرى بولۇپ قالسا قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا مەدىكارلىق قىلاتتى. بازار ئوتتۇرىسىدىكى كوچىدا بىر سەيپۇڭخانا بار ئىدى. ئۇنىڭدا كۆپىنچە مىللىيچە كىيىم ـ كېچەكلەر



تىكەتتى. بەزى چاغلاردا شۇ زاماندا مودا بولغان، شىبەك شىنسەينىڭ هەربىي قىسىملىرى كىيىدىغان گىتىل، لېنىنچە كاستيۇم، گىلەخلەرنىمۇ تىكەتتى، شۇڭا خەنزۇ خېرىدارلارمۇ كېلىپ كىيىم تىكتۈرەتتى، بازىرىمۇ خېلى ئىتتىك ئىدى.

ئاهالىلەر ئارىسىدا قول ماشىنىسىدا ياكى پۇت ماشىنىسىدا (كۆپرەك سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلگەن) قوشۇمچە سەيپۇڭچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

يېمەكلىك كەسپىگە كەلسەك، ئاساسەن ناۋايلىق، سامسىپەزلىك دۇكانلىرى بار ئىدى. هەربىر ناۋايخانىدا ئادەتتە ئىككىدىن ئۈچكىچە ئادەم ئىشلەيتتى. ئۇلاردىن بىرى سىرتقا چىقىپ نان سېتىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. جەنۇبىي كوچىدىكى ئۇيغۇر مەسچىتى ئەتراپىدا ئىككى ئۆيلۈك ناۋايخانا، بازارنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى نياڭ نياڭ مياۋ بۇتخانا كوچىسىنىڭ ئېغىزى تەرىپىدە بىر ئۆيلۈك ناۋايخانا، بازارنىڭ شەرقىي دەرۋازا سىرتىدىكى كوچىسىدىمۇ بىرقانچە ئۆيلۈك ناۋايخانا بار ئىدى. يېقىلغان نانلار شۇ جايدا سېتىلىشتىن تاشقىرى، بىر قىسمىنى ناۋايلار تىۋەڭگە سېلىپ باشلىرىدا كۆتۈرۈپ كوچا ـ كوچىلاردا ساتاتتى. شەرقىي دەرۋازا سىرتىدىكى كىچىك تۆت كوچىدا (هازىرقى يى مىڭ شىركىتى ماگىزىنىنىڭ ئىشىكى تەرىپىدە) بىرمۇنچىلىغان ناۋايلار نانلىرىنى تىزىپ قويۇپ سېتىشاتتى. بايلارنىڭ گۆش نان يېگۈسى كەلسە، ئايرىم زاكاس قىلىپ ياقتۇراتتى.

ناۋايخانا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاشخانىلىرىدا ئىستې-
مال قىلىنىدىغان ئۇنلارنىڭ بىر قىسمى ماناس دەرياسى-
نىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ئىسمائىل ھاجى جاڭزىسىدىكى
تۈگمەندىن، يەنە بىر قىسمى لەنجۇۋەنىڭ تۈۋەن تەرى-
پىدىكى ئەرداۋ شۈزىدىكى بىر ئۇيغۇرنىڭ ئىگىدارچىلىقى-
دىكى تۈگمەندىن تەمىنلىنەتتى.

قاسساپلار ئاساسەن قويلا سويۇپ ساتاتتى. ئۇلار
قوينى بەكمۇ پاكىز سوياتتى. شىلىۋېلىنغان سۆڭەكتە
گۆش بەك ئاز قالاتتى. ئۇلارنىڭ قوي سويۇش ۋە گۆش
شىلىش تېخنىكىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئىش ئۈنۈ-
مىمۇ يۇقىرى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرى قوي سويغاندىن باشقا،
تەكلىپ قىلغان خەنزۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ قوي سو-
يۇپ بېرەتتى. ئۇلار ئىش ھەققى ئۈچۈن ئۆزى سويغان
قوينىڭ باش - سىراق، ئۈچەي، قېرىنلىرىنى ئالغاندىن
سىرت، يەنە ئازراق نەق پۇلمۇ ئالاتتى.

(3)

بازار ئوتتۇرىسىدىكى بىرقانچە ئۆيلۈك مىلىچمال
دۇكانلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلگەن تاۋارلار
سېتىلغاندىن تاشقىرى، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىشلەنگەن
يەرلىك ماللارمۇ سېتىلاتتى، ئىچكىرىنىڭ تاۋارلىرى يوق
دېيەرلىك ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلگەن تاۋارلارنىڭ كۆپ
قىسمى ھەرخىل رەختلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئاساسەن



ئالىي دەرىجىلىك سارجا، سوكنو، مەخمەل، چىبەرقۇت،
دۇخاۋا، تاۋار، دۇردۇن، ھەرخىل پاختا رەختلەر؛ تېرىكە،
چىت، دىگىنال قاتارلىقلار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆتۈك،
شىبلىت، رېزىنكە بوتى، كالاش، چەينەك، پىيالە، گۈللۈك
پەتنۇس، مىس چۆگۈن، مىس پەتنۇس، كىرسىن لامپا،
لامپا شېشىسى ۋە يوللۇق قەغەزمۇ بار ئىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىشلەنگەن يەرلىك تاۋارلاردىن
چەكمەن، ماتالار بار ئىدى. ماتا كۆپرەك ئاق سىدام
بولۇپ، بەزىدە گۈللۈك ماتالارمۇ كەلتۈرۈلەتتى. چەكمەن-
نىڭ رەڭگى كۆپرەك قارا ئىدى. بەزىدە ئالا يوللۇق
چەكمەنلەرمۇ كەلتۈرۈلەتتى. تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن سو-
پۇن، پاختا يىپ، تاغار، خۇرجۇن، يۇڭ تاغار؛ يەل - يېمىش-
لەردىن گۈلە - قاق، كىشمىش ئۈزۈم، قارىئۆرۈك قېقى،
ياڭاق، خورمىلار بار ئىدى. بەزىدە كۇچادىن ئەلتېرە،
قۇلاقچا، جۇۋىلار كەلتۈرۈلەتتى.

بۇ بىرقانچە ئۆيلۈك ئۇيغۇرلارنىڭ دۇكانلىرىنى خەن-
زۇلار تىجارەت قىلىۋاتقان سودا دۇكانلىرى بىلەن سېلىش-
تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆلچەم بىرلىككىلىرى بىر - بىرىگە
ئوخشىمايتتى. بىرىنچىدىن، ئۇيغۇرلار رەختنى چى بىلەن
ئەمەس، گەز بىلەن ئۆلچەيتتى، بىر گەز ئىككى چىغا
باراۋەر ئىدى. گەز چىغا قارىغاندا ئىشلىتىشكە ئەپچىل
بولغاچقا، خەنزۇلارمۇ ئاستا - ئاستا گەز ئىشلىتىدىغان
بولدى. ئىككىنچىدىن، ئۇلار ھېسابتا ئورۇس چوتى ئىش-
لىتەتتى. بۇنداق چوتنىڭ ئوتتۇرا بالدىقى يوق بولۇپ،
توغرىسىغا ئون يەتتىدىن - ئون توققۇزغىچە بالدىقى بار

ئىدى. چوڭلۇقى 40 × 30 كۋادرات سانتىمېتىر كېلەتتى.

قوي گۆشى يەيدىغان خەنزۇ ئاھالىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش يۈزىسىدىن، خادىلارغا ئېسىلغان گۆشلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ساتىدىغان ئۇششاق تىجارەتچىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار گۆشلىرىنى كوچا ئارىلاپ ساتاتتى، گۆش ساتقاندا خادىنى تامغا يۆلەپ قوياتتى. بۇلار بازارغا يىراق جايدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرگە كۆپ ئاسانلىق يارىتىپ بېرەتتى.

بازار ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي ساتىراشخانىنىڭ يېنىدا بىر دورىپۇرۇش ئۇيغۇر بوۋاي بار ئىدى. ئۇنىڭ دورىلىرى 20 نەچچە خىلدىن ئاشاتتى. كۆپ قىسمى ئۆسۈملۈك يىلتىزى، قوۋزىقى، يوپۇرماقلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ئاز ساندا مىنېرالنى دورىلارمۇ بار ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن «سانا» يوپۇرمىقىدا ياسالغان دورىدىن ئېلىپ ئىچكەنىدىم. بۇ دورىنىڭ تاماقنى ھەزىم قىلدۇرۇپ، قورساق ئاغرىقىنى توختىتىشتا ئۈنۈمى ناھايىتى چوڭ بولغانىدى. جۇڭگوچە دورىگەرلىكتە ئۇ «بادۇ» يوپۇرمىقى دەپ ئاتىلاتتى.

زىخ كاۋاپ — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان تائاملىرىدىن بىرى. شۇ زامانلاردا شوي چاۋزا كۆۋرۈكى ئەتراپىدا بەش - ئالتە ئۆيلۈك كىشىلەر يول بويىغا كاۋاپدانلىرىنى تىزىشتۇرۇپ، كاۋاپچىلىق قىلاتتى. كاۋاپلىرىنىڭ بازىرى تازا ئىتتىك ئىدى.

ياز كۈنلىرىدە غەربىي چوڭ كوچا، ئۇيغۇر مەسچىتى ۋە شوي چاۋزا كۆۋرۈكى ئەتراپلىرىدا ماروژنا ساتىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ماروژنا ياساش ئۇسۇلى ناھايىتى ئاددىي



بولۇپ، يوغانلىقى ئاتمىش سانتىمېتىر كېلىدىغان ياغاچ تۇڭ غالتەككە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، تۇڭنىڭ ئىچىگە مۇز سېلىنىپ، مۇزنىڭ ئوتتۇرىسىغا يوغانلىقى يىگىرمە سانتىمېتىر كېلىدىغان دۈگىلەك قەلەي تۇڭ ئورنىتىلاتتى. قەلەي تۇڭنىڭ ئىچىگە سوۋۇتۇلغان قايناق سۇ قاچىلىنىپ، ئاندىن شېكەر چېلىپ قىيام قىلىناتتى. مۇزغا تۇز سېپىپ ئاندىن ئارغامچا بىلەن قەلەي تۇڭ ئايلاندۇرۇلاتتى. ئايلانغانسېرى تۇڭنىڭ گرادۇسى پەسلەشكە باشلاپ، ئاخىرى قەلەي تۇڭدىكى سۇ ماروژنا بولۇپ قاتاتتى. بەزىلىرىگە قىزىل، سېرىق رەڭلەر بېرىلىپ تەييارلىناتتى، بۇلارنى بەزى ماروژنىچىلار بىر يەردە تۇرۇپ ساتسا، بەزىلەر غالتەكنى ھەيدەپ كوچا ئارىلاپ يۈرۈپ ساتاتتى. يېگۈچىلەرگە قەلەي كۇرۇشكىغا ياكى ئەينەك ئىستاكانغا ئۇسۇپ بېرەتتى.

(4)

شۇ زامانلاردا ناھىيە بازىرىدا داڭلىق مىللىي سودا - سانائەتچىلەردىن، ياشانغان مەمەت شاڭزۇڭدىن قالسا، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مىللىي سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ۋەكىلى ئەخمەت ئىدى (بۇ كىشى تۇردى ئاخۇنبايىنىڭ جەمەتلىرىدىن بولۇشى مۇمكىن؟). ئۇنىڭدىن باشقا ئىسمايىل ھاجى ئىسىملىك ئادەممۇ بار ئىدى. بۇ كىشى ئۆزى ياشانغان بولۇپ، ھەممىشەم يېزىدىكى جاڭ

ژىسىدا تۇراتتى. بازاردىكى ئۇقەت ئىشلىرىغا بىر بالىسى قارايتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيى ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقانىدى. ئۇلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىن ئىبارەت كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار باي دېگەن ئاتاققا ئىگە بولسىمۇ، بىراق بۇرۇنقى ھەيۋىلىرى قالمىغانىدى. ئاتىخان شاكيۇ ئىسىملىك يەنە بىر كىشىمۇ بار ئىدى. ئۇ كىشىنىڭ بىرلا سارىيى بولۇپ، ھەممىشەم ئات مىنىپ يېزىلارنى ئارىلاپ شاكيۇلۇق بۇرچىنى ئادا قىلاتتى. ئۇ سودىگەرچىلىك قىلمايتتى. قالغان باي، شاگىزۇگلارنىڭ 30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، نام ئاتاقلىرىمۇ ئۆچۈپ كەتكەنىدى. بەلكى ئۇلار جاھان مالىمان بولغان يىللىرى ئىلى، ئارباغاتايلارغا كۆچۈپ كەتكەن بولۇشى ۋە ياكى چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ قورۇ - جايلىرىنى ناھىيىلىك بانكا، دوختۇرخانىلار ئىگىلىۋالغان بولۇپ، ئۇنى سۈرۈشتە قىلىدىغان ھېچكىم چىقمىغانىدى. باھاۋۇدۇن باينىڭ قورۇسى يېقىندىكى بىرنەچچە چوڭ قورۇلارمۇ خارابىلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ ئۆينىڭ ئىگىلىرىمۇ ئۆز ماكانلىرىنى تاشلاپ باشقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىللەردە (تەخمىنەن 1934 - يىللىرى)، شىنجاڭدا يوشىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى قۇرۇلۇپ، بۇ شىركەت شىنجاڭنىڭ تاشقى سودىسىنى مونوپول قىلغانىدى. ماناس ناھىيىسىدىمۇ ئاشۇ شىركەتنىڭ شۆبىسى



قۇرۇلۇپ، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىرىش - كىرگۈزۈش ۋە تاۋارلارنى توپلاپ سېتىش بىلەن مەشغۇل بولغانىدى. بۇرۇنقى بايلار ئەگەر كېيىنكى چاغلاردىمۇ ماناستا تۇرۇۋەرگەن بولسا، ئاشۇ شىركەت ئۈچۈن خام مال يىغىپ ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ توپ كىرگۈزگەن سوۋېت تاۋارلىرىنى ئېلىپ ساتىدىغان ئىككىنچى دەرىجىلىك سودىگەرلەرگە ئايلىنىپ قالغان بولاتتى. ئەنە شۇنداق زاماننىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئالتۇن چاغلىرى كەلمەسكە كەتتى.

(«سانجى تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 10 - سانىدىن ئېلىندى)

ماۋېنتاۋ تەرجىمىسى

# بۇرھان ئەپەندىنىڭ مورىدا ۋاقىتلىق سودا بازىرى ئۇيۇشتۇرۇش جەريانى

سۆزلەپ بەرگۈچى: ۋېن ۋەنجىن، ۋېن شۇفۇ.
رەتلىگۈچى: لياڭ جىنسەي

1935 - يىلى شىنجاڭدىكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپالماي، نۇرغۇنلىغان خەنزۇلار ئىچكىرىگە قايتىشتى، قازاق چارۋىچىلار تاغلارغا يوشۇرۇنۇۋالدى. نەتىجىدە سودا بازارلىرى چۆلدەرەپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرى ناھايىتى قىسىلىشىپ كەتكەنىدى. پەقەت مورىدىكى بىر نەچچە ئائىلىلىك سودىگەرلەرلا ئېشەكلىرىمىزنى ھەيدەپ، تەڭرىتاغ داۋانلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ جەنۇب تەرەپتىكى تۇرپان، پىچانلاردىن ئاشتۇزى، چاي قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كېلەتتۇق. ئەمما ئون نەچچە كۈن يول يۈرۈپ ئېلىپ كەلگەن ماللىرىمىز چەكلىك بولغاچقا، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ھەرگىزمۇ قاندۇرالمايتتى.

شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا، بۇرھان ئەپەندى مورىغا كېلىپ ۋاقىتلىق سودا بازىرى ئېچىش تەييارلىقىنى



كۆردى. بۇ خەۋەر تارقىلىشى بىلەنلا كىشىلەر ھەريان چېپىپ، بىر - بىرىگە خۇش - خەۋەر يەتكۈزۈشتى ھەم خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا سىغماي كېتىشتى. بۇرھان ئەپەندى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، مياۋ تەيزىدە ۋاقىتلىق سودا بازىرى ئېچىشنى بېكىتتى (ھازىرقى ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي قوۋۇقىدىكى سەيپىلىك ئەترىتى ئورنىدا).

ئەينى ۋاقىتتا مورىدا تۆت چوڭ بۇتخانا بولۇپ، مياۋ تەيزىدە بايلىق ئىلاھىي بۇتخانىسى، مەبۇدە بۇتخانىسى، كونا شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى ئېغىزىدا چېڭخۇاڭ مياۋ بۇتخانىسى (ھازىرقى بازارلىق بىرىنچى مەكتەپ بىلەن فىنتوزا زاۋۇتىنىڭ ئارىلىقىدا)، پوچىڭزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە سۇ ئىلاھىي بۇتخانىسى بار ئىدى.

ئىلگىرى يىغىلىش ئادەتتە چېڭخۇاڭ مياۋ بۇتخانىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا مەن (ۋېن ۋەنجىن) خەنزۇ ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ئىدىم. خەنزۇ ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى مياۋ تەيزىدە تەسىس قىلىنغاچقا، مەن يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ بازار ئېچىشتىن بەكمۇ خۇشال بولاتتىم. ئىلگىرى بىزنىڭ سودىمىز يامان ئەمەس بولغانلىقتىن، ئىلكىمىزدە ئازراق پۇل - پىچەكلەرمۇ بار ئىدى، شۇڭا مەن جياۋچۇ چياڭ (جياۋچۇلىنىڭ ئاكىسى) بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ھەربىرىمىز 30 يۈەندىن پۇل ئىئانە قىلىپ بايلىق ئىلاھى بۇتخانىسىغا بىر لەۋھە تاختىسى ئاسقۇزدۇق. لى فىڭرۇ (شەنشىلىك، كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن) نى خەت يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ «ھا-

جەمەتلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش» دېگەن خەتنى قارا تاختىغا ئويدۇرۇپ، ئۈستىگە ئالتۇن ھەل بەرگۈزدۇق.

قەمەرىيە كالېندارى بويىچە 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، بۇرھان ئەپەندى قاتارلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى شوئار چاپلانغان سەككىز ماشىنا بىلەن بىر تىياتىر ئۆمىكىنى باشلاپ مورىغا يېتىپ كەلدى.

8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتە، سودا بازىرى ئويۇشتۇرۇش يىغىن مۇراسىمى ئېچىلدى. يىغىندا مورى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى رىياسەتچىلىك قىلدى، ئالدى بىلەن بۇرھان ئەپەندى سۆز قىلدى. ئۇ ئاساسلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلدۇرغانلىقىنى، خەلقنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىشىنى، ئىغۋالارغا ئىشەنمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت داۋاملىق پۇل ۋە مال ئاجرىتىپ باجنى ئازايتىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى سۆزلىدى. ئارقىدىنلا يەنە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىككى نەپەر ئەمەلدارى ۋە گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋاڭ باۋچيەنلەرمۇ سۆز قىلدى. ئېچىلىش مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۆلكىدىن كەلگەن ئەمەلدارلار ياڭ ھاكىم بىلەن مۇئاۋىن ھاكىم نىيازلارنىڭ ھەمراھلىقىدا دۆڭلياڭغا بېرىپ ئوغلاق تارتىشىش ۋە ئات بەيگىسى كۆردى. ئارقىدىنلا ئويۇن قويۇلدى. بۇ كۈنى ھاۋا ناھايىتى ياخشى بولۇپ، تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن ھەر مىللەت ئاممىسى ئەر - ئايال، قېرى - ياش بولۇپ ئويۇن مەيدانى ۋە بەيگە مەيدانىغا قاراپ ئېقىشتى. سودا دۇكانلىرى بايلىق ئىلاھى بۇتخا-



نىسى ۋە مەبۇدە بۇتخانىسىنىڭ ئالدىغا ئېچىلغانىدى. ئويۇن مەيدانىدا بىر - ئىككى يۈز ئادەم، بەيگە مەيدانىدا ئىككى - ئۈچ يۈز ئادەم بار ئىدى. بەيگە تۈگىگەندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئويۇن مەيدانىغا قىستىلىشىپ كىرىشتى، مەيدان ناھايىتى قىزىپ كەتتى (ئۇ ۋاقىتتا مورى ناھىيە بازىرىدا ئاران ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ، ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ سانى تەڭ ئىدى)، ئويۇن ئۈچ كۈن داۋاملاشتى، ھەممىسى خېبېي باڭزىسى بولۇپ، سەنئەتكارلارنىڭ كۆپ قىسمى تيەنجىنلىك ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرنەچچىسىنى تونۇيتتىم، چۈنكى، مەن دىخۇا (ئۈرۈمچى) دا ئۇلارنىڭ ئويۇنىنى داۋاملىق كۆرۈپ تۇراتتىم، تىياتىر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى جاڭ ۋېدوڭ بىلەن خې ۋېنفۇ ئىدى. جاڭ ۋېدوڭ ساقاللىق ئەرلەرنىڭ رولىنى ياخشى ئوينايدىغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭغا «جاڭ ساقال» دەپ لەقەم قويۇشقانىدى. ئەمەلىيەتتە جاڭ ۋېدوڭ 40 ياشلاردىلا بولۇپ، ئۇنداق چوڭ ساقىلى يوق ئىدى. ئويۇن باشلىنىشتىن بۇرۇن كۆپچىلىك ماڭا نومۇر تاللاتقۇزدى، شۇڭا مەن ئىككى نومۇر تاللىدىم. بىرىنچى كۈنى ئوينىغىنى «تۆمۈر قوۋۇق خەرىتىسى» بولۇپ، ئويۇندا باھادىر شاھ لى زىچېڭنىڭ بېيجىڭنى ئىشغال قىلىپ، پادىشاھ چوڭ جېننى مېيشەن تېغىدا ئۆزىنى ئېسىپ ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇرلىغانلىقى بايان قىلىنىدى (ئەينى ۋاقىتتىكى تىياتىر سىنارىيىلىرىدە لى زىچېڭنى ئالەمنى مالىمان قىلغان ئوغرى دەپ يېزىشاتتى). ئىككىنچى كۈنى ئوينالغىنى «31 - تەدبىر» بولۇپ بۇنىڭدىمۇ باھادىر

شاھ لى زېچپېڭنىڭ نىڭگۆۋ قوۋۇقىنى ئىشغال قىلىش جەريانى بايان قىلىندى. ئەڭ ئاخىرقى كۈنى ئوينالغىنى جىزى ئويۇنى بولدى. 24 - كۈنى ئۇلار بارىكۆلگە يولغا چىقتى. بازار سودىسى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى بولدى.

(«سانجى تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 10 - سانىدىن ئېلىندى)

**تۇرغۇن ئۆمەر** تەرجىمىسى.



# تەلئەت مۇسابايوۋنىڭ گۈچۈڭدىكى تىجارىتى

**مۆمىن باقى**

مەن 1886 - يىلى قەشقەر پەيزىۋات ناھىيىسىدىكى باقى دېگەن ماتا - چەكمەن توقۇيدىغان كىچىك قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1901 - يىلغىچە (15 ياشقىچە) ئاتامنىڭ توقۇمىچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ يۈرۈپ قولۇم خېلى كۆنۈپ قالغانىدى. لېكىن ئائىلىمىزدە جان سانى كۆپ بولۇپ، يالغۇز ماتا - چەكمەن توقۇش بىلەن تۇرمۇشنى قامداپ كېتىش قىيىن بولغانلىقتىن، ئىش ئىزدەپ يۇرتۇمدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. مارالبېشىغا كېلىپ، تالىپ دېگەن بىر ناۋايغا ياردەملىشىپ ئۈچ يىل تۇردۇم. بۇ ھۈنەر بىلەنمۇ ئانچە كۆپ ئوقەت قىلىشقا بولمىغانلىقتىن، 1919 - يىلى (18 ياشقا كىرگەن يىلىم) ئاقسۇ ئارقىلىق مۇزات داۋىنىنى ئېشىپ غۇلجىغا باردىم. بۇ يەردىمۇ باشقا ئوقەت قىلىشقا چامام يەتمەي دەسلەپتە ئازراق ئىقتىساد بىلەن كۆكتات ئېلىپ - سېتىپ جان باقتىم. كېيىن ياقۇپ دېگەن باي دېھقانغا ياردەملىشىپ 10 يىل ئىشلەپ بىرئاز پۇل ئېشىنىپ 1929 -

يىلى (28 ياشقا كىرگەن ۋاقتىمدا) غۇلجا بازىرىغا
قايتىپ كىرىپ، مۇھەممەت ئىسىملىك بىر كىچىك تەنزىچى
بىلەن شېرىكلىشىپ تەنزە ئېچىۋالدىم. بۇنىڭغا مويچىلىقنى
(يۇڭ - تېرە) سېتىشنى قوشۇمچە قىلىپ يۈرۈپ خېلى
پايدا ئالدىم. مويچىلىقتا كۆزۈم پىشىپ، قولۇم كۆنۈپ،
خېلى تەجرىبىلىك بولۇپ قالدىم. كىچىك شەكىلدىكى
مويچىلىقنى چوڭايتىپ، بىرنەچچە يۈز پارچە تېرە، بىر
نەچچە يۈز جىڭ يۇڭلارنى ئېلىپ - ساتالايدىغان دەرىجىگە
بېرىپ قالدىم. مېنىڭ بۇ ئىشىم مەن يېتىپ - قوپۇپ
يۈرگەن سارايىنىڭ خوجايىنى، ئاتاقلىق سودىگەر ھاپىز
بايغا يېقىپ قېلىپ، ئۇ ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۆزىنىڭ
سودىگەرچىلىك ۋە مويچىلىق ئىشىغا سالدى. ئېھتىمال
1934 - يىللىرى بولسا كېرەك، ھاپىز باي مېنى ئۈرۈم-
چىدىكى قۇربان غەلى دېگەن باي (ئۆزبېك) ئارقىلىق 5
مىليون 300 مىڭ سەر شىڭ شىسەي پۇلى بىلەن تەنتەي
قاراچاي، 88 ماركىلىق تاش چاي سېتىۋېلىش ئۈچۈن
گۇچۇڭغا ئەۋەتتى. گۇچۇڭغا كېلىپ ماجۇيى دېگەن سودىگەر
بىلەن باردى - كەلدى قىلىپ يۈرۈپ، 8000 سەر باھا
بىلەن تەنتەي قاراچاي، 2000 سەر باھا بىلەن 88
ماركىلىق تاش چاي سېتىۋېلىپ غۇلجىغا ئەۋەتىپ بېرىپ
تۇردۇم. بۇ ئىش تا 1937 - يىلى ھاپىز باي شىڭ
شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغانغا قەدەر داۋاملىشىپ
ئومۇمەن 8 مىليون سەرلىك چاي سودىسى قىلدىم.
ئۇنىڭدىن كېيىن، بىر مەزگىل رەھمەت ھاجى، سايىم قارى
قاتارلىقلار بىلەن شېرىكلەشتىم. 1947 - يىلىغا كەلگەندە



تەلئەت مۇسابايوۋ گۇچۇڭدا بىر تىجارەت ئورنى قۇرۇش
ئويىغا كېلىپ، بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ ئادىمى — رېھىم تۆگە
دېگەن ئادەمگە ئېيتىپ، ئۇنىڭغا تىجارەتنى باشقۇرۇپ
كېتەلەيدىغان ئىشەنچلىك ئادەم تېپىشنى تاپىلىغانىكەن.
رېھىم تۆگە مېنى كۆرسىتىپتۇ، تەلئەت ماقۇل بول-
غاندىن كېيىن، رېھىم تۆگە بۇ ئەھۋالنى خەت ئارقىلىق
ماڭا خەۋەر قىلدى. مەن سايىم قارى بىلەن مەسلىھەت-
لەشكەندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە چىقماق بولۇپ، 4000 پارچە
ئەلتىرىنى ئېلىپ ھەسەن بالا ھاجىنىڭ سودا سارىيىغا چۈش-
تۈم (ھەسەن بالا ھاجىنىڭ سودا سارىيى شۇ مەزگىللەردە
شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى سودىگەرلەر كېلىپ
مال ئالماشتۇرىدىغان سودا مەركىزى ئىدى). مېنىڭ
ئۈرۈمچىگە چىققانلىقىمنى ئاڭلاپ، تەلئەت مۇسابايوۋ
مېنى چاقىرتىپتۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ گۇچۇڭدا تىجارەت ئورنى
قۇرۇش ھەققىدىكى پىلانىنى ماڭا شەخسەن بايان قىلدى.
تەلئەت مۇسابايوۋ، ئابلىز مۇسابايوۋلار شىنجاڭدىلا
داڭقى چىققان پۇلدارلاردىن بولماستىن، بەلكى سوۋېت
ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ
ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇللىرى ۋە ۋەكالەتچىلىرىنىڭ
مەسئۇللىرى بىلەنمۇ باردى - كەلدى قىلىپ تۇراتتى،
بۇلارغا باغلىنىپ ئىشنى قىلىپ بەرسەم ماڭىمۇ ئانچە -
مۇنچە پايدىسى تېگىپ قالار دېگەننى ئويلاپ، شۇ كۈنىلا
گۇچۇڭدىكى سودا شېرىكىم سايىم قارىغا تېلېفون بېرىپ
تەلئەت بايىنىڭ گۇچۇڭدا بىر تىجارەت ئورنى قۇرۇش
پىلانىنى ئېيتتىم. سايىم قارى مەقسىتىمنى دەرھال چۈ-

شىنىپ 2 - كۈنى 150 جاڭ قىزىل تۇلكە تېرىسىنى ئېلىپ چىقتى. مەن بۇلارنى ئېلىپ تەلئەت باينىڭ نەنلىياڭدىكى ئۆيىگە بېرىپ كۆرۈشتۇم ۋە تۇلكە تېرىسىنى سوۋغا قىلىپ بەردىم. 150 پارچە تۇلكە تېرىسى، دۇنيا - تەئەللۇقاتىنىڭ ھېسابىنى بىلگىلى بولمايدىغان تەلئەت مۇسابايوۋ ئۈچۈن ھېچقانچە ئەرزىمەيدىغان نەرسە بولسىمۇ، مېنىڭ بۇ ئىشىمدىن بەك خۇرسەن بولدى ۋە ئۆز مېھمانخانىسىدا بەش كۈن ياتقۇزۇپ مېھمان قىلغاچ مېنىڭ تارىخىمنى تەپسىلىي سۈرۈشتە قىلىپ، ئاخىرى ئۆزىنىڭ گۇچۇڭدا قۇرماقچى بولغان تىجارەت ئورنىغا مېنى ئەۋەتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، مەن بۇنىڭغا قوشۇلغاندىن كېيىن ئۇ گۇچۇڭدىكى تىجارەتنىڭ باشلىنىش ھېسابىدا 1000 سەر ئاق كۈمۈش رىنتو يارچەن، 100 چىۋىق چاي (بىر چىۋىقى 27 دانە بولىدۇ) ۋە بىرمۇنچە گەزلىمە، ھەر خىل رەختلەرنى دەسمايە قىلىپ مېنى يولغا سالدى.

مەن 1947 - يىلى 6 - ئاي ئىچىدە تەلئەت بايغا باغلىنىپ، گۇچۇڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرھال ئىشنى باشلىۋەتتىم. بىرىنچى نۆۋەتتىلا ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولۇپ، 10 مىڭ جىڭ تۆگە يۇڭى، 8000 جىڭ قوي يۇڭى، ئىككى باش موزايلىق سېيىر قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىپ ئۆزۈم ئېلىپ چىقىپ تاپشۇرۇپ بېرىۋىدىم، ئۇ يەنە بىر ماشىنا تۈرلۈك گەزلىمە مال بىلەن قايتۇردى. مەن بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى جىمسار ناھىيىسىدىكى روزى خوتەن دېگەن سودىگەرگە، يەنە بىر قىسمىنى مورى ناھىيىسىدىكى تۇرسۇن شىيەنجاڭ-



لارنىڭ ۋەكالىتەن سېتىپ، چارۋا مەھسۇلاتلارغا ئالماشتۇرۇپ بېرىشىگە تاپشۇرۇپ، تەلئەت باينىڭ تىجارىتىنى قوشنا ناھىيىلەرگىمۇ كېڭەيتتىم. بۇ تىجارەت 1950 - يىلى 4 - ئايغىچە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى.

مەن تەلئەت مۇسابايوۋنىڭ گۇچۇڭدىكى تۆت يىللىق تىجارىتىدە پەقەت ۋەكالەتچىلا بولۇپ، مەخسۇس بوغالتىر ئىشلىتىپ ھېسابات ئېلىپ بارمىغانلىقىم ئۈچۈن كىرىم - چىقىمنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەلمىدىم. 1950 - يىلى 4 - ئايلاردا بولسا كېرەك، تەلئەت باي ئەۋەتكەن قۇربانجان، لى ئىسىملىك بىر خەنزۇ يولداشلاردىن تەركىب تاپقان ھېسابات تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مەن بىلەن قىلىشقان ھېساباتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، تەلئەت باينىڭ گۇچۇڭدىكى تۆت يىللىق تىجارىتىدە 80 مىڭ چايلىق سودا بولۇپ، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن بۇ تىجارەت ئاخىرلاشتى.

1950 - يىلى 7 - ئايلاردا بولسا كېرەك، تەلئەت شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن ئابلىزنىڭ ئىگىدارلىقىدا 1951 - يىلى 4 - ئايلاردىن باشلاپ تۆت چارۋىداردىن 3000 تۇياق قوي سېتىۋېلىپ ھەر قورۇسىنى 400 دىن قىلىپ، باي قوشنىڭ باللىرى ئىسمات، شىرزادە، ھەسەن، بەيسىباينىڭ بالىسى ئەخمەت قاتارلىق قازاق باقتىچىلارغا بۆلۈپ بېرىپ، تا 1958 - يىل 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چارۋىچىلىققا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ گۇڭسىخەيىيىڭ بولغانغا قەدەر باشقۇرۇپ كەلدىم. چارۋىچىلارنى ئابلىز مۇسابايوۋنىڭ ھېسابىدا گۇڭسىخەيىيىڭغا ئۆتكۈزۈپ

بەرگەندىن كېيىن مەن گۇڭسخەييىڭدا ئورۇنباسار چاڭجاك بولۇپ 5330 يۈەن ئىش ھەققى بىلەن ئىشلەپ، 1980 - يىل 9 - ئاينىڭ - كۈنىدىن ئېتىبارەن پېنسىيىگە چىقىپ كەتتىم.

(ئاپتورى: گۇچۇڭ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتىن)



# 30 - يىللاردا شىنجاڭدا قۇرۇلغان خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى ئۈچ كىنو شىركىتى ۋە تۇنجى كىنو

شىرىپ خۇشتار

تارىخىي خاتىرىلەرگە ۋە كىشىلەرنىڭ ئىسپاتلىشىغا ئاساسلانغاندا، تۇنجى كىنو 1924 - يىلى قاغىلىق (كالا بازىرىدا)، قەشقەر شەھىرى (تىللا سارىيىدا) ۋە ئۈرۈمچى دۆڭ كۆۋرۈك (فۇگودارىننىڭ قورۇسى) قاتارلىق ئۈچ ئورۇندا قويۇلغان. بۇ، فرانسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ئېلىپ كەلگەن «ساياھەت خاتىرىلىرى» ناملىق ئاۋازسىز ھۆججەتلىك فىلىم بولۇپ، شۇ چاغدىكى كىنو قويۇش ئۇسۇلى ۋە ئاپپارات ھازىرقىغا ئوخشىمايتتى. فىلىم تولۇمغا قاچىلانغان كاربىت (بىر خىل تاش گازى بىلەن قولدا چۆرۈپ ھەرىكەتلەندۈرىدىغان، شەكلى كىر ئالغۇغا ئوخشايدىغان ئاپپارات) تا قويۇلغان. ئېكراندىكى كۆرۈنۈشلەر پروېكسىيە پانار (خۇەندىڭ) فىلىم كۆرۈنۈشىگە ئوخشىشىپ كەتكەن. فىلىم ۋەقەلىكى — گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسى، قەدىمكى تارىخىي جايلار، ئاسار ئەتىقىلەر، ھەر خىل ھايۋانات، ئۇچار قۇشلار، مىللەتلەر

ئۆرپ - ئادەتلىرى، شەھەر - بازارلار ۋە تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىدىن ئىبارەت بولغان.

ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر بۇ كىنونى لاتەك (لاتا) ئويۇنى، شەيتان سۈرىتى دەپ ئاتاشقان.

30 - يىللاردا شىنجاڭدا زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر خىل يېڭىلىق پىكىر ئېقىمى، مەدەنىيەت ھەرىكىتى ۋۇجۇدقا كەلدى، جۈملىدىن، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، تەرەققىياتنىڭ تەلىپىگە ئاسان ۋەتەن، مىللەتنى سۆيىدىغان تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، مەرىپەتپەرۋەرلەر مەيدانغا چىقىپ، شۇ زاماندا ھۆكۈم سۈرگەن زۇلۇم - زۇلمەتكە، خۇراپاتلىققا قارشى ئوت ئېچىش، ئىلىم مەرىپەت ۋە پەن - مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى.

40 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە، ياۋروپا ئوتتۇرا شەرق مەدەنىيىتىنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلگەن بىر بۆلۈم ئىلغار زاتلار ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى روسىيىدە تەرەققىي قىلىۋاتقان كىنو سەنئىتىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىشكە بەل باغلايدۇ. نەتىجىدە 30 - يىللاردا قەشقەرلىك تەرەققىيپەرۋەر سودا - سانائەتچىلەردىن مەتنىياز مەخسۇم، ھۈسەيىنخان ھاجىم قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئاۋازسىز بىر جۈپ كىنو ئاپپاراتى (ئۇ يىللاردا تېخى ئاۋازلىق كىنو ئىشلەنمىگەنىدى) سېتىۋېلىپ كېلىپ، قەشقەردە «كىنو تەرەققىيات شىركىتى» نى قۇردى. بۇلار دەسلەپتە 1 - دۇنيا ئۇرۇشى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ بەزى پائالىيەتلىرى ۋە سوتسىيا-



لىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى سۈرەتكە ئېلىنغان 35 مىللىمېتىرلىق فىلىمدىن نەچچىنى ئىجارىگە ئېلىپ 31 - يىلنىڭ بېشىدا قەشقەردە «فرونتتىكى سولدات»، «چاپايوۋ»، «بىزكرونىشتاتتىن» قاتارلىق سوۋېت فىلىملىرىنى كۆرسەتتى. 1934 - يىلى بۇ «كىنو تەرەققىيات شىركىتى» يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر جۈپ ئوگسىللىق كىنو ئاپپاراتى (ھازىر مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن سۇڭخۇاجاڭ ماركىلىق ئاپپارات نۇسخىسىدىن) سېتىۋالىدۇ ھەمدە 16 — 35 مىللىمېتىرلىق فىلىم ۋە ژۇرناللاردىن ئىجارىگە ئالىدۇ، بۇ فىلىملەرنى قەشقەر، ئاقسۇ، يەكەن، خوتەنلەرگىچە ئېلىپ بېرىپ كۆرسەتتى. بۇ يىللاردا كۆرسىتىلگەن فىلىملەر «چېگرىدا»، «ھەسەنكۆل ۋەقەسى» سوۋېت ئوپېراتورلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەنئەندىكى پائالىيىتىدىن سۈرەتكە ئالغان «جۇڭگودا»، «ۋاسىلىسا»، «پاقا چوكان» قاتارلىقلار ئىدى. بۇ شىركەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىنو كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئىزچىل كىنوچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

1932 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياركەنت ۋىلايىتىگە يەرلەشكەن غۇلجىلىق ئۇيغۇر ھۈسەيىن ئۇ يەردىكى شەخسىي كىنوخانىسىدىن بىر جۈپ كىنو ئاپپاراتى ۋە بىرنەچچە فىلىمنى ئېلىپ غۇلجىغا كېلىدۇ، ئۇ، ئاۋۋال قارا دۆڭدىكى بىر دەڭدە، كېيىن ئۈچ دەرۋازىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «چاپايوۋ»، «بىز كرونىشتاتتىن» قاتارلىق فىلىملەرنى كۆرسەتتى. 1934 - يىلى، ئۇنىڭ كىنوخانىسى «ھۈسەيىن كىنو شىركىتى» بولۇپ قۇرۇلدۇ.

ئۇ يىللاردا «ھۇسەيىن كىنو شىركىتى» مۇ بىر جۈپ ئۈگىللىق ئاپپارات سېتىۋالىدۇ ۋە كۆپلىگەن فىلىملەرنى ئىجارىگە ئېلىپ كېلىپ ئىلى ۋىلايىتىدە كۆرسىتىدۇ. شۇ يىلى ھۇسەيىن شىڭ شىسەينىڭ 1 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. لېكىن ئۇ يىغىندىن كېيىن ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ كىنو شىركىتى شىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىپ، ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا سېتىپ بېرىلىدۇ.

1935 - يىلىنىڭ بېشىدا، ئۈرۈمچىدىكى تەرەققىيپەرۋەر سودىگەرلەردىن قادىرھاجىم، ئەمەت ئاخۇنۇم، ئەمەت شاڭيو قاتارلىقلار بىرلىشىپ، ئۈرۈمچىدە «شەرق شامىلى كىنو شىركىتى» نى قۇرىدۇ. ئورنى ئازادلىق يول يەنى ھازىرقى مەدەنىي بۇيۇملار ماگىزىنىنىڭ ئورنىدىكى «ئەيخوشاڭ» دېگەن سارايدا بولىدۇ، ئۇلار بۇ سارايدا «شەرق كۇلۇبى» تەسىس قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر جۈپ ئۈگىللىق ئاپپارات سېتىۋېلىش بىلەن بىرگە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «چاپايىۋ»، «تىراكتورچى»، جۇڭگودا ئىشلەنگەن «يېرىم كېچىدىكى ناخشا ئاۋازى» (ۋاپاسىز ئەر-خوتۇن)، «ھەسەنگۈل ۋەقەسى» قاتارلىق فىلىملارنى ئىجارىگە ئېلىپ قويىدۇ، كېيىن بۇ كۇلۇب ۋە شىركەت شىڭ شىسەي تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىپ، مەركىزىي ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا سېتىپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچتۇرپان، ئالتاي قاتارلىق جايلاردىمۇ خۇسۇس ئىگىلىكتىكى كىنوچىلار پارلىقا كېلىدۇ.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ كىنو-فىلىم شىركىتى)



# ئالتاي ئاۋىتەن ئۆستەڭنىڭ قېزىلىش جەريانى ھەققىدە

مەھەممەتقۇربان ئەزىزيارى

ئاۋىتەن تۈزلەڭلىكى ئالتاي شەھىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان شەھەردىن 20 كىلومېتىر ئارىلىقتىكى شەھەر ئەتراپى رايونى بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپى سۇقايتى، شەرق تەرىپى سارى قامىس، غەرب تەرىپى چىمىرچەك، شىمالىي تەرىپى ساققۇلاق قاتارلىق جايلارنىڭ تاغ ئېتەكلىرى بىلەن تۇتىشىدىغان، 80 مىڭ مو دائىرىدىكى مۇنبەت زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان سوكسوكلۇق، جىغانلىق، قومۇشلۇق، يۇلغۇنلۇق ۋە ھىڭ گىياھى ئۆسكەن تۈزلەڭلىك. بۇ ھىڭ گىياھى ئۆسىدىغان جاي بولغاچقا، بۇ جايغا دەسلەپ كېلىپ ئەسلى بار بولغان سۇ مەنبەسىدىن پايدىلىنىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان خەنزۇ دېھقانلار بۇ جايني ئاۋىتەن (ھىڭ گىياھى ئۆسىدىغان ئېتىز دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىغانىكەن.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئالتايغا كېلىپ ماكانلاشقان خەنزۇ دېھقانلاردىن شى × × فامىلىلىك بىر كىشى 1920 - يىلى ئالتاي قىران دەرياسىدىن تۇلتىنىڭ

غەربىي جەنۇب تەرىپىگە، يەنى «سارقامىس» دېگەن يەرگە قارىتا ئىككى قۇلاق ($0·2m^3$) سۇ سىغىدىغان بىر ئېرىق ئېلىپ، قىران دەرياسىدىن سۇ چىقىرىپ، سارقامىستىن يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىپ ياخشى ئۈنۈمگە ئىگە بولغان. بۇ ئېرىق قىران دەرياسىدىن ئاۋېتەن تۈزلەڭلىككە ئېلىنغان تۇنجى ئېرىق ئىدى.

تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ قوبدا ۋىلايىتى دائىرىسىدىن چىقىپ ئالتايغا ماكانلاشقان چېرۋىچى قەبىلىسىدىن كېنجىن ئىسىملىك بىر قازاق كىشى، 1923 - يىلى شۇ چاغدا ئالتاي شەھىرىدە تۇرۇشلۇق لى باۋچىڭ ئىسىملىك خەنزۇ دېھقان بىلەن بىرلىشىپ، تۈلتىنىڭ قىزىلتاش دېگەن يېرىنىڭ ئايىغىدىن كۆمەي (ئېرىق ئېغىزى) ئېلىپ ئاۋېتەن زېمىنغا قارىتا بەشقۇلاق ($0·5m^3$) سۇ سىغىمچانلىقىدا 10 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككىنچى ئېرىقنى چىقارغان، ئېرىقنىڭ ئاخىرىسىنى بەيگە تۆبە دېگەن يەرگىچە يەتكۈزۈپ، ئاشلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ پۇل تېپىش مەقسىتىدە سارقامىس دېگەن يەردىن 600 — 700 مو يەر ئېچىپ، تېرىقنى ئاساس قىلىپ (تېرىق قازاق خەلقىنىڭ ئاساسلىق ئوزۇق ئاشلىقى)، تېرىق، ئارپا، بۇغداي، سۇلۇ قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىغان. يەنە تېرىلغۇدىن ئاشقان سۇ بىلەن سارقامىستىكى ئوتلاقنى سۇغىرىپ، پەرۋىش قىلىپ چارۋىچىلىقنىڭ ئوتلاق مەسىلىسىنى شۇنىڭدەك قىشلىق ئوت - خەشەك زاگاتوپكا بازىسى قىلىپ، چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئوبدان ئۈنۈمگە ئىگە بولغان.



ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق گاپىتالىست گوستە (مىللىتى رۇس) خېلى بۇرۇندىنلا زور بىر تۈركۈم ئەمگەك كۈچى ياللاپ ئالتايغا ئاپىرىپ، ئالتۇن كېنى ئېچىپ ئالتۇن سودىگەرچىلىكىنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىش نىيىتىدە بولغان. ئۇ بۇ پىلاننى يازما دوكلات ئارقىلىق شۇ چاغدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلغاندا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي باشلىقى ياڭ زېڭشىن كوستەنىڭ ئالتاينىڭ ئالتۇنىنى سۈزۈۋېلىش پىلانىغا قوشۇلۇپ، كاپىتالىست كوستە بىلەن كېڭىشىپ، چوڭ بىر ئالتۇن كان قوشۇنى تەشكىللەپ شېرىكلىشىپ ئالتايدىن ئالتۇن كان ئېچىشنى ۋە بىرلىكتە باشقۇرۇشنى قارار قىلغان.

ئالتۇن كانىغا لازىملىق ئەمگەك كۈچىنى ئۈرۈمچى، ماناس، گۇچۇڭ، تۇرپان، توقسۇن، پىچان قاتارلىق جايلاردىن ئېلىش، ئىشلەپچىقىرىش قورالى، ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنى، ئەمگەك كىيىملىرىنى ياڭ زېڭشىن يەتكۈزۈپ بېرىش، كان ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئوزۇق - ئوقەت، چارۋا - مال ۋە ترانسپورت ئۇلاغلىرىنىڭ يەم - خەشەك ئېھتىياجى ئۈچۈن، لازىملىق ئاشلىقنى ئالتاينىڭ ئۆزىدىن ئېلىش ئۈچۈن، شۇ جايدا ئالتۇن كان ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇپ ئىش ئېلىپ بېرىشنى بېكىتىدۇ. بۇ ئىشقا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يار - يۆلەكتە بولۇش بىلەن دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن تارتىپ ئىشقا كىرىشكىچە بولغان بارلىق كونكرېتنى ئىشقا كوستە مەسئۇل قىلىنىدۇ.

ئالتايدا ياڭ زېڭشىن ۋە كوستەنىڭ شىركەتچىلىكىدە

ئالتۇن كان ئېچىش، ئالتۇن كان ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇش، بۇ ئىشنىڭ تېزدىن ئورۇندىلىپ ئىشقا كىرىشىشىگە يېقىندىن ياردەمدە بولۇش ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن شۇ چاغدىكى ئالتاينىڭ دوتىيىگە ئالاھىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

كاپىتالىست كوستە ياڭ زېڭشىن بىلەن قىلىنغان كېلىشىمگە ئاساسەن، 1924 - يىلى قىشتا ئۆزىنىڭ سۇ ئىنژېنېرى گومۇركىننى مەسئۇل قىلىپ، شىركەتلەشكەن ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرىدىن بىر قانچە كىشىنى تەشكىللەپ گۇلوخۇي نېۋېلىر (شۇي پىڭ يى) قاتارلىق ئەسۋابلار بىلەن ئاۋېتەننىڭ ئادەتتىكى يەر خەرىتىسىنى ئېلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار قىران دەرياسى ۋە ئاۋېتەن زېمىنىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ، ئالتۇن كان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش نىيىتىدە قۇرۇلغۇسى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ سۇ مەنبەسىگە ئائىت بىرىنچى قول ماتېرىياللىرىنى يىغىپ، يەر تۈزۈلۈشىنىڭ ئاددىي خەرىتىسىنى (پىڭ مىيەن دىتۇ) سىزىپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىدۇ. ئاندىن رەسمىي مۇزاكىرىدىن ئۆتكۈزۈپ دەسلەپكى قەدەمدە ئىش باشلاشقا مۇناسىۋەتلىك ئادەم كۈچىنى تەشكىللەپ، ماددىي جەھەتتىكى تەييارلىقلارنى پۈتتۈردى. 1925 - يىلنىڭ بىرىنچى پەسلىدە، 1923 - يىلى كېنجىن بىلەن لى باۋچاڭ قازغان ئېرىق ئاساسىدا ئۆستەڭ ئېغىزىنى قىزىلتاشنىڭ ئۆزىدىن (بۇرۇنقى ئۆستەڭ ئېغىزىنىڭ ئۈستۈنكى يېرىدىن) ئېلىپ، سۇ سىغىمچانلىقى 30 قۇلاق، ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتر ئاۋېتەن ئۆستىڭى قۇرۇلۇشىنىڭ لايىھىسىنى پۈتتۈرۈپ،



1925 - يىلى 4 - ئايدىن باشلاپ 500 ئەمگەك كۈچى بىلەن ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنى جىددىي ئېلىپ باردى. ئۆستەڭنىڭ قېزىش ئىشى مەلۇم يەرگە بارغاندا، ئەمەلىي ئېھتىياجنىڭ تەقەززاسىدا تېرىقچىلىق ئىشىنىمۇ بىللە ئېلىپ بېرىپ، ئالغان ئاشلىقى بىلەن ئۆز ئېھتىياجىنى قامداپ باردى. ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ 1926 - يىلى يازلىق تېرىلغۇدا 1500 مو يەرگە زىرائەت تېرىپ ياخشى ھوسۇل ئالدى. 1927 - يىلى 3 - ئايدا ئاۋېتەن ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، شۇ يىلى 5000 مو يەر ئېچىپ بۇغدايىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئارپا، پۇرچاق، تېرىق قاتارلىق تۆت تۈرلۈك زىرائەت، 1000 مو يەرگە بېدە ۋە 200 مو يەرگە سەي، قوغۇن - تاۋۇز تېرىپ ياخشى ھوسۇلغا ئىگە بولدى.

ئۆستەڭ ئېلىنىدىغان يەر يانتۇ، ئاستى تاشلىق بولغاچقا، ئۆستەڭنىڭ بەزى جايلىرىغا ئىككى قىرنى چىم بىلەن چىڭداپ قوپۇرۇپ، قۇم ياساپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا قارا جىرانىڭ دىمچى دېگەن جايىدا يەر تۈزۈلۈشى جىرا بولغاچقا، جىرادىن سۇنى ياغاچ نو ئارقىلىق ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ جىراغا كەڭلىكى 3 مېتر، چوڭقۇرلۇقى 1 مېتر، ئۇزۇنلۇقى 20 مېتر تاختاي نو ياساپ، سۇنى نو ئارقىلىق ئۆتكۈزۈپ، سوكۆكتال، چىغراۋ دېگەن جايغىچە يەتكۈزۈلدى.

كوستە ئاۋېتەن ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشتا مەبلەغنى تېجەپ ئىشلىتىشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. چۈنكى ئۇنىڭ مەقسىتى ئالتۇنغا ئىگە بولۇش، بۇنىڭ

ئۈچۈن ئالتۇن كان قۇرۇش ئىدى. ئۇ چاغدا ئالتايدا ئاش-
لىق ناھايىتى ئاز بولغاچقا نەچچە مىڭلىغان ئادەم ۋە
ھايۋاننىڭ ئوزۇقى ئۈچۈن كېتىدىغان ئاشلىقنى سىرتتىن
ئېلىپ بارسا، ئۇنىڭ كىراسى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان خىرا-
جەت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. كوستە بۇ ھېسابلارنى
ئىنچىكىلىك بىلەن مۇھاكىمە قىلىپ، ئۆستەڭ قېزىشنى
دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇش ۋە ئالتۇن كان ئېچىش تەي-
يارلىق ئىشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ باردۇ. ئۆس-
تەڭ قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈشىگە ئەگىشىپلا ئاۋۋال دېھقانچى-
لىق مەيدان قۇرۇلۇشىمۇ پۈتىدۇ. بۇ دېھقانچىلىق مەي-
دانىنى كىشىلەر كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە «كوستەنىڭ زايىم-
كىسى» دەپ ئاتايدۇ (زايىمكا دېگەن رۇسچە سۆز بولۇپ،
مەھەللە، كەنت، جاڭزا دېگەن مەنىدە ئىكەن). كوستە قۇر-
غان بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا 300 نەپەر ئىشچى، 100
دانە ئىككى چىشلىق يېڭى شەكىلدىكى سوقا، 2 دانە
مالاتىلكا (توگوجى)، 10 دانە بېيىمكا (ئاشلىق سورۇيدىغان
ماشىنا)؛ تېرىلغۇ ھايۋان كۆچىدىن 300 دانە ئات، 50
دانە ئۆكۈز، قاتناش قوراللىرىدىن 15 دانە كۆتەك ھارۋا،
25 دانە بىرشىكا ھارۋا؛ ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشى جە-
ھەتتە دېھقانچىلىق مەيدانى ئىشخانىلىرى، 10 مىڭ توننا
ئاشلىق سىغىدىغان ئىسكىلات، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ
ياتاق ئۆيى، ماشىنا، سايمان، ئۇسكۈنىلەر قويۇلىدىغان
لاپاسلار، دېھقانچىلىق مەيدانى قارىمىقىدىكى تۆمۈرچىلىك،
ياغاچچىلىق، رېمونتچىلىق كارخانىلىرىنىڭ ئۆي - ئىما-
رەتلىرى پۈتەرلىك دەرىجىدە قۇرۇلىدۇ.



ئالتۇن كانىدا 1000 نەپەر ئىشچى ئالتۇن قېزىش
بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئالتاي شەھىرىدە (ھازىرقى خەلق
دوختۇرخانىسىنىڭ ئورنىدا) كان ئىش باشقۇرۇش ئورنى
بولۇپ، ئۇنى كانتۇر دەپ ئاتايتتى. ئۆز ئېھتىياجىغا خىز-
مەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن قۇرغان ئىككى تاشلىق ئۇن تار-
تىش تۈگمىنىمۇ بار ئىدى. ئاشلىق ئىسكىلاتىنىڭ بىر
قىسمى مۇشۇ ئىش باشقۇرۇش ئورنىدا ئىدى.
كوستەنىڭ ئالتۇن كان، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق
مەيدانى ئىگىلىكىنى ئۇنىڭ قېيىن ئاتىسى ئاقباش، قېيىن
ئىنىسى ۋالوتكا، كۈيئوغلى كاساتكىن ۋە ما× ×
فامىلىلىك بىر خەزنە كىشى باشقۇراتتى. كوستە ئۆزىمچىدە
ئولتۇرۇشلۇق، چەت ئەللەر بىلەن سودا مۇئامىلىسى
قىلىدىغان چوڭ كاپىتالىست بولۇپ، ئۆزى ئالتايغا كېلىپ
باقمىغان، ئايالى يىلدا بىر قېتىم دېگۈدەك كېلىپ تۇراتتى.
1930 - يىلى ئايالى ئالتايغا كېلىپ ۋەكالىتەن ئىش
باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىشىنى تەكشۈ-
رۈپ كېتىشىدە 48 كىلوگرام ئالتۇن ئېلىپ كەتكەنىدى.
كوستەنىڭ ئالتايدا ئالتۇن كان ئېچىپ ئالتۇن
قېزىش، دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇپ دېھقانچىلىق ۋە
نەسىللىك چارۋا يېتىشتۈرۈشتەك بىر قاتار ئىشلىرى
1926 - يىلدىن باشلىنىپ، 1932 - يىلغىچە داۋام
قىلدى. ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كوستە
بىلەن بولغان شىركەتچىلىك ئىشىغا جىن شۇرېن ۋارىسلىق
قىلدى. ئاۋۋال ئۆستەڭدىن پايدىلىنىش ھوقۇقى شىنجاڭ-
نىڭ ھەربىي مەمۇرىي باش ئەمەلدارى ياڭ زېڭشىن

ئەرپپىدىن مۇتلەقلەشتۈرۈپ بېكىتىپ بېرىلگەچكە، كوستە يەرلىك خەلققە بىر تامچە سۇدىن پايدىلىنىشقا، ئېچىلغان بوز يەردىن بىر پۇڭ يەر تېرىشقا رۇخسەت قىلمايتتى. كەڭ ئاۋىتەن زېمىنىدا شۇنداق بىر ئۈستەڭ بەرپا قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئالتايدا ياشىغۇچى ھەر مىللەت دېھقانلىرى، چارۋىچىلىرى ئۇنىڭدىن قىلچە مەنپەئەت ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالمىغانىدى.

كوستەنىڭ ئاۋىتەندىكى دېھقانچىلىق مەيدانى ھەر يىلى تېرىلغۇ يەرنى كېڭەيتىپ تېرىپ، 1932 - يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇدا 16 مىڭ مو يەرگە تېرىقچىلىق قىلىپ ناھايىتى كۆپ ھوسۇلغا ئىگە بولدى. ئۇ ئۆز ئېھتىياجىغا لازىملىق ئوزۇق - ئوقەت، يەم - خەشەك، تەكرار كېڭەيتىلگەن ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەك ئوزۇقلۇق، ئۇرۇقلۇق، يەم - خەشەك ئېھتىياجىنى تولۇق تەمىنلەپ ئاشقان ئاشلىقى بىلەن شەھەر خەلقىنىڭ مەلۇم ئېھتىياجىنى تەمىنلەشكە سەرپ قىلدى. ئالتايدا قىر خەلقى چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن، شەھەر خەلقى سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغاچقا، ئاز مىقداردا تېرىق، سۇلۇ، ئارپا تېرىپ ئالغاندىن باشقا ئۆز ئېھتىياجىغا لازىملىق ئاشلىقنى ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، چۆچەك، ساۋەن قاتارلىق جايلاردىن ئەكىلەتتى. كوستە ئاۋىتەندە دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇپ كەڭ دائىرىدە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئېشىندى ئاشلىقى بىلەن خەلقنىڭ ئاز بولسىمۇ بىر قىسىم ئېھتىياجىنى تەمىنلەيدىغان بولدى.



كوستەنىڭ ئالتايدا ئالتۇن كانچىلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق (سېيىر نەسلىنى ياخشىلاش) ئىگىلىك باشقۇرۇشى ئالتە يىل داۋام قىلىپ، 1933 - يىلى ئاپرېل ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇستەبىت ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئاۋىتەن زېمىنىدىن پايدىلىنىش ئىككى يىل توختاپ قالدى.

ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن قۇرۇلغان شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى 1935 - يىلى ئالتايدىكى چارۋىچى قېرىنداشلارنى دېھقانچىلىق بىلەنمۇ قوشۇمچە شۇغۇللىنىشقا تەشەببۇس قىلىپ، پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە بوز يەرلەرنى خەلققە بۆلۈپ بېرىشنى ئېلىپ باردى. شۇ چاغدا قۇلتايبولات، تاسبىكە قەبىلىلىرىدىكى قازاق چارۋىچى قېرىنداشلار ئاۋىتەن زېمىنىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى قەبىلە ئەزالىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىپ، چارۋىچىلار ئۆز ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۇ يەرگە تېرىق، ئارپا، سۇلۇ قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىپ پايدىلىنىشقا باشلىدى. ئالتاي شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلاردىن نەبىيۇللا سۇنجاڭ، قارا پالتاخۇن، ئۇزۇن ئىمىن، مىنەۋەر باي، غوپۇر شاكىيۇ قاتارلىق كىشىلەر ئاۋىتەن زېمىنىنىڭ شىمالىي تەرىپىنى ئىگىلەپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئېلىپ باردى. كوستە تەرىپىدىن قېزىلغان ئاۋىتەن ئۈستىڭى، ئېچىلغان ئاۋىتەن زېمىنىدىن قۇلتايبولات، تاسبىكە قەبىلىسىدىكى چارۋىچىلار ۋە شەھەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ستىخىيىلىك ھالدا ئىگىلەپ پايدىلىنىش

ئىشى 1935 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە تار دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىپ، بۇ بىر كەڭ زېمىننىڭ كۆپ قىسمى ئىگىسىز تاشلاپ قويۇلدى.

1933 - يىلى، ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن قۇرۇلغان شېڭ شىسەي هۆكۈمىتى ئالتايدا ئالتۇن كانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشنى يولغا قويدى. بۇ ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشنى خالىغان شەخسلەرنى تەشكىللەپ، ئۇلارغا ئىشلەپچىقىرىش قورالى، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە قەرز پۇل ياردەم بېرىپ، ئالتۇن كانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويدى، شەخسىي كانچىلارنىڭ باشلىقلىرى داباڭ دەپ ئاتىلىپ، هەربىر داباڭ قولىدىكى بىرقانچە ئون ياكى بىرقانچە يۈز ئىشچىسى بىلەن ئالتۇن قېزىشنى ئېلىپ باردى. بۇنداق داباڭلارنىڭ ئالتۇنچىلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىشىغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ، ماددىي بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەش ئىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ كەسىپنى باشقۇرىدىغان ئالتۇن كان ئىدارىسى تەسىس قىلىپ، شۇ ئىدارە ئارقىلىق مەخسۇس باشقۇرۇپ كەلدى. بۇ چاغدا ئالتاي ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى تەمىنلىيەلمەيتتى. دەسلەپ هۆكۈمەت كانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېهتىياجىغا لازىملىق ئۇن، گۈرۈچنى ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىن ئەكەلتۈرۈپ تەمىنلىدى، بۇ هەر جەھەتتىن قىيىنغا توختايتتى. ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە ئالتاي ئاشلىقىنى ئۆزىدىن هەل قىلىش ئىدى. بۇ ئەمەلىي ئەھۋالنىڭ تەقەززاسى كوستەدىن قالغان ئاۋىتەن ئۆستىڭىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى



ئېلىپ بېرىپ، ئاۋىتەن زېمىنىدىكى 80 مىڭ مو يەردىن زامانىۋى ئۇسۇلدا پايدىلىنىش زۆرۈرلۈكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئالتاي بۇ ئەھۋالنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتىدىن نازىرلىق فولىڭ، مۇئاۋىن نازىر ۋاڭ شۇ چاغدىكى ئالتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىرى جانىمقان، تەبىن (موگغۇل)، سۇ ئىشلىرى ئىنژېنېرى مەھەممەت ئىمىن ئىمىنوۋ قاتارلىقلار بىلەن بۇ ئىشنى مۇھاكىمە قىلىشىدۇ. نەتىجىدە 1942 - يىلى 1 - ئايدىن 3 - ئايغىچە ئاۋىتەن ئۆستىڭىنى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك تەييارلىق ئىشلارنى پۈتتۈرۈپ، ئىنژېنېر مەھەممەت ئىمىن ئىمىنوۋنىڭ تېخنىكىلىق يېتەكچىلىكىدە 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن باشلاپ نەق مەيداندا ئۆلچەش ئىشىنى ئېلىپ بارىدۇ. 4 - ئاينىڭ بىرىگىچە ئاخىرلاشتۇرۇپ، شۇ كۈندىن تارتىپ 500 ئەمگەك كۈچى بىلەن ئۆستەڭنى كېڭەيتىش ۋە ئۇزارتىش قۇرۇلۇشىنى باشلىۋېتىدۇ. ئۆستەڭنىڭ قۇرۇلۇشنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇرۇن كوستەدىن قالغان زايىمكانى مەيدان ئورنى قىلىپ، 300 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بىر ماشىنىلاشقان دېهقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. ئۆستەڭنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ئىشىدا لازىملىق ئەمگەك كۈچىنى خەلق چىقاردى، هۆكۈمەت ئەمگەك قورالى ۋە يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىنلىدى.

ئاۋىتەندە قۇرۇلغان ماشىنىلاشقان دېهقانچىلىق مەيدانىغا يېقىندىن 10 ئائىلىلىك ياتاق ئۆي سالغاندىن باشقا، مەيدان ئىشخانىلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر

ياتاقلىرى، ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك كارخانىلار، ئاشلىق
ئىسكىلاتى، مۈلۈك ئىسكىلاتى، ماشىنا - سايمانلار لاپى-
سى، ئات قورا، ئاشخانا، ناۋايخانا قاتارلىق ئۆي -
ئىمارەتلەر ئېھتىياجى تامامەن كوستەدىن قالغان ئۆي -
ئىمارەتلەردىن پايدىلىنىش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىندى.
ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ماشىنا
ئۈسكۈنىلىرى: تراكتور 2 دانە، مالاتىلكا (توگوجى) 1
دانە، سامازىروسكا (شۇگېجى) 20 دانە، ئۇرۇق چېچىش
ماشىنىسى (سېيالكا) 4 دانە، چۆپ چېپىش ماشىنىسى
10 دانە، ئىككى ئاتلىق سوقا 100 دانە، توپا توشۇش
ماشىنىسى 5 دانە، ئاشلىق سورۇيدىغان ماشىنا (بېيىمكا)
20 دانە، ئىككى ئاتلىق بىرىشكا ھارۋا 10 دانە، ئوت
چېپىش چالغىسى 1000 دانە؛ ئىشلەپچىقىرىش ئۈلىنىدىن
ئات 300 دانە، تۆمۈرچىلىك دۇكىنى، ياغاچچىلىق دۇكىنى،
ئۇن تارتىش موپىكى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 300
نەپەر ئەتراپىدا بولغانىدى.
1942 - يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇدا بۇرۇنقى ئۆس-
تەڭدىن پايدىلىنىپ تېرىقچىلىق قىلىپ، ئۆستەڭنى يەنە
27 كىلومېتر ئۇزارتىپ قاراچىلىك جىراسىغا يەتكۈزۈش
قۇرۇلۇشى پىلانلاندى. بۇنىڭدا دۆلەت ھەم خەلق كۈچىنى
جارى قىلدۇرۇپ، ئاۋبتەن تۈزلەڭلىكنى تامامەن ئېچىپ
پايدىنىش پىلانى تۈزۈلۈپ، بۇ پىلانىنى 3 باسقۇچقا
بۆلۈپ ئورۇنداپ پۈتتۈرۈش قارار قىلىنىپ ئىشقا كىرىشىل-
دى. مەھەممەت ئىمىن ئىمىنوۋنىڭ تېخنىكىلىق يېتەكچى-
لىكىدە ئاۋبتەن ئۆستىڭىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى باشلان-



غاندىن كېيىن، تەشكىل ئەلى جالالىدىنىمۇ ئىنژېنېر
ئىمىنوۋغا ياردەمچى ئىنژېنېر بولۇپ ئىشلەشكە ئەۋەتكەنىدى.
بىرىنچى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن،
ئىمىنوۋ خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ،
ئۆستەڭنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇش
ئىشىغا ئەلى جالالىدىن تېخنىكا يېتەكچىسى بولۇپ
ئىشلەيدۇ.
1942 - يىلى 4 - ئايدىن 8 - ئايغىچە 500
ئەمگەك كۈچى بىلەن ئىشلەپ ئۆستەڭنى 13 كىلومېتر
ئۇزارتىپ، ئۆستەڭ ئايغىنى ئاۋبتەن بىلەن چېمىرچەك
چېگرىسىغا يەتكۈزۈلدى، بۇ باسقۇچتا 6 ئورۇندا سۇ
بۆلگۈچ ئېغىزى ياسالدى.
ئىككىنچى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇش ئىشى 1943 -
يىلى 4 - ئايدا باشلىنىپ، 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە
250 ئەمگەك كۈچى بىلەن ئۆستەڭ يەنە 7 كىلومېتر
ئۇزارتىلدى، ئۆستەڭنىڭ ئايغى قۇۋانباي قاجىنىڭ مېچى-
تى — كۆكبۆكتەر دېگەن جايغا يەتكۈزۈلدى. بۇ باسقۇچتا
يەنە 4 ئورۇندا سۇ بۆلگۈچ ئېغىزى ياسالدى.
ئۈچىنچى باسقۇچلۇق ئۆستەڭ قۇرۇلۇش ئىشى
1944 - يىلى 4 - ئايدا باشلىنىپ، 6 - ئاي ئاخىرى-
غىچە 150 ئەمگەك كۈچى بىلەن قېزىلىپ، ئۆستەڭ يەنە
7 كىلومېتر ئۇزارتىلدى. ئۆستەڭ ئايىقى قاراچىلىك جىرا-
سىغا يەتكۈزۈلۈپ، سۇغىرىش مەيدانى ئاۋبتەن ۋە چېمىر-
چەك رايونىنىڭ بىر قىسمى دائىرىسىگىچە كېڭەيتىلىپ بۇ
دائىرىدىكى تېرىشقا تېگىشلىك زېمىن تامامەن دېگۈدەك

ئېچىپ پايدىلىنىلدى.

ئۆستەڭنىڭ ئۈچ باسقۇچلۇق ئۇزارتىش قۇرۇلۇشى جەريانىدا لازىم بولغان ئەمگەك كۈچى خەلق تەرىپىدىن چىقىرىلدى. ھۆكۈمەت ئەمگەك قورالى، ئوزۇق - تۈلۈك، يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىنلەپ تۇردى. ئاۋېتەن ئۆستىڭىنىڭ كېڭەيتىپ قۇرۇش ئىشى 1944 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا تاماملىنىپ، ئۆستەڭ كوستە قازدۇرغان 15 كىلومېتىردىن 42 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇققا يەتكۈزۈلدى. نەتىجىدە كاپىتالىست كوستە باشقۇرغان دەۋردە خەلق بۇ ئۆستەڭنىڭ بىر تامچە سۈيىدىن، كەڭ ئاۋېتەن زېمىنىدىكى بىر پۈك يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالماسلىقتەك ئېغىر ھالدىكى نامۇۋاپىقلىققا خاتىمە بېرىلىپ، بۇ ئۆستەڭ سۈيىدىن ھەم بۇ كەڭ زېمىنىدىن دۆلەت ۋە خەلق تەڭ پايدىلىنىشتەك تۈزۈم يولغا قويۇلدى.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: سۇ ئىشلىرى نازارىتى)



# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدىكى پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرىدىن ئەسلىمە

داۋۇت ساتتار

1944 - يىلى 11 - ئايدا، غۇلجا شەھىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلىنىپ، ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ياش خەلق ھاكىمىيىتى، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئىدارە - ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىش بىلەن بىر قاتاردا، يېڭى پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرىنى بەرپا قىلىپ، راۋاجلاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قارارى بويىچە، دەسلەپ غۇلجا شەھەرلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىدىن تەلتۆكۈس ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بولۇپ قۇرۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلدى. شۇ تەرىقىدە بۇرۇنقى غۇلجا شەھەرلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىمۇ ئۈچ ۋىلايەت پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى بولۇپ قۇرۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى پوچتا - تېلېگراف

ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى ھەمدە بۇ ۋەزىپىنى پۈتۈن شىنجاڭ ئۆلكىسى ئازاد بولۇپ، پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەنگە قەدەر داۋاملاشتۇرغانىدى. مەن بۇ ئەسلىمەمدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدە يولغا قويۇلغان پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

## ئۈچ ۋىلايەت پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى

ئۈچ ۋىلايەت پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ تەركىبىدە تۆۋەندىكىدەك باشقارمىلار قۇرۇلغانىدى:

كاتىبات باشقارمىسى — بۇ باشقارما كۈندىلىك ئورگان خىزمەتلىرى، كادىر ئىشلىرى، تەلىم - تەربىيە، خوجىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، باشقارما باشلىقى داۋۇت ئىدى.

پوچتا باشقارمىسى — بۇ باشقارما خەت - ئالاقىلەر، پوسۇلكا، گېزىت - ژۇرناللار، پوچتا ماركىسى قاتارلىقلارنى قوبۇل قىلىش ۋە تارقىتىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، باشقارما باشلىقى ئاروپ ئابدۇللا ئىدى. زىيا سەمەدىمۇ بىر مەزگىل مەسئۇل بولغانىدى.

تېخنىكا باشقارمىسى — بۇ باشقارما ئومۇمىي تېلېفون تېخنىكا ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، كونكرېت شەھەرلىك تېلېفون ئىستانسىسىنى ۋە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يوللىرىنى ئاسراش، يېڭى تېلېفون ئىستانسىلىرىنى قۇرۇش،



ئاپپارات ئۈسكۈنىلەرنى رېمونت قىلىش، تېلېفونگرامما ۋە سىملىق رادىئو ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇپ، باشقارما باشلىقى باچۇۋسكا (رۇس) ئىدى. بۇ باشقارما تارمىقىدا يەنە بىر قۇرۇلۇش ئەترىتى بولۇپ، ئۇنىڭغا كاراكىن (رۇس)، ۋالىملار مەسئۇل ئىدى.

مالىيە باشقارمىسى — بۇ باشقارما ئۈچ ۋىلايەت پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىمى، پىلان تۈزۈش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، باشقارما باشلىقى يار مەھەممەت، باش كاسسىر ئابلىز ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا، جاۋىت مۇسابايوۋ ئىدارە باشلىقى، مەھەممەتجان ئەلىيوۋ، مالىك بىكتىمىروۋلار مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولۇپ بىر مەزگىل ئىشلىدى. كېيىن سامتى باي (قازاق) مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولۇپ بىر مەزگىل ئىشلىدى. ئىۋان سىرگېيېۋىچ باچۇۋسكى (رۇس) پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باش ئىنژېنېرى ئىدى.

1949 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئۈچ ۋىلايەت پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ تەيىنلىشى بويىچە مەن (داۋۇت ساتتار) ۋاقىتلىق ئىدارە باشلىقى بولدۇم. مەن بۇ ۋەزىپىدە تا شىنجاڭ ئۆلكىسى ئازاد بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىغا مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ يۆتكەلگىنىمگە قەدەر ئىشلىدىم.

## ئۈچ ۋىلايەتتە يېڭى پوچتا - تېلېگراف تورىنىڭ بەرپا قىلىنىشى

ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى تامامەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى بويىچە، بۇرۇنقى ھاكىمىيەت دەۋرىدە شەكىللەنگەن پوچتا - تېلېگراف تورى ئاساسىدا، ۋىلايەتلەر ئۈچ ۋىلايەت پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىگە قارايدىغان، ناھىيىلەر ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىغا قارايدىغان يېڭى پوچتا - تېلېگراف تورى بەرپا قىلىندى، يەنى رەھبەرلىك مۇناسىۋىتىدە ناھىيىلەر ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىغا، ۋىلايەتلەر ئۈچ ۋىلايەتلىك مەركىزى پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىغا تەۋە ئىدى. پەقەتلا ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق نىلقا، توققۇزتارا، كۈنەس (ئارال تۆپە)، تېكەس، موڭغۇلكۈرە، چاپچال (ھازىرقى شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى)، سۈيدۈڭ، چىلپەكزە، بورتالا، ئارشاڭ، جىڭ ناھىيىلىرىدە قۇرۇلغان پوچتا ئورۇنلىرى بىۋاستىلا غۇلجىدىكى ئۈچ ۋىلايەت پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلاتتى. تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق شىخو، ساۋەن، قوبۇقسار (ھازىرقى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى)، دۆربىلجىن، چاغانتوقاي ناھىيىلىرىدە قۇرۇلغان پوچتا - تېلېگراف ئورۇنلىرى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلاتتى. شۇ چاغدا تارباغاتاي



ۋىلايەتلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسىغا لىتىپجان، مىرخەمىت، ھاجى مەھەممەتلەر مەسئۇل ئىدى. ئالتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق بورچىن، جىمىنەي، قابا، بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىدە قۇرۇلغان پوچتا- تېلېگراف ئورۇنلىرى سارسۇمبىنى ئاساس قىلغان ھالدا خىزمەت ئېلىپ بېرىپ، ئالتاي ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلاتتى. شۇ چاغدا ئالتاي ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىغا بەدى موللا، ئىبراي، ناسىر ئاخۇنلار مەسئۇل ئىدى.

## پوچتا يوللىرى ۋە تارقىتىش ۋاسىتىلىرى

ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە جاي - جايلارغا بارىدىغان پوچتا يولى بار ئىدى. ئىلى ۋىلايىتى دائىرىسىدە، غۇلجا شەھىرىدىن نىلقا، توققۇزتارا، كۈنەس (بۇرۇن ئارال تۆپە، بەش تۆپە دەپمۇ ئاتىلاتتى)، تېكەس، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىرىگە بارىدىغان پوچتا يولى بار بولۇپ، پوچتالىيون پوچتا بۇيۇملىرىنى بەلگىلەنگەن پوچتا بېكەتلىرىگە يەتكۈزۈپ، باشقا پوچتا بۇيۇملىرىنى ئېلىپ قايتاتتى. مەسىلەن: غۇلجا شەھىرىدىن شەرقىي تۆت ناھىيىگە يەتكۈزۈلىدىغان پوچتا بۇيۇملىرىنى پوچتالىيون ياماتۇغا (ياماتۇ شۇ ۋاقىتتا شەرقىي تۆت ناھىيىنىڭ پوچتا ئالماشتۇرۇش ۋە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون تۈگۈنى ئىدى) يەتكۈزۈپ بېرەتتى، توققۇز تارا، تېكەس ناھىيىلىرىنىڭ پوچتالىيونلىرى ياماتۇغا كېلىپ، پوچتىنى ئالماشتۇرۇپ

قايتاتتى. تېكەس ناھىيىسىنىڭ پوچتاليونى ياماتۇغا كېلىپ، تېكەس ۋە موڭغۇلكۈرەگە بارىدىغان پوچتىنى ئالماشتۇرۇپ قايتاتتى. بۇ ھالدا چەت - يىراقتا جايلاشقان ناھىيىلەرنىڭ، يەنى موڭغۇلكۈرەنىڭ پوچتاليونى تېكەس پوچتا ئورنىغا، كۈنەسنىڭ پوچتاليونى توققۇزتارا پوچتا ئورنىغا كېلىپ، ئۆز پوچتىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. شۇ ۋاقىتتا، ئۈچ ۋىلايەت ئازاد رايونى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار جەنۇبىي تەرەپتىن يۇلتۇزدا (يۇلتۇز — ھازىرقى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى بايىنبۇلۇق دېگەن جايدا) چېگرىلىناتتى. يۇلتۇزدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ چېگرا پونكىتى، ساقچى شۆبىسى ۋە مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى جايلاشقان بولۇپ، بۇياققا ماڭىدىغان پوچتىلارنى كۈنەس پوچتا ئورنىنىڭ مەخسۇس پوچتاليونى قەرەللىك يەتكۈزۈپ تۇراتتى. غۇلجا شەھىرىدىن نىلقا ناھىيىسىگە بارىدىغان پوچتىنى پوچتاليون نىلقا ناھىيىسىنىڭ مازار دېگەن يېرىگە (مازار ھازىر غۇلجا ناھىيىسىگە قارايدۇ) كۈن ئارىلاپ يەتكۈزۈپ تۇراتتى. نىلقىنىڭ پوچتاليونى مازارغا كېلىپ پوچتىنى ئالماشتۇرۇپ قايتاتتى. غۇلجا شەھىرىدىن سۈيدۈڭ، چىلپەڭزە ناھىيىلىرىگە بارىدىغان پوچتىلارنى پوچتا ماشىنىسى قەرەللىك يەتكۈزۈپ تۇراتتى. قورغاس ئېغىزى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدىغان پوچتىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پوچتا خادىملىرى چىلپەڭزە پوچتا - تېلېگراف ئورنىغا كېلىپ قەرەللىك ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. غۇلجا شەھىرىدىن ئارباغاتاي، ئالتاي ۋىلا-



يەتلىرىگە ۋە ئارشاڭ، بورتالا، جىڭ، شىخو ناھىيىلىرىگە بارىدىغان، شىخودىن ساۋەنگە ۋە مىللىي ئارمىيە ئالدىنقى سېپىگە بارىدىغان پوچتىلار مەخسۇس پوچتا ماشىنىسى بىلەن كۈن ئارىلاپ شىخو پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىگە يەتكۈزۈلۈپ، ئۇ يەردىن باشقا جايلارغا تارقىتىلاتتى. ئارشاڭ ناھىيىسىگە بارىدىغان پوچتا سەنتەيدە، بورتالا ناھىيىسىگە بارىدىغان پوچتا ئۈتەيدە ئالماشتۇرۇلاتتى. مايتاغ كان رايونىنىڭ پوچتىسى شىخو پوچتا ئورنىدىن يەتكۈزۈلەتتى. شۇ مەزگىللەردە چۆچەك شەھىرىدىن بەختى ئېغىزى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدىغان پوچتا يولى بولۇپ، ئىككى تەرەپ نۆۋەت بويىچە پوچتا ئالماشتۇراتتى. شىخودىن ساۋەن ئارىلىقىدا تۇرۇۋاتقان ۋە ماناس دەرياسى بويلىرىدىكى مىللىي ئارمىيە ئالدىنقى سەپ قىسىملىرىنىڭ پوچتىلىرىنى مەخسۇس پوچتاليون ھەربىي ماشىنا بىلەن يەتكۈزۈپ ئالماشتۇراتتى. غۇلجا شەھىرى ئىچىدە بولىدىغان پوچتا ئالاقىسى ۋېلىسىپىت بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. مەخسۇس پوچتاليون بەلگىلەنمىگەن بەزى رايون ياكى يېزا - كەنتلەرنىڭ پوچتا ئالاقە خىزمىتىنى شۇ رايون ياكى يېزا - كەنتلەرنىڭ باشلىقلىرى قوشۇمچە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەيتتى.

## خەت - ئالاقىلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە تارقىتىش ئۇسۇلى

ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە يۈرگۈزۈلگەن پوچتا - تېلېگراف خىزمىتى كونا ھاكىمىيەت مەزگىلىدە يولغا قويۇل-

غان پوچتا - تېلېگراف خىزمىتى ئاساسىدا يېڭىلانغان بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغانىدى. مەسىلەن: ئالدى بىلەن، پوچتا - تېلېگراف ئورۇنلىرى ئىش يۈرگۈزۈشتە ئۇيغۇرچە يېزىقنى ئاساس قىلىدىغان بولدى. پوچتا تامغىلىرى، خەتكە بېسىلىدىغان پوچتا پېچەتلىرى، پوچتا تاغارلىرىغا بېسىلىدىغان تۈرلۈك پوچتا بەلگىلىرى ھەمدە پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ياكى پونكىتلىرىنىڭ ۋىۋىسكىلىرى ئۇيغۇرچە يېزىلىدىغان بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدىغان خەت - ئالاقە، پوسۇلكىلارنىڭ ئادرېسلىرى ئۇيغۇرچە ۋە رۇسچە يېزىپ قوبۇل قىلىناتتى.

1946 - يىلى 6 - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنىڭ روھى بويىچە، ئۈچ ۋىلايەت پوچتا - تېلېگراف ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ ئۆلكىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا سۆھبەت بولۇپ، سۆھبەتتە پۈتۈشكەن كېلىشىم بويىچە، پۈتۈن شىنجاڭ ئۆلكە دائىرىسىدىكى پوچتا يوللىرى راۋانلاشتۇرۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت كونتروللۇقىدىكى رايونلار بىلەن گومىنداڭ كونتروللۇقىدىكى رايونلارنىڭ پوچتا - خەت ئالاقىسى توسالغۇسىز يۈرۈشىدىغان بولغانىدى. شۇ كېلىشىم بويىچە، شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەتتىن ئەۋەتىلىدىغان خەت - ئالاقىلەرگە ئۈچ ۋىلايەت ئۆزىنىڭ پوچتا ماركىسىدىن باشقا يەنە ئۆلكىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى بىر تۇتاش تارقاتقان پوچتا ماركىسىمۇ چاپلىنىدىغان بولدى. بۇ ئىش بىر مەزگىل يۈرگۈزۈلگەنىدى. كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ تىنچلىق بىتىمىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش تۈپەيلىدىن، ئۆلكە بويىچە بىر تۇتاش يۈرگۈزۈلۈۋاتقان پوچتا ئالاقىسى توختاپ قالدى. شۇ دەۋردە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پوچتا ماركىسى چاپلىنىپ ئەۋەتىلگەن خەت - ئالاقىلەرنى ھازىرمۇ بەزى ئورۇن ۋە شەخسلەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

## ئۈچ ۋىلايەتتە ئىشلىتىلگەن پوچتا ماركىسى

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلغان پوچتا ماركىسى تۆت خىل بولۇپ، ئۇلار غۇلجا مەتبەئەسى (باسما زاۋۇتى) دا بېسىلغانىدى. بۇ تۆت خىل پوچتا ماركىسىنىڭ شەكلى تۆۋەندىكىچە:

1) - ماركىغا (بېتىگە) ئۇيغۇر خەلق قەھرىمانى سادىر پالۋاننىڭ يېرىم سىزىلغان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. تۆۋەن تەرىپىگە پوچتا ماركىسىنىڭ قىممىتى ۋە ئۇيغۇرچە «ماركا» دېگەن خەت يېزىلغان (باشقا ماركىلارمۇ ھەم شۇنداق). 2) ماركىغا قورال تۇتقان مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. 3) ماركىغا ۋېلىسىپىت بىلەن پوچتا ئېلىپ كېتىۋاتقان پوچتالىيوننىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن. 4) ماركىغا ئۇستەلدە كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغان بىر زىيالىينىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. پوچتا ماركىسىنىڭ قىممىتى شۇ مەزگىلدە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلغان ئۈچ ۋىلايەت پۇلى قىممىتىدە

ئىدى. بۇ نوقۇل پوچتا ماركىسى بولۇپ، سودا ياكى تامۇژنا ماركىلىرىدىن پەرقلىنەتتى، ئەلۋەتتە.

ئۈچ ۋىلايەت پوچتىسىدا ئىشلىتىلگەن پوچتا ماركىسى ئازادلىقتىن كېيىن دۆلەتلىك پوچتا - تېلېگراف مىنىستىرلىكىدە ساقلاندى ھەمدە مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق پوچتا ماركا كۆرگەزمىلىرىگە قويۇلدى.

## غۇلجا شەھەر ئىچىدىكى تېلېفون ئالاقىسى

غۇلجا شەھىرى ئازاد بولغاندا، گومىنداڭ پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدىن قالغان 100 نومۇرلۇق كونىراپ كەتكەن بىر تېلېفون ئىستانسىسى بولۇپ، ئۇنى يېڭى ھۆكۈمەت ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن قايتا رېمونت قىلىپ ئىشقا كىرىشتۈرگەن ۋە شۇ ئاساستا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقايسى مۇھىم تارماقلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرى، ھەربىي قىسىملار، ئىدارە - جەمئىيەتلەرگە ۋە ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىنىڭ ئۆيلىرىگە تېلېفون ئورنىتىلغانىدى. تېلېفون ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى غوجا، تېلېفونىستلار باشلىقى لازىيا (رۇس) ئىدى. تېلېفون ئىستانسىدا يەنە مەخسۇس تېلېفون تېخنىكى ۋە مانتيور بار ئىدى. تېلېفونىستلار ئۇيغۇر، رۇس، تاتار، قازاق ئاياللىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، نۆۋەت بويىچە كېچە - كۈندۈز ئىشلەيتتى. لېكىن بۇ ئىستانسا شۇ ۋاقىتتىكى تېلېفونغا بولغان ئاساسىي تەلەپنى قاندۇرۇپ كېتەلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كونا ئاپپارات بولغىنى ئۈچۈن دائىم



كاشىلا توغۇلۇپ تۇراتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، ھۆكۈمەت غۇلجا شەھەرلىك تېلېفون ئىستانسىسىنى قايتا قۇرۇشنى قارار قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 300 نومۇرلۇق ئىستانسا كىرگۈزدى. بۇنىڭ بىلەن غۇلجا شەھىرىدىكى تېلېفونغا بولغان ئېھتىياج ئاساسەن ھەل قىلىندى. بۇ ئىستانسا ئۆلكە ئازاد بولغانغا قەدەر ئىشلىدى.

## ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سىم يوللىرى

ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە گومىنداڭ ھاكىمىيىتى دەۋرىدە تارتىلغان تاق سىملىق ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سىم يولى بولۇپ، بىر قىسىم جايلاردىكى تېلېفون سىم يوللىرى بۇزۇلغانىدى. ئىنقىلابىي كۈرەش ۋە خىزمەتلەرنىڭ غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، بۇزۇلغان تېلېفون سىم يوللىرى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

غۇلجا شەھىرىدىن ياماتۇغا، ياماتۇدىن توققۇزتارا، كۈنەس، تېكەس، موڭغۇلكۈرەگە بارىدىغان ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سىم يولى بولۇپ، شەرقىي تۆت ناھىيە تېلېفون تۈگۈنىنىڭ مەسئۇلى مۇسا ئىدى. غۇلجا شەھىرىدىن چاپچال، سۈيدۈڭ، چىلپەنزە ناھىيىلىرىگىمۇ ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سىمى تارتىلغانىدى. غۇلجا شەھىرىدىن كەڭساي، ئارشاڭ، بورتالا، جىڭ، شىخو ناھىيىلىرىگە بارىدىغان ئۇزۇن تېلېفون يولي بۇرۇن غۇلجىدىن شىخوغا بارىدىغان

ھارۋا يولىنى بويلاپ تارتىلغان بولۇپ، تاشيولدىن يىراق ھەم ئاسراش تەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يولدىكى ستولبىلار ۋە تېلېفون سىملىرى كونىراپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۈچ ۋىلايەت پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى بۇ يولنىڭ مۇھىملىقىنى نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ، تېلېفون سىمىنى ھارۋا يولىدىن تاشيول بويىغا يۆتكەشنى قارار قىلدى. بۇ تېلېفون لىنىيىسىنىڭ ئارشاڭغا بارىدىغان تېلېفون يولى سەنتەيدىن، بورتالاغا بارىدىغان سىم يولى ئۈتەيدىن ئايرىلىدىغان بولدى. بۇرۇنقى تېلېفون يولى جىڭ ئارقىلىق داخىيەنزىگە، داخىيەنزىدىن بورتالاغا باراتتى. تېلېفون ستولبىلىرىنىڭ چىرىپ كەتمەسلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ياغاچ ستولبا ئاستىغا مەخسۇس تاش قويۇلدى. بۇ قۇرۇلۇش ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئالتە ئايدا پۈتتى. شىخو ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئالاقىسىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇپ، شىخو پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدە مەخسۇس ئالماشتۇرۇش ئىستانسىسى قۇرۇلغانىدى. غۇلجىدىن بېرىلگەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون، تېلېگراممىلار شىخو ئالماشتۇرۇش ئىستانسىسى ئارقىلىق تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە ۋە ساۋەن، يەنىسخەي، شىخەنزىلەردە تۇرۇۋاتقان مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالدىنقى سەپ قىسىملىرىغىچە ئۇلىناتتى. شىخو ئالماشتۇرۇش ئىستانسىسىنىڭ مەسئۇلى بارات ئىدى. مايتاغ كان رايونىدا ئون نومۇرلۇق تېلېفون ئىستانسىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا پەقەت كان رايونىنىڭ تېلېفون ئالاقىسىلا كاپالەتلەندۈرۈلەتتى. باشقا جايلار بىلەن سۆزلىشىشكە توغرا كەلسە شىخو تېلېفون تۈگۈنى ئارقىلىق



ئۇلىناتتى. يۇقىرىقى تېلېفون سىم يوللىرىدىن باشقا يەنە مۇھىم بازا ۋە ھەربىي پونكىتلارغا ئايرىم تارتىلغان مەخسۇس تېلېفون سىم يوللىرى بولۇپ، ئەگەر ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سۆزلىشىشكە توغرا كەلسە، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق پوچتا - تېلېگراف ئورۇنلىرى ئارقىلىق ئۇلىناتتى.

## ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ۋە تېلېگرامما تىجارىتى

ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ۋە تېلېگرامما تىجارىتىنى بىر تۇتاش ئېلىپ بېرىشقا تېخنىكا باشقارمىسى مەسئۇل بولۇپ، ئەمەلىي كەسپىي تىجارەتنى تېلېفون تىجارەت ئورنى باشقۇراتتى. ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە تېلېگرامما كەسپى يولغا قويۇلماي، بەلكى تېلېفونگرامما كەسپى يولغا قويۇلغانىدى. چۈنكى شۇ چاغدىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە سىملىق ياكى سىمسىز رادىئو ئىستانسىلىرىنى قۇرۇپ، تېلېگرامما كەسپىنى يولغا قويۇش شەرت - شارائىتى تېخى ھازىرلانمىغانىدى. تېلېگراممىدا تېلېگرام بەرگۈچى بەرمەكچى بولغان تېلېگراممىنى تىجارەت ئورنىغا تاپشۇرغاندىن كېيىن، تېلېفونىستلار قارشى تەرەپ تېلېفونىستلىرىغا تېلېفون ئارقىلىق تېلېگراممىنى سۆزمۇسۆز ئوقۇپ بېرىدۇ. قارشى تەرەپ ئۆز ئەينى خاتىرىلىۋېلىپ، تېلېگرام قەغەزىگە كۆچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، كۆرسىتىلگەن ئادرېسقا تاپشۇرۇلىدۇ. تېلېگرامما ئۇيغۇر يېزىقىدا قوبۇل قىلىنىپ، مەخسۇس تېلېگرامما قەغەزىگە يېزىپ تارقىتىلاتتى. تېلېفون ۋە تېلېگرامما ھەققىنى ھېسابلاش رەس-

مىيتى ھازىرقى پوچتا - تېلېگراف ئورۇنلىرىدا يۈرگۈزۈلۋاتقان ھەق ئېلىش رەسمىيەتلىرىگە ئوخشاش تالون كېسىلەتتى. تېلېفونگراممىنىڭ يەتكۈزۈلۈش ۋاقىت چېكى بولۇپ، تېلېگرام سەۋەبسىز كېچىكتۈرۈلسە ياكى ۋاقتىدا يەتكۈزۈلمىسە، جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىناتتى. ئەگەر سىم يوللىرىدا كاشىلا چىقىپ تېلېفونگرامما بېرىلمەي قالسا ياكى كېچىكىپ قالسا، تېلېفونگرام بەرگۈچى ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىناتتى. ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ۋە تېلېگرامما تىجارەت ئورنىنىڭ مەسئۇلى غوجا قاسىم ئىدى. غۇلجا شەھىرى بىلەن قورغاس ئارىلىقىدا بولىدىغان تېلېفون ئالاقىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى چىلپەڭزە پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى بولۇپ، ئۇنىڭ مەسئۇلى تاشىم (تاتار)، تېلېفونىست نۇر مەھەممەت ئىدى. غۇلجا بىلەن شىخونىڭ تېلېفون ئالاقىسىدە كەڭساي تېلېفون تۈگۈنى مۇھىم ئالماشتۇرۇش ئورنى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىرەكەش (قازاق)، بايىدىن رازىلار تېلېفونىستلىق قىلاتتى.

## سىمسىز رادىئو ئالاقىسى

ئۈچ ۋىلايەت پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدە رادىئوگرامما بېرىش كەسپى يولغا قويۇلمىغان، بەلكى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىدە يولغا قويۇلغانىدى. پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى پەقەت تېخنىكا ۋە كەسپىي جەھەتتىن تەمىنلەپ تۇراتتى. سىمسىز رادىئودا ئىشلىيدىغان رادىستلارنى دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقى تېخنىكلىرى قىسقا مۇددەتلىك



كۇرس ئېچىپ يېتىشتۈرگەن بولسا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا مىللىي ئارمىيە شتابى ئۆزى يېتىشتۈردى. مىللىي ئارمىيىدە يولغا قويۇلغان رادىئو تېلېگرامما سىنفىر بىلەن بېرىلگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن رۇسچە كۆچۈرۈلۈپ، ئاندىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىناتتى. بىز ئۇنى ئۇيغۇرچە رادىئوگرامما دەپمۇ ئاتايتتۇق. شىنجاڭ ئۆلكىسى ئازاد بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭ پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇيغۇرچە تېلېگرامما قوللىنىشنى قارار قىلدى ھەمدە يولداش ياڭ ۋېنغۇ مەسئۇللۇقىدا، ئۇيغۇرچە تېلېگرامما لايىھىسىنى تەييارلاش خىزمىتى باشلىنىپ، نەتىجىدە مىللىي ئارمىيىدە ئىشلىتىلگەن ئۇسۇل ئاساسىدا، يېڭى ئىنگلىزچە ھەرپنى ئۇيغۇرچە ھەرپكە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ ئىشمۇ ئۇتۇقلۇق بولدى. يېڭى ئۇيغۇرچە تېلېگراممىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە يولداش خەمىت غاپپاروۋ قاتارلىقلار تۆھپە قوشتى.

بۇ يەردە مۇنداق بىر ئىشنىمۇ ئەسلەپ ئۆتىمەن: ئابباسوۋ نەنجىڭدىن غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندە بىزگە ۋاڭ فامىلىلىك بىر خەنزۇ يولداشنى باشلاپ ئەكەلدى ۋە ئۇنى تونۇشتۇرۇپ: «بۇ يولداش رادىئو ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. رادىئو خەۋەرلىشىش ئىشلىرىدا بىزگە ھەمكارلىشىدۇ. ئۇنىڭغا كېرەكلىك زاپچاس - ماتېرىياللارنى تەمىنلەپ تۇرۇڭلار»، دەپ تاپىلىدى. بىز بۇ ئادەمنى ۋاڭ ئەپەندى دەپ يۈردۇق. ئۇ ئارىلاپ كېلىپ كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئېلىپ قايتاتتى. ئۇنىڭ قەيەردە تۇرىدىـ

خانلىقى بىزگە نامەلۇم ئىدى. كېيىن ئۇ گۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى. شىنجاڭ ئۆلكىسى ئازاد بولغاندىن كېيىن مەن ئۆلكىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ يۆتكىلىپ كەلسەم، ئۇ مۇشۇ يەرنىڭ مەسئۇلى ئىكەن. شۇ ۋاقىتتىلا ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا پەۋقۇلئاددە رادىئو ئالاقىسىنى ئىشلەش ئۈچۈن (يەنئەن - غۇلجا ئارىلىقىدا) ئاباسوۋ بىلەن بىللە نەنجىڭدىن كەلگەن يولداش چېڭ گوئەن ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

## غۇلجا شەھىرىنىڭ سىملىق رادىئولاشتۇرۇلۇشى

يولداش ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرىغا بەرگەن: «غۇلجا شەھىرىگە 300 نومۇرلۇق تېلېفون ئىستانسىسى ئورنىتىشتىن باشقا، غۇلجا، چۆچەك، سارسۇمبە شەھەرلىرىدە سىملىق رادىئو ئىستانسىلىرىنى قۇرۇپ، شەھەرنى سىملىق رادىئولاشتۇرۇپ، خەلقنى مەنىۋى جەھەتتىن ئوزۇقلاندۇرۇپ تەربىيىلەش كېرەك» دېگەن يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئۈچ ۋىلايەت پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سىملىق رادىئو ئىستانسىدىن ئۈچنى بارلىق ئۈسكۈنە، ماتېرىياللىرى بىلەن سېتىۋېلىپ، يۇقىرىقى ئۈچ شەھەرگە ئورنىتىش ئۈچۈن تارقىتىپ بەردى. غۇلجا شەھەرلىك سىملىق رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇپ، شەھەرنى سىملىق رادىئولاشتۇرۇشنى ئۈچ ۋىلايەت پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، غۇلجا شەھىرى ئىچىدىكى



ئىدارە، جەمئىيەت، بازار - كوچىلار ۋە قىسمەن ئائىلىلەرگە سىملىق رادىئو كانايلىرى ئورنىتىلىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىت بويىچە كۈندىلىك خەۋەرلەر، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇقتۇرۇشلىرى، تۈرلۈك ئەدەبىي - سەنئەت نومۇرلىرى ئاڭلىتىلىپ تۇرۇلىدىغان بولدى. شەھەر خەلقى كۈندىلىك يېڭىلىق ۋە خەۋەرلەردىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرغىنىغا ئىنتايىن مەمنۇن بولۇشتى. شەھەرلىك سىملىق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئورنى ھازىرقى ستالىن كوچىسىدىكى شەھەرلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىگە قوشنا قورۇغا جايلاشقان. بۈگۈنكى سىملىق رادىئو ئىستانسىسى ئەنە شۇ بۇرۇنقى ئىستانسا ئاساسىدا ئىشلەپ كەلمەكتە. ئەينى ۋاقىتتا سىملىق رادىئو ئىستانسىغا كېبىر نىياز قاتارلىق كىشىلەر مەسئۇل بولغان.

## قاتناش - ترانسپورت ۋە يول ئاسراش

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا، قاتناش - ترانسپورت ۋە يول ئاسراش ئىشلىرى ئايرىم تارماق بولماي، بەلكى پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىگە قارايدىغان بولغانىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئاپتوموبىللار ئاز بولۇپ، قاتناش - ترانسپورت ئاساسەن ئات ھارۋا ۋە ئۇلاغ بىلەن بولاتتى. يولۇچىلار ئاپتوبۇسى يوق بولۇپ، ئۇزۇن يولغا بارىدىغان يولۇچىلار يۈك ماشىنىلىرىدا باراتتى. تاشيول ئاسراش ئىشى جەھەتتە، غۇلجىدىن سۈيدۈڭ، چىلپەڭزە، جىڭ، شىخو، ساۋەن، شىخەنزە ۋە ماناس

دەريا بويىدىكى ئالدىنقى سەپكىچە بارىدىغان رەسمىي تاشيول بولۇپ، ھەرقايسى ئوچاستكىلاردا يول ئاسرىغۇچىلار ۋە كېرەكلىك زاپاس ماشىنىلار بار ئىدى. تاشيول ۋە كۆۋرۈك ياسىغۇچى ئەترەتلەر ئايرىم ئىدى. يۇقىرىقى ئىككى ئورۇن كېيىنكى ۋاقىتلاردا پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، تاشيول ئىدارىسى ۋە ئات - ئۇلاغ ترانسپورت ئىدارىسى بولۇپ قۇرۇلۇپ، ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا مىجىت كېنزى (تاتار)، ئاۋاكرى (ئۇسسۇلچى) مەسئۇل بولدى.

## پوچتا - تېلېگراف ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ تەمىناتى

ئۈچ ۋىلايەت پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرى دەسلەپ ھەربىي تۈزۈم بويىچە ئېلىپ بېرىلىپ، تۇرمۇشتا ھەربىيلەر تەمىناتى بويىچە تەمىنلەنگەنىدى. يەرلىككە ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن مەمۇرىي ئىدارىلەرگە ئوخشاش مائاش تارقىتىلىدىغان بولدى.

ئۈچ ۋىلايەت پوچتا - تېلېگراف ساھەسىدە، خىزمەتنىڭ مۈشكۈللۈكى ۋە مۇرەككەپلىكى نەزەرگە ئېلىنىپ، پوچتالىيون (ئاتلىق ۋە ماشىنىلىق يۈرىدىغان پوچتالىيونلار)، شەھەر ئىچىدىكى پوچتا خادىمى، تېلېفون سىم يولىنى ئاسرىغۇچىلار، تېلېفونىستلار، مانتيورلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلەتتى. پوچتالىيون ۋە مانتيورلارغا ئايلىق مائاشىدىن



باشقا، بەلگىلىمە بويىچە كاماندىروپكا پۇلى بېرىلەتتى، بېكەتلەردە ئۇلارغا زاپاس ياتاق ئۆيى ئاجرىتىلاتتى. پوچتا - تېلېگراف ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ داۋالىنىش پۇلى ئومۇميۈزلۈك ھۆكۈمەت ھېسابىغا بولۇپ، دوختۇرخانىلار يەنىلا ئالدى بىلەن پوچتالىيون، مانتيور ۋە تېلېفونىستلارنى ئېتىبار بىلەن داۋالايتتى. پوچتالىيون، مانتيور، شەھەر پوچتا خادىمى، تېلېگرام توشۇغۇچى ۋە قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ ئىشچىلىرىغا يىلىغا بىر قېتىم يازلىق ۋە قىشلىق كىيىم - كېچەك، جۇۋا ۋە پىيما تارقىتاتتى. تېلېفونىست، تېخنىك ۋە تىجارەت خادىملىرىغا خىزمەت فورمىسى تارقىتاتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىلىغا بىر ئايلىق دەم ئېلىشى بولۇپ، ئەگەر دەم ئالماي خىزمەتنى داۋاملاشتۇرسا، ئۇلارغا بىر ئايلىق مائاش قوشۇپ بېرىلەتتى. ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن دەم ئېلىش كۈنلىرىدە خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن خىزمەتنى داۋاملاشتۇرغۇچىلارغا ئۈچ كۈن ھېسابىدا ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىلەتتى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ پوچتا - تېلېگراف خىزمىتى توغرىسىدا چىقارغان ئالاھىدە بەلگىلىمىسى بويىچە، پوچتالىيون ۋە سىم يولى ئاسرىغۇچىلار قاتناۋاتقان ھەرقانداق ئاپتوموبىلغا چۈشۈشكە ھەقلىق ئىدى. پوچتا - تېلېگراف ئىشچىلىرى ئىچىدىكى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشكە شەرتى توشىدىغانلار بۇ خىل مەجبۇرىيەتتىن مەھرۇم ئىدى، چۈنكى بەلگىلىمە بويىچە، پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ ئۆزى ھەربىي خىزمەت ھېسابلىناتتى.

## پوچتا ـ تېلېگراف خادىملىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى

ئۈچ ۋىلايەت پوچتا ـ تېلېگراف خادىملىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى، بولۇپمۇ كەسپىي خادىملارنىڭ تەربىيىلىنىشى، دەسلەپكى چاغلاردا ئىنتايىن جىددىي مەسىلە ئىدى. چۈنكى، ئۈچ ۋىلايەت يېڭى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس يېڭى پوچتا ـ تېلېگراف خادىملىرى ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇڭا، پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىپ، تۈرلۈك كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، كەسپىي خىزمەتلەرگە قويدى. بۇ خىل كۇرسلار كەسپىي خىزمەتلەرنىڭ ئېھتىياجى بويىچە بىر نەچچە قېتىم ئېچىلغان بولدى. كۇرسقا سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى دەرس بەرگەندىن باشقا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى گومىنداڭ پوچتا ـ تېلېگراف تېخنىكلىرى ۋە كەسپىي كادىرلىرى دەرس بەرگەن.

پوچتا ـ تېلېگراف كۇرسلىرىدا يېتىشتۈرۈلگەن كەسپىي خادىملار ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى پوچتا ـ تېلېگراف ساھەسىدە ئىشلەپ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇردى. شىنجاڭ ئۆلكىسى ئازاد بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىر قىسىملىرى ھەر دەرىجىلىك پوچتا ـ تېلېگراف تارماقلىرىدا رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىلىرىگە ئېلىشىپ، يېڭى جۇڭگونىڭ پوچتا ـ تېلېگراف ئىشلىرى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلدى. ھازىر، شۇ دېمەتلىكلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئاساسەن دەم ئېلىشقا چىقتى.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: قۇرۇلۇش نازارىتى)



# كەلپىننىڭ مەدەنىي ـ مائارىپ تارىخى ھەققىدە ئەسلىمە

ئىمىن نىياز

## كەلپىندە دەسلەپ قۇرۇلغان دىنىي مەكتەپلەر

ئىسلام دىنىي مائارىپىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كەلپىننىڭ ھەربىر كەنت ـ ئايماقلىرىدىمۇ دىنىي مەكتەپلەر بارلىققا كەلگەن. بۇ مەكتەپلەر ئەڭ دەسلەپ جامائەت كۈچى بىلەن قۇرۇلغان بولۇپ، شۇ چاغدىكى بىر قىسىم چالا موللا، خەلپەتلەر يەرلىك خەلقنىڭ بالىلىرىنى يىغىۋېلىپ دىنىي مائارىپ بويىچە بالىلارنى ئوقۇتۇشقا كىرىشكەندى. ھەرقايسى ئايماقلاردا قۇرۇلغان دىنىي مەكتەپلەر ۋە ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئوقۇغۇچىلىرى تۆۋەندىكىچە:

گەزلىكتە: موللا ئىمىن ئاخۇن خەلپەت، ئوقۇغۇچىسى 50 نەپەر.
پاسۇندا: موللا ئەيسا موللا، 40 〃 〃
يۇرچىدە: مۇددەررىس ئاخۇن ئوغلى جېلىل ئاخۇن 〃 〃 35
قۇمئېرىقتا: مامۇت ئاخۇن، 30 〃 〃
ئارايماقتا: ئابلا قازى، 35 〃 〃

قاراكۆتتە: ئەمەر قازى، 25 〃 〃
يۇقىرىسىدا: ئەرش ئالدىن موللا، 20 〃 〃
ياغلىقتا: خۇدۇمبەردى رەئىس، 25 〃 〃
قۇملۇقتا: موللا ئابىت ئاخۇن، ئىسلام ئاخۇن، 〃 〃 35
قاشئىرىقتا: موللامەت ئاخۇن، مامۇت ئاخۇن، 〃 〃 40
ئاچالدا: ئىسمايىل موللا، 20 〃 〃
چىلاندا: قايىم ئەلەم، 20 〃 〃
تومئىرىقتا: سۇلايمان خەلپەت، 30 〃 〃
قالمىدا: ئىمانقۇلى ئاخۇن، 20 〃 〃
14 ئايماقتا 14 مەكتەپ، 1421 ئوقۇغۇچى بولغانىدى.

يۇقىرىدىكى دىنىي مەكتەپتە 9 — 10 يىل، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن ئوقۇغان بالىلار خەت ساۋادىنىمۇ چىقىرالماي مەكتەپتىن چىقىپ كېتەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى بالىلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگەنمىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى موللا، خەلپەتلەرنىڭ جاھىل، مۇتەئەسسىپلىكىدىن، خەت يېزىشنى ئوسۇپ خەت ئۆگەتمەي، كۆزىنى يۇمۇپ يادلاشقا زورلايدىغانلىقىدىن بولغانىدى. ھەتتا ئوقۇغۇچىلار ئۇخۇمنىڭ سېرىقى بىلەن قازان كۈيىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان قارا سىياھنى كالا مۈڭگۈزىدە ياسىۋالغان دۇۋەت قۇتىلارغا قاچىلاپ يانچۇق، قويۇنلىرىغا تىقىپ يوشۇرۇن ساقلايتتى، ئەمما خەت ئۆگىنىشكە رۇخسەت قىلىنمىغانلىقتىن ئەتىدىن كەچكىچە ناخشا ئوقۇغاندەك يۇقىرى ئاۋازدا سۈرە يادلايتتى. ئوقۇغۇچىلار پاسكىنا، توپا، چاڭ - توزانلىق يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ خەلپەتلەرنىڭ دېگىنىنى يادلايتتى. خەلپەتلەر يەنە يۇمران ئۆسمۈرلەرنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ: «نېمە ئۈچۈن ۋارقىراپ يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇمايسەن؟» دەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈز - كۆز، پۇت - قوللىرىغا ئاياق بىلەن ئۇراتتى. ھەر كۈنلۈكى ئىككى - ئۈچ خەندەك (ئۇششاق سۈرە - كەلىمە) ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن «ۋالنىشمىش» تولۇپ (ئۆگەنگەنلىرىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن يادلاپ) مەكتەپتىن قايتىشاتتى.

ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى ئەتىگەندە مەكتەپكە بىر ئالدىن ئوتتۇن كۆتۈرۈپ باراتتى. ھەر كۈنى چۈشتە خەلپەتلەر «چۆشلۈك» دەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نانلىرىدىن بىر توغرامدىن ئۈشتۈۋالاتتى. ھەر پەيشەنبە كۈنى موللامغا بىردىن پۈتۈن نان بېرىش كېرەك ئىدى. بۇ «پەيشەنبىلىك» دەپ ئاتىلاتتى. مۇشۇ ھالەتتە بىرنەچچە يىل ئوقۇپ، «ھەپتىيەك» (پەنسۈرە) گە چىققاندا ۋە ھەپتىيەكتىن قۇرئانغا كۆچكەندە موللىغا «سوۋغا» ھەق (دۇئا) ئۈچۈن بىرەر چەكمەن، بىرەر تاغار بۇغداي، ماتاغىچە بېرىلەتتى. كىتابقا (سوپى ئاللا يار، نامەھەق، پەتنامە، موختىسىراتقا) كۆچكەندە موللامنى ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بۇيۇملار بىلەن مەسىلەن: بىرەر قوي، تون، تونلۇق رەخت قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن مۇبارەكلەيتتى.

كەلپىندە ئوقۇپ ئەرەب، پارسچە كىتابلارنى كۆرەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتكەندە، ئاقسۇ، قەشقەرنىڭ دىنىي مەدرىسلىرىگە بېرىپ ئوقۇيتتى. ئۇ مەكتەپلەردە بىرقانچە يىل ئوقۇپ ئاندىن «خەتمە» (موللىلىق مۇقامى) گە يەتكەن بولۇپ ھېسابلىناتتى. مۇشۇ مەكتەپلەردە ئوقۇپ موللا بولالىغانلار: توختاخۇن خەلپەت (قۇملۇقتىن)، ئىمىن

ئابدىرىشىتاخۇن، ھاپىز داموللا (پاسۇندىن)، تاھىر داموللا، ئەسقەر تاھىراخۇن (يۇرچىدىن)، ھامىدىن ئاخۇن، ئابلا قازى (ئارايىماقتىن)، مۇدەررىس ئاخۇن (يۇرچىدىن)، ئىمانقۇلى ئاخۇن (قالىندىن)، قۇربان ئاخۇن، ھاشىم ئاخۇن (گەزلىكتىن)، ئابدىرىشىت ئەلەم (ئاچالدىن)، قېيىيۇم ئەلەم (چىلاندىن)... قاتارلىقلار ئىدى.

دېمەك، دىنىي مەكتەپنىڭ ئۆتمۈشى يۇقىرىقىدەك بولۇپ، ھەرخىل ناملار بىلەن موللىغا «ھەق» تۆلەپ ئوقۇپ، ئۆمۈربويى بىلىم ئىگىلىيەلمەي ئالەمدىن ئۆتكەنلەرمۇ كۆپ ئىدى. شۇ دەۋردە يۇرت ئىچىدە دىنىي مەكتەپلەردىن باشقا ئىلىم مەرىپەت ئۆگىنىدىغان ئورۇن يوق ئىدى.

## شۆتاڭ

كەلپىندە 1906 - يىلى شۆتاڭ ۋۇجۇدقا كەلدى. شۆتاڭ خەنزۇچە مەكتەپ بولۇپ، شۇ يىلى بازار ئىچىدە بىر سىنىپلىق شۆتاڭ مەكتەپ قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى يەرلىك ئۇيغۇر بالىلىرى ئىدى. ئوقۇغۇچىلار يېزىلاردىن ئالۋان ھېسابىدا يىغىۋېلىناتتى. ئۆز ئانا تىلىدىكى مەكتەپ بولمىغاچقا، بەزى بالىلار تىلىدىن قىينىلىپ مەكتەپتىن قېچىپ كېتەتتى - دە، ئاتا - ئانىلار ئەمەلدارلارغا پارا بېرىپ بالىلىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالاتتى. بەزىلىرى بولسا چەت جايلارغا قېچىپ كېتىپ قۇتۇلۇپ قالاتتى. پارا بېرەلمىگەن بىر قىسىم كەمبەغەللەرنىڭ پەرزەنتلىرىلا مەكتەپكە يىغىۋېلىنمايتتى.



شۆتاڭدىمۇ پەننىي بىلىم ئوقۇتۇلمايتتى. ئوقۇتۇلىدىغىنى مەنچىڭ خاندانلىقىغا ئائىت ھېكايە - چۆچەكلەر ئىدى. بۇنىڭدىكى ئوقۇتۇش مېتودى، ئۇسۇلى ۋە يۆنىلىشىمۇ ئانچە پەرقلەنمەيتتى، مەسىلەن: دەرسنى تاللاپ ئوقۇپ يادلىتاتتى. ئوقۇغۇچىلارنى خالىغانچە پالاق بىلەن ئۇراتتى. ھەتتا بىر نەچچە كۈن سولاپمۇ قوياتتى. دېمەك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئىگىلەش، خەت ساۋاتىنى چىقىرىش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيتتى. مۇئەللىملەر ئەپيۇنكەش، ھاراقكەش، قىمارۋاز، گۆرۈكەش بولۇپ، كەيپ - ساپا بىلەن جان باقاتتى.

شۆتاڭنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش مۇددىتى يوق ئىدى. 10 — 15 يىل سۆرۈلۈپ يۈرۈپ ئوقۇپ چىققانلارنىڭ ئىچىدە دەرسنى ئەڭ ياخشى ئىگىلىگەنلىرىمۇ ئاران تەستە چالا تەرجىمان بولۇپ چىقالايتتى. 90% ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆمرى بىكار ئۆتۈپ كېتەتتى. مەسىلەن، كەلپىندە ئەنە شۇنداق ئوقۇغۇچىلاردىن بىر نەچچىسى بولغان، بۇلار: يۈسۈپ جىسا، مامۇت ئاخۇن... قاتارلىق ئون نەچچە ئوقۇغۇچىلار ئىدى. بۇلاردىن ئاز - تولا بىلىم ئىگىلەپ تەرجىمان بولغان، بەگ، تۇڭچى قاتارلىق ئەمەللەرگە ئېرىشكەنلەرمۇ بولغانىدى. بۇلار: مىدەيچى (مىرزىگۈل)، سادىق بەگ، سابۇت بەگ، ئەزىز بەگ، ساۋنچۇ، ئىبراھىم ئاخۇن، موللا ئاخۇن، تۇنياز توختى، ھامۇت قۇربان ... قاتارلىقلار ئىدى.

دېمەك، شۆتاڭنىڭ قالاقلىقىدىن، ئۇنىڭدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار خەنزۇچە پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلىيەلمىگەندىن سىرت، ئۆز ئانا تىلىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىپ

جەمئىيەتتە تولا مەسخىرىگە ئۇچراپ قالاتتى.

مۇئەللىملەر ئوقۇغۇچىلاردىن خالىغانچە ئالۋان - ياساق ئېلىپ چۆنتىكىنى تولدۇراتتى. ئوتۇن، توخۇ، تۇخۇم ۋە بەزى بۇيۇملارنى سېلىق سېلىپ يىغىۋالاتتى. يۇرتىمىزدا مانا شۇنداق جاھالەت ئۇزۇن يىللار ھۆكۈم سۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىلىم - پەن، مەدەنىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. جەمئىيەتنى نادانلىق ۋە قالاقلىقنىڭ زۇلمەت قاراڭغۇسى قاپلىغانىدى.

## يېڭىچە مەدەنىي — مائارىپنىڭ باشلىنىشى

1933 - يىل 12 - ئاپرېلدا ئۈرۈمچىدە يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەي «ئالتە سىياسەت» نى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ھەممە جايلاردا پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇشقا باشلىدى. جۇملىدىن كەلپىن ناھىيىسىدىمۇ 1934 - يىلى يازدا تۇنجى پەننىي مەكتەپ قۇرۇلدى. دەسلەپتە بىر سىنىپ قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا خەت ساۋاتى بارلاردىن 30 نەچچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇ سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تۇنجى قېتىم ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپ چىققان ئىمىن ئىسمايىل، مىرزا ئابدۇللا قاتارلىقلار ئىدى. بۇلار ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندىكى مۇھەممەت ئىمىن قارى ھاجى، ئەخمەت پەرىت قاتارلىق مۇئەللىملەردە ئوقۇپ چىققانلار ئىدى. ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئۇلار: قىرائەت، دىن دەرسى، تەۋھىت، تەجۋىت،



ئانا تىلى، ھېساب، شېئىر، تەنتەربىيە... قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆگەنگەن بولۇپ، ئۇلار ئوقۇغۇچىلارغىمۇ شۇ ئۆگەنگەنلىرى بويىچە دەرس ئۆتەتتى. ئۈچ ئايدىن كېيىن 2 - قارار دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىمۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىقتى. بۇلار: تۇردى سابىر، ئابلىمىت ئەپەندى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار كەلپىندىكى مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن، دەرسلەرنىڭ تۈرلىرى كۆپىيىپ، تارىخ، جۇغراپىيە، تەبىئەت، گراماتىكا... قاتارلىق دەرسلەر تولۇقلاندى.

بۇ مەكتەپنىڭ خاراكتېرى ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ بولماستىن، بەلكى قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرس خاراكتېرىدىكى مەكتەپ بولۇپ، بۇ مەكتەپتە ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇلغان دەرسلەر ئۆز ئەينى تەكرارلىناتتى. مۇشۇ خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىر يىل داۋاملاشقاندىن كېيىن، 1935 - يىل 7 - ئايدا تۆۋەندىكى ئۈچ ئورۇندا يېڭى پەننىي مەكتەپ — باشلانغۇچ مەكتەپ بارلىققا كەلدى. بۇلار: بازار ئىچىدە ئىككى سىنىپلىق بىر مەكتەپ، ئوقۇتقۇچىسى ئابدىراززاق ھامىد قاسىم بەگ؛ قاشئېرىق خانىقادا ئىككى سىنىپلىق بىر مەكتەپ، ئوقۇتقۇچىلىرى قادىر ئابلا، ئىمىن نىياز، توختى ئەپەندى؛ بورچى توققۇز گۈمبەزدە ئىككى سىنىپلىق بىر مەكتەپ، ئوقۇتقۇچىلىرى ئېلى ياقۇپ، مەمتىمىن ھوشۇر قاتارلىقلار بولۇپ، جەمئىي ئۈچ مەكتەپ، ئالتە سىنىپ قۇرۇلدى. بۇلار يېڭىچە زامانىۋى پەننىي مەكتەپ بولۇپ، نادانلىقتىن ئىلىم - مەرىپەتكە، جاھالەتتىن يورۇقلۇققا — پەنگە يۈرۈش قىلىشنىڭ دەسلەپكى قەدىمى ئىدى.

بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى مەزكۇر بازار ئىچىدىكى مەكتەپنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلىرىدىن تاللانغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن يېڭى مەكتەپ ئارقىمۇ ئارقىدىن كېڭەيتىشكە باشلىدى.

بازار مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن پەيدىنپەي ئوقۇتقۇچىلىققا قويۇلغاچقا، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش ھاجەت بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىغا بولغان ئېھتىياج قامداللغانلىقتىن، ئىككىنچى قەدەمدە تۆۋەندىكى ئورۇنلاردا مەكتەپلەر قۇرۇلدى:

گەزلىكتە بىر سىنىپلىق بىر مەكتەپ — تۇنجى قىزلار مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىسى ئابدىراخمان بولدى. پاسۇندا بىر سىنىپلىق بىر مەكتەپ — قىزلار مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىسى ئامان ئابدۇرېھىم تېيىپ بولدى. ئاچالدا ئىككى سىنىپلىق بىر ئوغۇللار مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىسى نەمەت سابىر، مەسۇم يۇنۇس بولدى. چىلانىدا ئىككى سىنىپلىق بىر ئوغۇللار مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىسى سادىق سابىر بولدى. تومئېرىقتا ئىككى سىنىپلىق بىر ئوغۇللار مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىسى دالى ئىسمايىل، نۇرموھىدىن بولدى. قالمىدا بىر سىنىپلىق بىر ئوغۇللار مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىسى مەجىت قولى بولدى. باغلىقتا بىر سىنىپلىق بىر ئوغۇللار مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىسى سىمشىن يولداش بولدى. تومئېرىقتا ئىككى سىنىپلىق بىر ئوغۇللار مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىسى تاش توختى، توختى موسى بولدى. ئۈستۈن قاشئېرىقتا ئىككى سىنىپلىق بىر ئوغۇللار مەكتىپى قۇرۇلۇپ،



ئوقۇتقۇچىسى ھەشقولى ئىسمايىل بولدى. گەزلىكتە بىر سىنىپلىق بىر مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىسى توختى بەگ ئابلا بولدى. بازار ئىچىدە بىر سىنىپلىق بىر قىزلار مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇللا تالىپ، ئىبراھىم سايىت بولدى. شۇنداق قىلىپ 1936 - يىلى پۈتۈن ناھىيە بويىچە 16 سىنىپلىق 11 مەكتەپ قۇرۇلۇپ، 500 نەپەر ياش بىلىم ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.

## ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى

1934 - يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە پەننىي مەكتەپ قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ، ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىمۇ تەشكىل قىلىندى.

مەرىپەتپەرۋەر مەرھۇم مەھەممەت ھاجىنىڭ باشلامچىلىقىدا، خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئاتلاندى. ئۇلار مەدەنىي - مائارىپ، ئىلىم - پەن بىلەن خەلقنى ئاقارتىش ئىشلىرىدا تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى:

تۇنجى رەئىس مۇھەممەت جاننىڭ رەھبەرلىكىدە ھەر ئايدا ئۆز ئىختىيارى بىلەن مائارىپ ئۈچۈن ئۆشرە - زاكات يىغىپ، مەبلەغ توپلاپ، مەكتەپ ئۈچۈن جۇغلانما تەييارلىدى.

ھەربىر ئايماق، كەنتلەردە يېڭىدىن مەكتەپ سېلىش ئىشلىرىغا كىرىشىپ، مەكتەپلەرنىڭ بارلىق راسخوتىنى ئۇيۇشمىدىن چىقىرىش بىلەن تەڭ، ئارقا - ئارقىدىن يېڭى

مەكتەپ قۇرۇش ئىشلىرى تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندى. مەكتەپنىڭ ئىقتىسادىي سەرمايىلىرى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مائاش راسخوتلىرى، پارتا، ئورۇندۇق، ئۈستەل، داسكا... قاتارلىق مەنقۇلاتلارنىڭ ھەممىسى خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ زىممىسىدە بولدى. ئۇيۇشما 1936 - يىلدىن 1939 - يىلىغا قەدەر 15 ئورۇندا 40 نەچچە سىنىپلىق مەكتەپ بىنا قىلىپ، ئوقۇغۇچى سانىنى 1600 گە يەتكۈزدى. 1942 - يىلىغا كەلگەندە سىنىپ 60 قا، ئوقۇغۇچى سانى 2400 گە يەتتى. 1942 - يىلى يۇقىرىقى مەكتەپلەر ۋە ئۇنىڭ مەنقۇلاتلىرى ئەسلىدىكى خەلق باشقۇرۇشىدىن ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش پائالىيىتى زور داغدۇغا بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. ئەسلىدىكى ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش بىلەنلا قالماستىن، 1937 - يىلدىن باشلاپ دەرستىن سىرتقى كەچ كۇرس ئېچىپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئىشىنى ئېلىپ باردى. 30 ياشتىن يۇقىرى، 60 ياشتىن تۆۋەن ئادەملەرنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش خىزمىتى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى (ئاز ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن ناھىيە بويىچە ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش ھالىتىگە يەتكەنىدى). شۇ چاغلاردا مۇشۇ ناھىيىنىڭ ئۆزىدىلا 80% تىن يۇقىرى ئادەم ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلغان. كېيىنكى چاغلاردا بۇ خىزمەت گەرچە بىر مەزگىل تاشلاپ قويۇلغان بولسىمۇ، ئازادلىقتىن كېيىن يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، زور داغدۇغا بىلەن قانات يايدۇرۇلغانلىقتىن، 1985 - يىل 5 - ئايدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈـ



رۈشتە، بۇ ناھىيە ساۋاتسىزلىق يوقىتىلغان «ساۋاتسىزلىقتىن خالى ناھىيە» بولۇپ باھالىنىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ 250 مىڭ يۈەن پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلىنىشىغا ئېرىشكەن.

تەنتەربىيە ئىشلىرىمۇ زور كۈچ بىلەن راۋاجلانغان. شۇ يىللاردا بۇ ناھىيىدىكى مەكتەپلەردە تۈرلۈك تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرى يولغا قويۇلدى. توپ ئويناش، ۋالېبول، ۋاسكېتبول، پۇتبول... قاتارلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى يولغا قويۇلۇپ، تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى. شۇ چاغلاردا ناھىيىدە ناھىيىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، ۋىلايەتتە ۋىلايەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى بولۇپ تۇراتتى. مەسىلەن: 1938 - يىل 18 - سېنتەبىردە ئاقسۇدا ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، كەلپىندىن بارغان ئابدۇراززاق ھامۇت، تۇنىياز توختى باشچىلىقىدىكى 25 كىشىلىك بىر تەنھەرىكەت دۆيى بۇ مۇسابىقىگە قاتناشقان.

1839 - يىلى 18 - سېنتەبىردە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 2 - نۆۋەتلىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىگە كەلپىن ناھىيىسىدىن ئىمىن نىياز باشچىلىقىدىكى 30 نەپەر تەنھەرىكەتچىدىن تەركىب تاپقان بىر دۆي قاتنىشىپ، ۋىلايەت بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. شۇ قېتىمقى تەنھەرىكەت ماھىرلىرى: مەمەت سادىر، زەينەپخان، تۇردىخان... قاتارلىقلار ئىدى.

## مەدەنىي پائالىيەتلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن

كەلپىن ئۇيغۇر ئويۇشما قارىمىقىدا سانائىنەپسە بۆلۈمى بولۇپ، تىياتىر، كومېدىيە، كونسېرت ئويۇنلىرى سەھنىدە كەڭ تاشا ئوينالدى. ئىلغارلىقنى ياقلايدىغان، جەمئىيەتنىڭ قالاق، نادانلىق تەرىپىنى پاش قىلىدىغان سەنئەت نومۇرلىرى ئۈچۈن كەڭ سەھنە ھازىرلاپ بېرىلدى. شۇ ئارقىلىق خەلقنى يېڭى مەدەنىيەتكە ئۈندەپ، ئاممىغا ئىلغار بولغان روھىي ئوزۇق تەقدىم قىلىندى. قىرائەتخانىلار قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا تۈرلۈك يېڭى كىتاب، ژۇرنال، گېزىت... قاتارلىق ماتېرىياللار قويۇلغاندىن سىرت، قىرائەتخانا زالىغا بىلىيارت، شاھمات، شاشكا قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى قويۇلۇپ، ياشلار، خىزمەتچىلەر ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشلىرى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ، كىشىلەرنىڭ قىمار ئويناش، ئوشۇق ئويناش، ئىت تالاشتۇرۇش، پېرەمەشرەپ قىلىشتەك قالاق ئىش - ھەرىكەتلىرىنى توسۇپ، خەلقنى يېڭى مەدەنىيەتكە، ئەدەب - ئەخلاق، ياخشى پەزىلەتكە يېتەكلىگەن.

كەلپىن ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئويۇشمىدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ خېلى كۆپ كىشىلەر رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەنىدى. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: تۇنجى رەئىس — مۇھەممەت ھاجى (34 — 35 - يىللار)، ھامۇت بەگ (36 — 37 - يىللار)، مىركېرىم ئەيسا (37 — 38 -



يىللار)، دالى ئىسمايىل (38 — 39 - يىللار)، ئىمىن نىياز (39 — 40 - يىللار)، مامۇت ئېلى (41 - يىلدىن 43 - يىلغىچە)، مامۇت مامۇر (44 - يىلدىن 45 - يىلغىچە)، مامۇت ئېلى (45 - يىلدىن 46 - يىلغىچە)، موللا ئابلاقادىر ئابلا (46 - يىلى سايلامدىن كېيىن تا 1949 — يىلى ئازادلىققا قەدەر). 1950 - يىلى ئۇيغۇر ئاقارتىش ئويۇشمىسى «ئىتتىپاق» قا ئۆزگەرتىلىپ، ئىمىر باقى قوشۇمچە باشقۇردى. 1951 - يىلى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئويۇشمىسىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى ئاخىرلىشىپ، ئويۇشما تارقىتىلدى. دېمەك كەلپىن ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئويۇشمىسى مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشۇپ، كەلپىنگە ئاجايىپ تەرەققىياتلارنى ئېلىپ كەلگەن، خەلقنى ئىلغار پەن - مەدەنىيەت بىلەن تەربىيىلەپ، يېڭى مەدەنىيەتكە قەدەم قويۇشقا ئاجايىپ نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ۋەتەن، مىللەت ئالدىدا ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى شەرەپ بىلەن ئادا قىلدى.

### خاتىمە

شىڭ شىسەينىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ شىنجاڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بىۋاسىتە قول تىقىپ ئىشلىشى ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ مەدەنىي مائارىپ ساھەسىدە يېڭى بىر يۈزلىنىش بارلىققا

كەلدى. كەلپىندىن ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۆلكىلىك سىفەن، مەدەنىي كادىرلار كۇرسى، سىياسىي كادىرلار كۇرسىنى قاتارلىق بىلىم يۇرتلىرىدا بىرنەچچە يىل ئوقۇپ كەلگەن ئون نەچچە ئوقۇغۇچى كەلپىننىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ماركسىزم - لېنىنىزم بىلەن تونۇشقان يېڭى بىر قوشۇن مەيدانغا كەلدى. مەكتەپتە زامانىۋى پەننىي بىلىم يولغا قويۇلۇپ، تەرتىپ، تەشكىلىي ئىنتىزام بېكىتىلىپ، مۇنتىزىم مەكتەپ شەكىللەندى. شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئەزالىرىنى ۋە بىر قىسىم ئىلغار زاتلارنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، شىنجاڭ مائارىپى پالەچ ھالەتتە توختاپ قالدى. 1943 - يىلى گومىنداڭ بىر- قىسى شىنجاڭدا سەنمىنجۇيىلىق مائارىپ تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولسىمۇ، شىنجاڭ مائارىپى، جۈملىدىن كەلپىن مائارىپى كۈندىن - كۈنگە خارابلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى.

## ئازادلىقتىن كېيىنكى مائارىپ

شىنجاڭ ئازاد بولۇپ، 1950 - يىللاردىن باشلاپلا شىنجاڭنىڭ مائارىپى ئەسلىگە كېلىشكە، راۋاجلىنىشقا باشلىدى. ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلار ئومۇمىيۈزلۈك مەكتەپ قوينىغا ئېلىندى. مەكتەپلەر كېڭەيتىلىپ، پۈتۈن ناھىيە بازار، يېزا - قىشلاق، تاغ رايونلىرىغىچە يېڭى



مەكتەپ قۇرۇلدى. كونا مەكتەپ قۇرۇلۇشلىرى ئىسلاھ قىلىنىپ، يېڭىدىن زامانىۋى ئۇسلۇبتا سېلىندى. باشلانغۇچ مائارىپ ئومۇملاشتى. ئىلگىرى باشلانغۇچتىن يۇقىرى مەكتەپ يوق ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن مەكتەپلەر سان، سۈپەت جەھەتتىن يۇقىرى سەۋىيىگە قاراپ راۋاجلانغانلىقتىن، تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر تەسىس قىلىندى. سىفەن مەكتەپ قۇرۇلدى. ھەتتا يېزىلاردىمۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ، بۈگۈنكى دەۋردە كەلپىن ناھىيە مائارىپىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى. تۆۋەندىكى ستاتىستىكا سانلار مېنىڭ بايانىمنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

بىر سىنىپلىق ئۇيغۇر سىفەن تېخنىكومىدىن بىرى قۇرۇلدى. 2 ئورۇندا 12 سىنىپلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇ تىلى سىنىپ بىر، ئۈچ ئورۇندا 28 سىنىپلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇ تىلى سىنىپ بىر. 18 ئورۇندا 106 سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇ تىلى سىنىپ بىر. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچى سانى 1140 نەپەر، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچى سانى 3350 نەپەر، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى سانى 235 نەپەر، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى سانى 235 نەپەر، جەمئىي ئوقۇتقۇچى سانى 470 نەپەر، جەمئىي ئوقۇغۇچى سانى 4490 نەپەر. خەلق مەكتەپلىرى (ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش مەكتەپلىرى) 18 جايغا قۇرۇلۇپ، ئىككى يىلغىچە ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش خىزمىتى داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلغاچقا،

پۈتۈن ناھىيە بويىچە 9.000 دىن كۆپرەك ئادەم ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدى. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى چاغلاردا كەلپىن ناھىيە مائارىپىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىپ شان - شەرەپلەرگە ئىگە بولۇشىغا ئاساس يارىتىلدى.

(ئاپتورى: كەلپىن ناھىيە گەزلىك يېزىدىن)



# قازىرىق باشلانغۇچ مەكتىپى ھەققىدە

ئوسمان قاسىم

## قازىرىق يېزىسىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى قوغان يېزىسى (يەنە بىر ئاتىلىشى ھەزرەت) يۇقىرىقى قازىرىق كەنتى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 6 – 7 كىلومېتىر كېلىدىغان يۇرت) يېقىنقى زامان قەشقەر مائارىپ تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ يۇرت ئۇزاق تارىخقا ھەم ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك شارائىتقا ئىگە. كىشىلىرى ئەمگەكچان، ئەقىل – پاراسەتلىك، ھۈنەرگە ماھىر.

قازىرىق كەنتىنىڭ دائىرىسى ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىنىڭ ئەتراپىنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ شىمالىدىن جەنۇبقا سوزۇلغان دائىرىسى ئاز كەم 20 كىلومېتىر، ئەڭ شىمالىي قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە مەشھۇر بولغان ئۈچ بۇرھان مىڭ ئۆيى (يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن «ئۈچ ھاراۋان»، «توققۇز ھۇجرا» دېيىلىدۇ) نىڭ سەل يۇقىرىسىدىن تارتىپ، جەنۇبتا ئوسمان بۇغراخان مازىرى جايلاشقان چومبۇس

دېگەن يۇرتنىڭ ئارىسىدا، شەرقتىن غەربكە بولغان توغرىسى تەخمىنەن 5 كىلومېتىر. ئۇنىڭ شەرق تەرىپىگە شامپاشا كەنتى، غەربىگە بۇچا كەنتى، شەرقىي جەنۇبىغا چۇمبۇس كەنتى جايلاشقان.

پۈتۈن كەنت ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. يۇقىرى تەرىپى ئېگىزلىكتە بولۇپ، ھازىرقى قەشقەر ئايرودرومىنىڭ شىمالىدىن تا ئۈچ بۇرھان مىلىك ئۆيىكىچە، يەنى خۇما-تاغنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەر كىشىلەر تەرىپىدىن «تۇتۇرۇك» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. يەنە ئۇنىڭ مەلۇم دائىرىسى «ياۋۇلۇق» (ئەسلى «ياغىلىق» ئىدى دېگۈچىلەرمۇ بار) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۇرتنىڭ تۆۋەن تەرىپى بولسا قەشقەر ئايرودرومىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەر «كەنت» دېيىلىدۇ.

قازىرىق كەنتى ئۇزۇن يىللاردىن بىرى دېھقانچىلىقنى ئاساس، يەنە ئائىلە باقمىچىلىقنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ كەلگەن. ئائىلىنىڭ كۆپ قىسمى قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىراق ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ مۇشۇ يەردە تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن. ياقا يۇرتلاردىن كەلگەنلەر بىرقانچە پىرسەنت ئاھالىنى تەشكىل قىلىدۇ. چەت جايلارغا مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كېتىدىغانلار ناھايىتى ئاز. ئازادلىقتىن بۇرۇن ھەم كېيىن ئوقۇپ، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ياكى شۇ يۇرتتىن كادىر بولۇپ چىقىپ باشقا يەرلەردە ئىشلەۋاتقانلار خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ.



كەنتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق. توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ، ئۆلۈم - يېتىم، تىرىكچىلىك، ئۆي - جاي قۇرۇلۇشى، ئائىلە ئىشلىرى جەھەتلەردە ھەمكارلىق، ئۆزئارا ياردەم، تۇغقانلار، قوشنىلار ئارا بولۇپلا قالماستىن، مەھەللە ھەتتا يۇرت ئىچىدە ئاداتكە ئايلانغان.

بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەش، چوڭلارنى ئىززەتلەش، ئاتا - ئانىلارنى قەدىرلەش، بېقىش، تۇغقانلار كۆيۈمچان بولۇش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئۆتنە - بېرىم قىلىش، مېھماندارچىلىق، سەيلە - باراۋەت، ئاجىز، مېيىپ، كېسەلچان، قېرى - چۆرىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىگە قارا سانىماسلىق جەھەتلەردىن كىشىلەرنىڭ ياخشى ئەخلاق - پەزىلىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## قازىرىق كەنتىدە پەننىي مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى

قازىرىق كەنتىدە بۇرۇن دىنىي مەكتەپ بولغان. كىشىلەر ئەۋلادتىن - ئەۋلاد مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇپ خەت ساۋاتىنى چىقارغان. دىنىي بىلىملەر ۋە بەزى پەننىي بىلىملەرنى ئۆگەنگەن. دىنىي مەكتەپلەرنىڭ قاچاندىن باشلاپ يولغا قويۇلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ كۆلەم - دائىرىسى قانچىلىك بولغان، دېگەن مەسىلىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ھازىرچە ماتېرىيال كەملىك قىلىدۇ. شۇنداق

بولسىمۇ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارەكلىرىدە بۇ خىل دىنىي مەكتەپلەرنىڭ خېلى كۆپ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانلىقى جامائەتچىلىككە مەلۇم.

بۇ يۇرتتا دىنىي مەكتەپلەرنىڭ تەسىرى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان. ئۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبلەردىن بىرى مۇنداق: كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىدا «سەنجىر مازى خوجام مازىرى» دېگەن بىر چوڭ مەقبەرە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق سىرلىق تۈسى بار. كەنتنىڭ غەربىي شىمالىدا ئۆز ۋاقتىدا ھەيۋەتلىك بولغان «قاراخان پادىشاھىم مازىرى» دېگەن كەڭ قەبرىستانلىق جايلاشقان، جەنۇبىغا «ئوسمان بۇغراخان مازىرى» دېگەن قەبرىستانلىق، غەربىي - جەنۇبىغا بىرقانچە كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە «ئاپئاق خوجا مازىرى» جايلاشقان. شەرقىي - جەنۇبىدىن بىرقانچە كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە «زىلەيخا خېنىم» قەبرىستانلىقى جايلاشقان، قوشنا يەر ئاستىن ئاتۇشقا «ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان» مازىرى جايلاشقان. بۇ مازار - مەقبەرىلەر كىشىلەر نەزىرىدە كۈچلۈك سىرلىق تۈسكە ئىگە ئىدى. ئىككىنچى تەرەپتىن قەشقەر شەھىرىگە يېقىن جايلاشقان بولغاچقا، شەھەردىكى كۈچلۈك دىنىي ئاتموسفېرا ھەمىشە تەسىر قىلىپ تۇراتتى. ئۈچىنچىدىن بۇ يۇرت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر قاراخانىلار جەمەتى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار. بۇنى توپونومىيىلىك ماتېرىياللار، خەلق ئارىسىدىكى فولكلور ماتېرىياللىرى، نەسەبنامە، ئاسارەئەتىقىلەر، ئۇدۇملۇق ئادەتلەر قاتارلىق



بىرقانچە تەرەپتىن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە ئەنئەنىچىلىك (ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، مۇتەئەسسىپلىك)، ئىسلام دىنىغا چوقۇنۇش ئىخلاسمەنلىك بىرقەدەر كۈچلۈك ئىدى. قەشقەر ئەتراپلىرىدا پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، خېلى ئۇزۇن يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن، قازىرىق كەنتىگە تەسىرى دەماللىققا چىنىدىي بولمىغان. شۇنداق بولسىمۇ، قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىرنەچچە يۇرتقا نىسبەتەن يەنىلا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان. يەنى، كېيىنرەك باشلانغان پەننىي مەكتەپ قۇرۇش دولقۇنى، ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ، جۈملىدىن قەشقەردە ھازىرلىنىۋاتقان پۇختا ئىجتىمائىي ئاساستىن مەنىۋى ئىلھام ئالغانىدى. چۈنكى، ئەينى چاغدا مۇنداق مەنىۋى ئىلھام توسۇۋالغىلى بولمايدىغان كۈچلۈك بىر دولقۇن بولۇپ، XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا قازىرىق كەنتىدە يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئېچىلدى. بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى قازىرىق كەنتىنى مەركەز قىلغان قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىرقانچە يۇرت ۋە بەشكېرەم يېزىسىنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى.

مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى مۇنداق ئىدى: قازىرىق كەنتىدىكى بەزى كىشىلەر مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، ئاز - تولا پەننىي بىلىملەردىنمۇ خەۋەردار بولغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەج سەپىرىدە، روسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ پەننىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. ھەم شۇ چاغدىكى

قەشقەر شەھىرىدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ تۇرغان. بىرقانچە كىشى ئۆز پەرزەنتلىرىنى شەھەردىكى مەدرىسلەرگە ئوقۇشقا بەرگەن. بۇ چاغلاردا قەشقەر شەھىرى تەۋەسىدە بىرقانچە پەننىي مەكتەپ ياكى سىنىپلار ئېچىلغان، ئوقۇغۇچىلار پەيدىن خېلى قويۇق خەۋەردار بولۇپ قالغانىدى.

1922 - يىلى، ئابدۇقادىر داموللىنىڭ شاگىرتى مۇھەممەدجان قەشقەر شەھىرى يارباغدا، مويدىن ھاجىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بىر مەكتەپ ئېچىپ، بالدۇرقىغا ئوخشىمىغان يېڭىچە ئۇسۇل بىلەن ئوقۇتۇش ئېلىپ باردى. ئانا تىل، ئىملا - ئىنشا، ھېساب، ئەرەبچە ئۆگىنىش دەرسلىكى (شەمفاھىيە) قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى. ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. يىللىق ئىمتىھان يۇرت كاتتىلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن شەھەر ئەتراپىدىكى گۈزەل - كۆركەم، مەنزىرىلىك باغلاردا تەنتەنە بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىرى 100 دىن ئېشىپ كەتتى. بۇ مەكتەپ بىر مەزگىلدىن كېيىن تاقىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما 1920 - يىللارغا نىسبەتەن قەشقەرنىڭ (ياكى شەھىرىنىڭ) مەدەنىيەت ھاۋاسىغا خېلى چوڭ تەسىر قوزغىغانىدى.

قازىرىق كەنتىدىمۇ، مۇشۇ مەكتەپنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، 1924 - يىلى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلارغا بىرقانچە خىل پەننىي دەرسلەر قوشۇلۇپ ئۆتۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئانا تىل، ھېساب، جۇغ-



راپىيە قاتارلىقلار بار ئىدى. ئەمما بۇ دەرسلەر بىر يىل ئۆتۈلۈپ توختاپ قالغان. 1927 - يىلىغا كەلگەندە يەنە پەننىي دەرس قوشۇمچە ئۆتۈلگەن. بۇ خىل ئۆتۈشمۇ بىرقانچە يىل داۋاملاشقان بولسىمۇ، لېكىن، ئەينى چاغدىكى سىياسىي داۋالغۇش، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن كىشىلەر ئۆز بالىلىرىنىڭ پەننىي دەرسلەرنى ئۆگىنىپ قېلىپ، مەمەدانلىق قىلىپ قويۇشى، ھۆكۈمەتنىڭ ئالدى - ئارقىسىدا ئاتالمىش «ئۆسەك سۆز» قىلىپ قويۇشى، يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز يېزىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، يۇرتتا غۇلغۇلا بولغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى موللامچە ئوقۇۋاتقان تالىپلارغا قوشۇمچە پەننىي دەرس ئۆتۈش ئىشىمۇ ئىككى يىلغا بارا - بارمايلا توختاپ قالغان. بۇ ئىشقا كۆيۈنۈپ كۈچ چىقارغان ئادەم خەلپەت بايىۋۇ يەنى ساۋۇت خەلپەت قاتارلىق كىشىلەر ئىدى.

بۇ مەكتەپنىڭ ئورنى قازىرىق كەنتىنىڭ «ئوتتۇرا مەھەللە» دەپ ئاتالغان جايىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى ئازنا مەسچىتىنىڭ يېنىغا جايلاشقان قارىخانىدا بولغان.

قازىرىق كەنتىدە يېڭىچە پەننىي مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى 1935 - يىللاردىن كېيىن رەسمىي يولغا قويۇلدى ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى مۇنداق بولغان:

قازىرىق كەنتىدە موللا مەنسۇر خەلپىتىم دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھاشىم ھاجى دېگەن بىر ئوغلى بولغان. ھاشىم ھاجى قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان ھەم كېيىنچە مەزكۇر مەدرىستە مۇدەررىس بول-

لۇپ تۇرغان. 1920 - يىلى، ھاشىم ھاجى ھەج قىلىش ئارزۇسى بىلەن ئىككى ئوغلىنى ئەرەبىستانغا ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە ھەج پائالىيىتىنى تاماملىغاندىن كېيىن كىچىك ئوغلى زاھىر ھاجىنى تۈركىيىدە، چوڭ ئوغلى ئابدۇقادىر ھاجىنى موسكۋادا ئوقۇشقا قالدۇرۇپ ئۆزى قايتىپ كېلىدۇ.

ئابدۇقادىر ھاجى موسكۋادا ئوقۇپ، مەلۇم سەۋىيىگە ئىگە بولىدۇ. كېيىن سوۋېت كومپارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ، شۇ يەردە خىزمەت ئىشلەيدۇ.

1933 - يىلى 4 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئاپرېل ئۆزگىرىشى بولۇپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، شېڭ شىسەي تەختكە چىقىپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ھۆكۈمرانى بولىدۇ.

شېڭ شىسەي ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىپ، بىرقانچە يىلدىن كېيىن، ئۇ ئۆلكىدە ئۇزۇنراق پۇت دەسسەپ تۇرۇش ۋە خەلقئارا ھەم ئىچكى ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

دېمەك، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇشنى ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى قىلدى. بۇنىڭغا مۇناسىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر قىسىم كادىرلار تەكلىپ قىلىنىپ، شىنجاڭ خىزمىتىگە ياردەملەشتۈرۈلمەكچى بولدى.

1935 - يىلى 5 - ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىر تۈركۈمدىلا 25 نەپەر بولشېۋىكنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇقادىر ھاجى ھاشىم ھاجى ئوغلىمۇ بار ئىدى.



بۇ كىشى شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن قەشقەرگە بېرىپ، قەشقەر جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە باشلىق بولۇپ تەيىنلەنگەن ۋە بىر مەزگىل بۇ خىزمەتنى ئىشلىگەن. كېيىن سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ چاقىرىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كېتىپ (1937 - يىللىرى؟) شۇ يەردە نەچچە ئون يىلنى ئۆتكۈزۈپ، ۋاپات بولۇپ كەتكەن.

ئابدۇقادىر ھاجىنىڭ قەشقەردە خىزمەت قىلىپ تۇرغان ۋاقتىدىكى ئەھمىيەتلىك بىر ئىشى، ئۆز يۇرتى قازىرىق كەنتىگە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىشقا كۈچ چىقارغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئەينى چاغدىكى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نىڭ روھى بويىچە، قەشقەر رايونىدا پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىش ئارقىلىق مەدەنىي - مائارىپ ۋە مەكتەپ قۇرۇشنى تەشۋىق قىلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

مۇشۇنداق ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ تۈرتكىلىكىدە، قادىر ھاجى يۇرتىغا پەننىي مەكتەپ سېلىش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ھەرىكىتىگە يەنە ئايالى زەينەپ خانىممۇ مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەن بولسا كېرەك. چۈنكى، بۇ ئايال سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوبدان مەكتەپ تەربىيىسى كۆرگەن، ئىدىيىسى ئىلغار، مائارىپ خۇمار خانىم ئىدى. ئۇ، يۇرتتا مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن تۇنجى تۈركۈم ئايال ئوقۇتقۇچى سۈپىتىدە بالىلارنى ئوقۇتقان ھەم ئەدەب - ئەخلاقى، نىسبەتەن يۇقىرى بىلىمى بىلەن جەمئىـ

يەتتىكى خوتۇن - قىزلارغا ياخشى تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئۇ يەنە يۇرتتىكى ئاياللار ئىچىدە تۇنجى قېتىم ۋېلىسىپىت مىنگەن ئايال ئىدى.

مانا مۇشۇنىداق ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قادىر ھاجى شۇ زامان شارائىتىدا نىسبەتەن ناھايىتى يۇقىرى پۇلغا يارايدىغان بەش مو ئۈزۈملۈك يېرىنى مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىئانە قىلىدۇ ھەم بۇنىڭدىن باشقا خېلى كۆپ ئىقتىسادمۇ سەرپ قىلىدۇ.

ئابدۇقادىر ھاجىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى تۈپەيلىدىنمىكى، ئابرويى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. شۇڭا، يۇرت تەۋەسىدە ئابرويى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. شۇڭا، يۇرت تەۋەسىدە قازىرىق كەنتى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا چۇمبۇس، بۇچيا، شامىپاشا كەنتلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى «ئابدۇقادىر ھاجى مەكتەپ سېلىشقا تەرەددۇتلىنىۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقىلىشى بىلەن تەڭلا، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، قاتتىق - يۇمشاق ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سېلىپ، يۇرتداشلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈردى. يېڭىچە پەننىي مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا قارشى بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئابدۇقادىر ھاجىنىڭ نوپۇزىدىن ئەيمىنىپ ئارتۇقچە قارشىلىق كۆرسىتەلمىگەنىدى. يۇرتداشلار كۆپ ھاللاردا نۆۋەت بىلەن ھاشا تەرىقىسىدە مەكتەپ قۇرۇلۇش ئەمگەكىگە قاتناشقان. يەنى ئەمگەك كۈچى تۆت يۇرت كىشىلىرى تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن. كېتەرلىك پىششىق خىش قارىخان پادىشاھىم مازىرى (ھازىرقى قەشقەر ئايرودرومى ۋە قەشقەر سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئۆۋەن تەرىپى) نىڭ ئىچىدىن چۇۋۇلۇپ يۆتكەپ كېلىندى ۋە پۈتۈن قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلى،



ئۇل ئەتراپى، زالنىڭ ئاستىغا تامامەن پىششىق خىش ئىشلىتىلدى. ياغاچ - تاشلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يۇرتنىڭ جەنۇبىدىكى «ئوسمان بۇغراخان مازىرى» نىڭ ۋەخپە يەر، ئېرىق بويلىرىغا قويۇلغان تېرەكلەر كېسىپ كەلتۈرۈلگەن، بىر قىسمىنى يۇرتداشلاردىن يىغقان، ياغاچچىلىق، تامچىلىق ئىشىنى يۇرتتىكى كاسىپلار ئۆزلىرى ئىشلىگەنىدى.

مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى شۇ زامان ئۈچۈن خېلىلا زامانىۋى تۈس ئالغان. ئۇلى بىرقانچە مېتىر كۆتۈرۈلۈپ، ئاستىغا بىر يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتە ئامبار ياسىلىپ (بۇ ئامبار ئىشلىتىلمەيدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىكمۇ بېكىتىلمەي، پەقەت ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرۇش ئۈچۈن كۆزنەكلەر ئورنىتىلغان)، ئاندىن ياغاچ پول ياتقۇزۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىنىپ ئۆيلىرى چۈشكەن. ئالتە سىنىپ ئىككى تەرەپكە كەڭ كارىدور ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرغان. ئەينەكلىك ئېگىز دېرىزىلەر سىنىپلارنى يوپيورۇق قىياپەتكە كىرگۈزگەن. قوش قاناتلىق ئىشىكلەر قاپارتما شەكىلدە ياسىلىپ ئورنىتىلغان. ئىككى سىنىپنىڭ ئارا بۆلۈكىگە قوش قەۋەتلىك قىلىپ، كارىدورغا ئوت قالايدىغان ئىشىكچىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، يەنە ئېگىزلىكى تورۇس بىلەن تۇتاشقان قاچىلاتقىلىق تام مەشتىن تۆت دانە ئورنىتىلغان. ئوقۇتۇش ئورنىدىن باشقا، ئىشخانا (بۆلۈم)، ئامبار بولۇپ يەنە تۆت ئېغىزلىق يورۇق، ئازادە خانە سېلىنغان. بۇ 1936 - يىلىدىكى ئىش ئىدى.

مەكتەپنىڭ ئاساسىي ئوقۇتۇش مۇئەسسەسى پۈتكەندىن كېيىن، يەنە بىر زال سېلىش پىلانلانغان.

ئەمما زالغا كۆپ ئىقتىساد سەرپ بولاتتى. ئابدۇقادىر ھاجى بۇ ئىش توغرۇلۇق يۇرت ئاقساقاللىرىدىن مەسلىھەت ئالغان. ئۇلار كۆپ ئويلىنىشلاردىن كېيىن مۇھەممەد شا دېگەن بىر ئادەمنى بۇ ئىشقا ياردەمدە بولالايدۇ، دەپ تونۇشتۇرغان.

مۇھەممەد شا قازىرىق كەنتىدىن بولۇپ، 1915 - يىللىرى تىجارەت بىلەن ئاقسۇ تەرەپكە كېتىپ شۇ يەردە مەنسەپ تۇتقان ۋە ئاقسۇنىڭ بېجىنى يىغقۇچى ئەمەلدارلىقتا ئۆسۈپ لوزۇڭ بولغان، كېيىنچە ئۇچتۇرپان ناھىيىسىگە ھاكىم بولغانىكەن. قادىر ھاجى مەزكۇر كىشىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئالاھىدە خەت يېزىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان. مۇھەممەد شا بۇ ئىشتىن خۇشاللىنىپ، كۆپ مىقداردا ئاقچا ئەۋەتكەن. مۇشۇ ئاقچىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، يۇرتداشلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە زالمۇ پۈتتۈرۈلگەن.

زال شۇ زامان شارائىتىدا يارىشا خېلى چوڭ ھەجىمدە بولۇپ بىرقانچە يۈز ئادەم سىغاتتى. بوشلۇقتا تۈۋرۈك قويۇلمىغان، تورۇس چاھار چاپلىق ياغاچ جاھازلار ئارقىلىق خارياغاچ ئۆگزە ئۈستىدىن تارتىپ تۇرغۇزۇلغان، زالنىڭ شىمالىي تەرىپىگە خېلى كەڭرى سەھنە ۋە گىرىمخانا، جەنۇب تەرىپىگە قەۋەتلىك كىنو قويۇش ئۆيى ۋە ئاپپارات توغرىلاش كۆنگۈرلىرى، غەرب تەرەپكە 5 مېتىر كەڭلىكتە كارىدور، كارىدورنىڭ شىمال، جەنۇب تەرەپلىرىگە بىرقانچە ئېغىز ئامبار ئورۇنلاشتۇرۇلغان.



چىقىش ئىشىكىدىن ئۇچى جايلاشتۇرۇلغان، شۇنداق بولغاچقا ئۇ مۇكەممەل بىر كۇلۇب شەكلىنى ئالغانىدى.

زالنىڭ قۇرۇلۇشى قازىرىق كەنتى ئەتراپىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئوبدان بىر سورۇن بولدى.

بۇ يۇرت تەۋەسىدىكى كىشىلەر ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا - سازغا ماھىر كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ماھارىتى توي - تۆكۈن، ئولتۇرۇش - مەشرەپ، سەيلە - ساياھەت يەنى ئاشكارا سورۇنلاردا ئەرلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا بولاتتى. مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە زالنىڭ سېلىنىشى بىلەن بۇ خىل سەنئەت پائالىيىتى رەسمىي يوسۇندا سەھنىگە ئېلىپ چىقىلدى.

1936 - ، 1943 - يىلىغىچە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار باشلامچى بولۇپ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، ھەرخىل كونسېرت، لەپەر، ئېيتىشىش، كومېدىيە، درامىلارنى تەييارلاپ، سەھنىدە ئورۇنلاپ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى.

سەھنىدە ئويۇن قويۇشمۇ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈشكە ئوخشاش قاتتىق سىناقلارنى باشتىن كەچۈرۈش ھېسابىغا تەدرىجىي ئومۇملاشقانىدى. يەنى ئۇ خېلى كۆپ، ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر ئاممىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم دىنىي كۈچلەرنىڭ، روھانىي، مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ئاستىرتتىن قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ تۇردى. بەزىدە ئىككىنچى خىل كۈچنىڭ توسقۇنلۇقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئويۇن

بىلەتلىرىنى پۇللۇق ئائىلىلەرگە (بىلەت باھاسى قىممەت-رەك ئىدى) ئالۋان ھېسابىدا مەجبۇرىي تارقىتىشقا توغرا كېلەتتى. ھەتتا دەسلەپ، قىز – چوكانلارنى ئارتىس سۈپىتىدە سەھنىگە ئېلىپ چىقىش زادى مۇمكىن بولماي قالغاندا، ئەرلەر ئايالچە ياسىنىپ، رول ئېلىشقا توغرا كەلدى. كېيىنچە، سىرتقى ئورۇنلارنىڭ ئاياللار ھەمكارلىقىدا تەييارلانغان سەنئەت نومۇرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئوينىتىش ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن رول ئېلىشى نەتىجىسىدە ئاياللار ئارىلاشقان سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرۈشمۇ بارا – بارا ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى.

مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار سەنئەت كۇرۇپپىسىدىكىلەر تەييارلىغان ئويۇن نومۇرلىرىنىڭ مەزمۇنى بىلىم ئېلىش، ئەمگەك سۆيۈش، ھۇرۇنلۇقنى مازاق قىلىش، پاك مۇھەببەتنى قەدىرلەش، سېخىي – ئادىللىقنى ماختاش، بېخىللىقنى مەسخىرە قىلىش، يۇرت سۆيۈش، ياپونغا قارشى روھنى ئۇرغۇتۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ يىللاردا يەنە «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ»، «ئەرشىن مال ئالان»، «يېتىم قىز»، «غۇنچەم» قاتارلىق دراما ۋە كومېدىيىلەر ئويىنالغانىدى.

مەكتەپ پۈتكەندىن كېيىن دەسلەپتە ئوغۇللار قوبۇل قىلىنغانىدى. يۇرتتا مۇتەئەسسىپلىك بىرقەدەر ئېغىرراق بولغاچقا، كۆپچىلىك قىز پەرزەنتلىرىنى ئوغۇللار بىلەن بىرگە ئوقۇشقا بېرىشكە ئۇنىمىغان. مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئالدىدا ئابدۇقادىر ھاجى يۇرت



ئاقساقاللىرى بىلەن قايتا – قايتا كېڭىشىش ئارقىلىق، قىزلار مەكتىپىنى ئايرىم ئورۇنغا قۇرۇشنى پىلانلىغان، شۇنىڭ بىلەن يۇرتنىڭ سىدىق خېتىپ، ھىدايەت ھاجى، سىدىق ھاجى، ئىبراھىم ئىمام، موللا ئاخۇن ھاجى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئالدىن ھە – ھۇ دېيىشى، ئىقتىسادىي ياردەم قىلىشى بىلەن يەنە بىر قېتىم كەڭ ئاممىغا ھەيدەكچىلىك قىلىنىپ، 1937 – يىلى كۈزگە قالماي بىر قىزلار مەكتىپى پۈتتۈرۈلدى. بۇ ئوغۇللار مەكتىپىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 50 مېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، ئورنى 5 مو ئەتراپىدا ئىدى. ئوقۇتۇش بىناسى ئىككى كورپۇس، كارىدورلۇق، ئىككىدىن تۆت سىنىپ، بىر قانچە ئېغىز ئىشخانا بىنالىرى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى سېلىنغىنى ئوغۇللار مەكتىپى، كېيىن سېلىنغىنى قىزلار مەكتىپى دەپ ئاتالدى ۋە شۇ يىلدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، قىز – ئوغۇل ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئايرىلىپ دەرس ئوقۇتتى. بۇ ئەھۋال ئۆلكە ئازاد بولغانغا قەدەر داۋاملاشتى. ئازادلىقتىن كېيىن قىز – ئوغۇللار ئارىلاش ئوقۇتۇلدى. قىزلار مەكتەپ دەسلەپ 1 – ، 2 – سىنىپ، ئوغۇللار مەكتەپ 3 – ، 4 – ،5 – سىنىپ بولدى.

قازىرقىتا مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە خەلق باشقۇرۇشىدا بولغان. بىرقانچە يىلدىن كېيىن قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىمۇ ئىگىدارچىلىق قىلغان، ئاز ۋاقىت ئۆتمەستىن، ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئازادلىق يىللىرىغىچە، خەلق

ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەم شۇ زامان شارائىتىنىڭ تەلىپى بويىچە، ھەم پەننىي، ھەم دىنىي دەرسلەر تەڭ ئۆتۈلۈپ تۇرغان. ئەمما دىنىي دەرسلەرنىڭ سالمىقى ئازراق ئىدى. بۇنداق قوش ئوقۇتۇش تەلىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، مەكتەپتە خەلپەتلەر ۋە مۇئەللىملەر ئورتاق ئىشلەشكە توغرا كەلدى.

خەلپەتلەردىن، قازىرىق تەۋەسىدىكى ئۇزۇن يىللىق دىنىي مەكتەپلەردە خەلپەتلىك قىلغان مولىلاردىن مامۇت خەتىپ، ساۋۇت خەلپەت، ئۆمەر شەيخ، ئابدۇرېھىم خەتىپ، باقى ئىمام، غۇپۇر ھاجى قاتارلىقلار ئىدى.

پەننىي دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىلار بولسا ئالدى ئۈرۈمچى، ئاخىرى قەشقەردىكى دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ چىققانلاردىن بولاتتى. بۇلار ئابدۇراخمان قاسىم ھاجىم (بۇ كىشى ھەم دىنىي ئۆلىما ئىدى)، مۆمىن ئاخۇن، مۇھەممەد ئىمىن تۇردى، ئىسمائىل ئىلياس، قۇربان ئىمىن (شائىر)، داۋۇت مامۇت، زۇنۇن ھاشىر، تۇرغۇن ئىمىن، مۇھەممەد بارات، يۇسۇپ ئاخۇن، تۇرسۇن غۇپۇر، ئوسمان قاسىم، قادىر ئىبراھىم، ئەيسا مامۇت، ئابدۇرۇسۇل ئابدۇراخمان، مامۇت قۇربان، قۇتبىدىن ھامۇت، ئابدۇخېلىل مامۇت، سەيدۇللا تۇردى، مۇھەممەد غوجى، ئابدۇللا ئۆمەر، ساۋۇت باقى، ئابدۇخالىق ئىسمائىل قاتارلىقلار ئىدى.

قىزلارنى ئوقۇتىدىغان ئوقۇتقۇچىلار (خانىملار)



زەينەپ خانىم (ئابدۇقادىر ھاجىنىڭ ئايالى)، ھاجى خانىم، سائادەت خانىم، خەلىچە خانىم، مۇنىس خانىم، ھاۋا سەلەي، قەمبەر خانىم، ھەشى قۇربان، ياقۇت يۇنۇس خانىم، نۇرنىسا باقى خانىم، ئاي بەختى داۋۇت، ئالانۇر ئەيۇپ، ئاسىم ئېلى خانىم،.... قاتارلىقلار.

ئايال ئوقۇتقۇچىلار سىرتتا روپاچ ھالەتتە يۈرەتتى، سىنىپقا كىرگەندە روپاچىنى ۋە پەرەنجىسىنى ئېلىۋېتەتتى. بەزى ئاياللاردىكى بۇ خىل ھالەت ئۆلكە ئازاد بولغانغا قەدەر داۋاملاشتى.

ئوقۇتقۇچى يېتىشمەي قالغاندا قىز ـ چوكانلارغا ياشانغان ئەر ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتسە بولىۋېرەتتى (ئاساسەن مەكتەپ مۇدىرلىرى دەرسكە كىرەتتى)، ئەمما، ئايال ئوقۇتقۇچىلار، ئوغۇل ـ يىگىتلەرگە دەرسكە ئاساسەن كىرمىگەن. بۇمۇ ئۆلكە ئازاد بولغانغا قەدەر شۇنداق بولغانىدى.

ئوغۇل ـ قىزلار مەكتىپى پۈتۈپ، ئوقۇتقۇچى قوبۇل قىلىش باشلانغاندىن كېيىن، دەسلەپكى يىللاردىلا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 200 نەپەردىن ئېشىپ كەتكەندى. بۇ سان، بىرقانچە يۇرتتىكى ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارغا نىسبەتەن كۆپ سان بولمىسىمۇ، لېكىن، مۇشۇ يۇرتلارنىڭ مەكتەپ تارىخىغا نىسبەتەن ناھايىتى چوڭ سان ئىدى. يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ئەلمىساقتىن بېرى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان نامرات دېھقانلارنىڭ بالىلىرىمۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تۇنجى قېتىم ھەقسىز ئوقۇيدىغان مەكتەپكە كىرگەنىدى.

ئۇ چاغلاردا، مەكتەپلەرنىڭ رولى كۆپ تەرەپلىمە جارى قىلدۇرۇلاتتى. يەنى ئۆسمۈرلەرنى ئوقۇتقاندىن سىرت، ياشلار، چوڭلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. مانا مۇشۇ دولقۇنغا ماسلىشىش ئۈچۈن مەكتەپ قىزغىن كەيپىياتقا تولاتتى. ھەر كۈنى سىنىپلار ئۈچ سىمېنا بولۇپ ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋالاتتى. يەنى، كۈندۈزى ئۆسمۈرلەر، پېشىندىن كېيىن ياشلار، كەچتە چوڭلار ئۆزىگە لايىق ساۋاق ئالاتتى. ئۆسمۈرلەر ھازىرقىدەك ياش قۇرامى قۇرداش، ھەممىسى كىچىكلەردىن ئەمەس ئىدى. بېشى چوڭراق بالىلارمۇ ئارىلاش ئوقۇۋېرەتتى. ئاياللار، چوكانلار، بېشى چوڭىيىپ قالغان قىزلار روپاچ ھالەتتە كېلەتتى. سىنىپتا ئولتۇرغاندا يۈزىنى ئاچاتتى. مۇنداق كەچ كۇرستىكى ئوقۇغۇچىلارنىمۇ قوشۇپ ھېسابلىغاندا، ئەينى چاغدا مەزكۇر مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار سانى 400 — 500 گىچە يېتىپ باردى.

قازىرىق مەكتەپتە دەسلەپ ئالتە ئوغۇللار سىنىپى، تۆت قىزلار سىنىپى تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەلەپنى قاندۇرالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشنا يۇرتلارنىڭ ئارىلىقى يىراقراق بولغانلىقتىن شۆبە سىنىپلارنى ئېچىشقا توغرا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇجا كەنتىدە ئىككى سىنىپ، چۇمبۇس كەنتىدە ئىككى سىنىپ، شامپاشا كەنتىدە ئىككى سىنىپ تەسىس قىلىنىپ، جەمئىي 16 سىنىپ بولۇپ يۇرۇشلەشتى. 1940 - يىلىغىچە ئوقۇتقۇچىلار سانى 30 دىن ئارتتى، خىزمەتچى



تۆتكە يەتتى، سىنىپ سانى ئازادلىقنىڭ ھارپىسىغىچە مۇشۇ نىسبەتتە ئۆردى. ئەمما ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار سانى ئارتىپ باردى. ئوقۇش ئۈزۈلۈپ قالماي، مۇنتىزىم يۈرگۈزۈلدى. ئۆلكە ئازاد بولغۇچە بىرقانچە مىڭ نەپەر ياش تەربىيىلىنىپ چىقىرىلدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى يۇرتتا قېلىپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى. بەزىلىرى يۇقىرىلاپ ئوقۇپ، ئېلىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۆز كۈچىنى نامايان قىلدى. بەزىلىرى چەت ئەللەرگە چىقىپ، شۇ يەردە خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولدى.

قازىرىق كەنتىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى مۇھىم، قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان، مۇھىتى گۈزەل، مەكتەپ قۇرۇلۇشى كۆركەم، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى خېلى بولغاچقا ۋە خېلى كۆپ ساندىكى ئاممىدا يېڭى پەننى مەكتەپكە ئىنتىلىش، كۈچلۈك قوللاش قىزغىنلىقى يۇقىرى بولغاچقا، مەكتەپنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەنىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۈپىتى ئالاھىدە يۇقىرىلاپ ماڭدى. نەتىجىدە قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى مەكتەپلەر ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن مەكتەپلەردىن بولۇپ قالغانىدى.

ئەينى چاغدا، قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىگە 10 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى بەشكېرەم يېزىسى ھازىرقى قوغان يېزىسىغا تەۋە قازىرىق كەنتى بىلەن قوشۇلۇپ، بەشكېرەم - قازىرىق بەگلىكى، كېيىنچە رايونى (گۇڭشېلچۇ) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ رايوننىڭ مەر-

كىزى قازىرىق كەنتى، يېزىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى ئابدۇقادىر هاجى مەكتەپ قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ قولغا ئېلىپ قۇرۇلۇش قىلغان شەخسىي قورۇسىدا ئىدى (بۇ قورۇ - جاي ھەشەمەتلىك سېلىنغان بولۇپ، هازىرمۇ كەنت ئورگىنى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ).

مۇشۇنداق بولغاچقا، بەشكېرەم يېزىسىدىكى ياش قۇرامى توشقان ئوقۇغۇچىلار قازىرىق مەكتىپىگە كېلىپ، ياتاقلىشىپ ئوقۇيتتى. يەنى، ئۇ يېزىنىڭ 6 - كەنتىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5 - سىنىپىغىچە ئۆز يۇرتلىرىدىكى مەكتەپتە ئوقۇيتتى. ئۇلاردىن ئىمتىهاندا ئۆتۈپ تاللانغانلىرى قازىرىق مەكتەپكە كېلىپ ياتاقلىشىپ، 6 - سىنىپتا ئوقۇغاندىن كېيىن، يەنە تاللىنىپ يۇقىرىلاپ ئوقۇيتتى. ئۆتەلمىگەنلىرى يۇرتلىرىغا قايتاتتى.

مەكتەپ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى چىڭ تۇتاتتى. ئوقۇغۇچىلارنى ئەدەب - ئەخلاقلىق، غايىلىك، ساغلام، بىلىملىك قىلىپ تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا، بۇ مەكتەپتە ئوقۇغانلاردىن يۇقىرى مەكتەپكە چىقىدىغانلارنىڭ سىنىپى خېلىلا يۇقىرى بولغان. مەسىلەن، 1938 - يىلى 9 - ئايدا مەزكۇر مەكتەپنىڭ 6 - سىنىپىغا 30 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، بۇلار بىر يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، 1939 - يىلىدىكى ئىمتىهاندا قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىگە قوبۇل قىلىنغىنى 28 نەپەر بولغان. دېمەك، باشقا يىللاردىكى نىسبەتتىمۇ بەك چوڭ پەرق يوق ئىدى.

مەكتەپتە ئازادلىقتىن بۇرۇن، سوۋېت ئىستىپاقىدا



بېسىلغان كىتابلار دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلگەن. دەرسلەرنىڭ تۈرى ھېساب، ئانا تىل، تەبىئەت، دۇنيا جۇغراپىيىسى، تىل ئىملا دەرسى، رەسىم، خۇش خەت، پەرزاتسكى، تەنتەربىيە قاتارلىقلار؛ دىنىي دەرستە ئىسلام دىنى مەزمۇن قىلىناتتى. ئۇنىڭدا دەسلەپ ئەرەب ئېلىپبەسى، گراماتىكىسى ئۆتۈلۈپ، ساۋات چىقىرىلاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ھەپتىيەك، قۇرئان قاتارلىقلار ئۆتۈلەتتى. يەنە كونا خەت بىلەن يېزىلغان دېيىلىپ، سوپى ئاللايار، ناۋائى، قول خۇاجە ئەھمەد، بوستان، گۈلىستان قاتارلىقلار ئۆتۈلەتتى. بۇلارنىڭ كۆپى يادقا ئېلىناتتى.

مەكتەپ قۇرۇلغان چاغدىلا خەنزۇ تىلى دەرسىمۇ تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنى بىر ئۇيغۇر ۋە بىر خەنزۇ مۇئەللىم ئۆتكەن.

دەرس ۋاقتى سائەتلىك ئۆلچەم بويىچە بولاتتى. چۈشتىن بۇرۇن ئايرىم - ئايرىم 4 سائەت، دەرس ئارىلىقىدا تەنەپپۇس، سەھەردە مۇزاكىرە، چۈشتە دەم ئېلىش يولغا قويۇلاتتى. چۈشتىن كېيىنمۇ كۆپ چاغلاردا دەرس ئوقۇتۇلاتتى. سائەت ۋاقتى نوگغۇراق ئارقىلىق ئۇقتۇرۇلاتتى.

مەكتەپنىڭ مۇھىتى ناهايىتى ئازادە ئىدى. تازىلىق، كۆكەرتىش چىڭ تۇتۇلاتتى. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار قەرەللىك تازىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. مۇنتىزىم دىجورنىلىق يولغا قويۇلاتتى.

ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى ئالاهىدە ياخشى بولغان. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئايرىم

ئورۇنلاردا دەم ئالاتتى، ھاجەتخانىلار تۆتكە بۆلۈنۈپ بەنى ئەرلەر، ئاياللار، ئوغۇللار، قىزلار دەپ سىلىنغان. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنى بەك ھۆرمەتلەيتتى. قەيەردە كۆرسە سالام بېرەتتى. باھار مەزگىلىدە گۈللەر ئېچىلىش بىلەن، سەھەردە كەلگەن ئوقۇغۇچىلار يېڭى ئېچىلغان گۈل دەستىلىرىنى ئۇستازلىرىغا تەقدىم قىلاتتى. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ھاراق ئىچىش، تاماكا چېكىش ئەسلا بولغان ئەمەس، جېدەل - ماجىرالار كۆزگە چېلىقمايتتى.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىناۋىتى نىسبەتەن يۇقىرى ئىدى. ئۇلار ئارىسىدا ئىچكولۇك، چەككولۇككە بېرىلىپ كەتكەنلەر يوق ئىدى. كىيىم - كېچەكلىرى رەتلىك، يۈرۈش - تۇرۇشى سالاپەتلىك، گەپ - سۆزلىرى ئورۇنلۇق بولۇپ، ئۇلار باشقا ئادەمدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى.

ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلەتتى، كۆيۈنەتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەشكە قارىتاتتى. ياخشىلارنى داۋاملىق ئالغا يېتەكلەيتتى. ئوقۇغۇچىلارغا تەربىيە بېرىشتە يۇمشاق تەربىيە ئاساس قىلىناتتى، ئاز ساندا تەن جازاسىمۇ بولۇپ قالاتتى.

ئاتا - ئانىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مەكتەپكە يېقىندىن ماسلىشاتتى. ئۇلارمۇ ئوقۇتقۇچىلارنى بەك ھۆرمەتلەيتتى. شۇ ۋاقىتلاردا، بۇ يۇرت تەۋەسىدە ئاتا - ئانىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئىگىز - پەسلىك بولغان ئەمەس، شۇنداق بولغاچقا پىشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار ھازىرغىچە يۇقىرى ئىززەت - ھۆرمەتتىن بەھرىمەن بولۇپ كەلمەكتە. لېكىن ئۇ چاغلاردا يېڭىلىققا قارشى ئاشكارا



ئوتتۇرىغا چىقالىغان، يېڭى پەننىي مائارىپنى، يېڭىلىقنى قوللىمايدىغانلار يەنە بار ئىدى. ھەتتا بۇنداقلارنىڭ قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋېلىشىدىكى بېسىم كۈچى خېلىلا كۈچلۈك بولۇپمۇ كېتەتتى. بۇنداق كىشىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىنى ھەمىشە يېڭى مەكتەپتىن قاچۇراتتى. ئائىلىسىگە سۆھبەتلەشكە كەلگەن مۇئەللىملەرگە ۋەدە بەرسىمۇ، لېكىن، ئەمەلىيەتتە پەرزەنتلىرىنى باشقا ئىشقا يولغا سېلىۋېتەتتى. بۇنداق چاغدا، مۇئەللىملەر بەكمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالاتتى. كۆپ يول مېڭىپ، نۇرغۇن چاپا چېكەتتى. مۇبادا، مۇنداق مۇشەققەتتىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان بولسا، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى يىغىشتۇرۇۋېلىشنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى.

ئۇ چاغلاردا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ باش قېتىمچىلىقى يالغۇز مۇشۇ مەسىلە بىلەنلا ھەل بولۇپ كەتكەن ئەمەس. ھەممىگە ئايانكى، 1937 - يىلىدىن 1949 - يىلغىچە بولغان بۇ مەزگىل شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە كىشىنىڭ ئەقلىنى ناڭ قالدۇرغۇدەك ئۆزگىرىشلەر بولغان يىللار ئىدى. ئۇ ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن مائارىپتا ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئىقتىسادنىڭ تۇراقسىزلىقى ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ يىللاردا پۇل پاخاللىقى دەمدە بىر كۆرۈلۈپ تۇراتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن ئاق ئۇن بېرىلىدىغان ۋاقىتلارمۇ بولۇپ قالدى. 1948 - يىللىرى مەلۇم ئايلاردا بىر ئايلىق ئىش ھەققى ئۈچۈن 10 نەچچە گىردە ئاران كېلىدىغان ھادىسىلەرمۇ كۆرۈلدى. مۇئەللىملەر بۇ خىل ئىشلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە كۆپ بەدەل تۆلىمىسە

بولمايتتى.

سىياسىينىڭ تۇراقسىزلىقىمۇ يۇقىرىقى سەۋەبكە ئوخشاشلا، مائارىپقا ئەكس تەسىر كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ چاغدىكى مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان يۇقىرى ئورگان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار ئىگىلىگەن ئورۇن ئىدى. ئۇ چاغدىكى ھۆكۈمران دائىرىلەر ھەقىقىي ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاقارتىش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيتتى. رەھبەرلىك قىلىش، كۆڭۈل بۆلۈش دېگەنلەر شەكىل ئىدى. ئۇلار خۇشى تۇتسا مەبلەغ ئاجرىتىپ، بىر مەزگىللىك ھە - ھۇ دەيتتى؛ تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مۇئەللىملەر بىر تەرەپتىن ئىشلەشكە تېگىشلىك كىشىلەر ھېسابلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن گۇمانلىق ئادەملەر سۈپىتىدە مۇئامىلىگە ئۇچرايتتى. سىياسىي ۋەزىيەت تۇراقسىزلاشقانسېرى ئوقۇتقۇچىلاردىن ئەنسىرەش شۇنچە كۈچىيەتتى. ھۆكۈمران دائىرىلەرنىڭ نەزىرىدە جەمئىيەتتە ساراسىم پەيدا قىلغۇچىلارنىڭ ئاساسىي — ئوقۇتقۇچىلار ئىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردا بۇنداق تەشۋىش بەكمۇ كۈچىيىپ كەتكەن ئىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئارقىسىغا پايلاقچىلار سېلىنغانىدى، بىرقانچە قېتىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆيلىرى ئاختۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار مەزمۇندىكى دەرسلىك ۋە باشقا ماتېرىياللىرى مۇسادىرە قىلىنغان، بەزىلەر تۇتۇپ كېتىلىپ، تۈرمىدە يېتىپ چىققانىدى.

ناھايىتى كۆپلىگەن مائارىپچىلار يۇقىرىقىدەك قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بەزى چاغلاردا ئۆز ئىقتىسا-



دىغا تايىنىپ، خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى ئاقسىتىپ قويماي، يۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇشقا كۈچ چىقاردى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل تىرىشچانلىقى يۇرتداشلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشى، قوللىشىغا ئېگە بولغانلىقى قالتىس چوڭ مەدەت ئىدى.

ھەرخىل قىيىنچىلىق ئالدىدا باش ئەگكەن، سەپتىن چۈشۈپ قالغانلارمۇ بولدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئىرادىلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائارىپ سۆيەرلىك ئىدىيىسىگە چوڭ تەسىر يەتكۈزەلمىدى.

قازىرىق مەكتەپ مائارىپچىلىرىنىڭ يۈرەك قېنىنى ئاقتۇرۇپ، ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكى مول نەتىجە بېرىش بىلەن ئەھمىيەتلىك ئىدى. بۇ مەكتەپتە ئوقۇغانلار جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىشلەيدىغان يارامىلىق كىشىلەردىن بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلار، ئىشچىلار، تېخنىكلار، ئەسكەرلەر، كادىرلار، (جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت كادىرلىرى، ش ئۇ ئا ر دا نازىر دەرىجىلىك نەچچىلىگەن كادىرلار)، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، يازغۇچىلار، تەتقىقاتچىلار، ئالىملار، ئارتىسلار، تەرجىمانلار بار. بەزىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە، ئەرەبىستان، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە خىزمەت قىلماقتا.

قازىرىق مەكتىپىگە ئازادلىقتىن بۇرۇن ئابدۇراخمان قاسىم ھاجىم (شىنجاڭ داشۆسى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇكېرىم راخماننىڭ دادىسى)، ساۋۇت خەلپەت، مۆمىن ئاخۇن، مۇھەممەد ئىمىن تۇردى، ئىسمايىل ئىلياس، قۇتبىدىن ھامۇت، ئابدۇخېلىل مامۇت، سەي-

دۇللا تۇردى، مۇھەممەت خوجى، ئابدۇللا ئۆمەر قاتارلىقلار مەكتەپ مۇدىرى بولغان. ۋېي ۋېي دىن (خەنزۇ) تۇنجى قېتىم ئىلمىي مۇدىر بولغان، يەنە ساۋۇت باقى، ماتۇت قۇربان، ئوسمان قاسىم قاتارلىقلار ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا قوش مەكتەپ مۇدىرى قويۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان.

مەكتەپتە بىر نەپەر خەنزۇ ئىلمىي مۇدىردىن باشقا قالغان ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئىدى.

مەن 1920 - يىلى قازىرىق كەنتىدە بىر ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دەسلەپ، دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغانىدىم. بۇ خىل ئوقۇش بەكمۇ ئىپتىدائىي ئىدى. بىرقانچە يىللىق ئوقۇغۇچىلار بىر سىنىپتىلا ئوقۇيتتى. چوڭ بالىلارغا خەلپىتىم دەرس بېرەتتى. كىچىكلەرگە چوڭ ئوقۇغۇچىلار دەرس بېرەتتى. يادقا ئېلىش ئاساس قىلىناتتى، يېزىش تەكىتلەنمەيتتى. شۇڭا، باشلانغۇچ ساۋاتقا ئىگە بولغانلارمۇ ئىسمىنى يازالمايتتى. كېيىن، ئەقلىمگە كېلىپ، بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلسام، بالىلار چوڭ بولغاندا ھۆكۈمەتنىڭ ئۈستىدىن ئەرز سۇنۇپ، بالا تېرىيدۇ، دېگەن نەرسە ئاساس ئىكەن. ئەھۋال راست شۇنداقمۇ، بۇنى چۈشەندۈرۈش تەس، ئېھتىمال باشقا سەۋەبلەرمۇ بولسا كېرەك. سىنىپتا ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇق - پارتا بولمايتتى. پاخالدا ئولتۇراتتۇق. قىشتىكى سوغۇق، يازدىكى دىمىق كۈنلەردىمۇ سانجاق - سانجاق ئولتۇرۇپ ساۋاق ئالاتتۇق. ئۇ چاغلاردا ئالغان ساۋىقىمىز «شەش كەلىمە» (كەلىمە شاھادەت، كەلىمە تەيىبە، كەلىمە تەمجىت...)، «ھەپتىيەك»، «قۇرئان»، «نامە ھەق»،



«سوپى ئاللايار»، «ناۋايى»، خوجا ھاپىز (ئەسەرلىرى)، سەرف قاتارلىقلار ئىدى.

ئوقۇتۇش ئىشلىرى دوگما بولغاچقا، دەرس ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تارتقۇدەك ئەمەس ئىدى. ھەتتا بەزى تالىپلار بىرقانچە يىل ئوقۇغان بولسىمۇ، لېكىن، ساۋاتسىز چىقىپمۇ كېتەتتى. ياخشىراق ئوقۇغانلىرى قەشقەر شەھىرىدىكى مەدرىسلەردە ئوقۇيتتى.

1933 - يىلى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن يۇرتىمىزدا قارىخانىلارنى ئاساس قىلغان ھالدا قوشۇمچە يېڭىچە پەننىي دەرس ئۆتۈش يولغا قويۇلدى. مەن مۇشۇنداق سىنىپقا چىقىپ، يېڭى مەزمۇندىكى دەرس ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم، بۇ ۋاقىتتا يېڭىچە دەرسلەرنى تۇردىيوپ (بەشكېرەم يېزىسى، سىدى كەنتىدىن)، باقىيوپ (قەشقەر شەھەرلىك)، جۇمە ياقۇپ (قەشقەر شەھەرلىك)، ئابلا قاسىم (ئۆزبېك) قاتارلىقلار بەرگەنىدى.

1936 - يىلى يۇرتىمىزدا رەسمىي يېڭىچە پەننىي مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۇنجى تۈركۈم ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە بۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىندىم. 1939 - يىلى 6 - سىنىپنى تاماملاپ قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنگە قوبۇل قىلىندىم. 1940 - يىلى 4 - ئايدا ئوقۇشتا ئەلاچى بولغانلىقىم ئۈچۈن مۇددەتتىن بۇرۇن ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە چىقىپ، دەسلەپ قەشقەر شەھىرىدىكى ئوردا ئىشىكى مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدىم. كېيىن ئۆز يۇرتۇمدىكى مەكتەپتە ئىشلىدىم. بەزىدە باشقا يۇرتلارغا بېرىپمۇ ئىش-

لىدىم. ئۆز يۇرتىمىزدىكى مەكتەپتە 1949 - يىلىدىن 1951 - يىلىغىچە ئىلمىي مۇدىر، 1954 - يىلىدىن 1958 - يىلىغىچە مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەنىدىم. 1977 - يىلى شەرەپ بىلەن پېنسىيىگە چىقىپ، ھازىر دەم ئېلىۋاتىمەن.

مەن ئىككى خىل جەمئىيەتتە مائارىپ بىلەن شۇغۇللاندىم. ئەمدى ئويلىسام، ئۆتمۈشتىكى مائارىپ يولۇم تولىمۇ ئىستىقبالسىز ئىكەن. مەن ھەقىقىي پارلاق مائارىپ يولىغا پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىلا قەدەم قويالىدىم، شۇنداق بولغاچقا ئۆمرۈمنىڭ قىرانىدەك چاغلىرىنى خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلاپ ئۆتتۈم، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە يۇقىرى پېنسىيە پۇلىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىنى خۇشال ئۆتكۈزمەكتىمەن.

(ئاپتورى: قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى قازىرىق كەنتىدىن)



# تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى كەچۈرمىشلىرىم

سۇلتان مامۇت

## ئاتۇشتىكى سۇ ئاپىتى

مەن 1944 - يىلى 7 - ئايدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك دورىخانىدىكى خىزمىتىمدىن ئايرىلىپ، ئاستىن ئاتۇش مىيى كەنتىدە تۇرۇشلۇق ئائىلەمگە قايتىپ كەلدىم. شۇ كۈنلەردە شىۋىرغان ئارىلاش يامغۇر يېغىپ، ئاتۇش تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەھشەتلىك سۇ ئاپىتى يۈز بەرگەنىدى. كەلكۈننىڭ دائىرىسى كەڭ، ۋەھىمىسى ھەم دەھشەتلىك بولدى، كەلكۈن ئۇلۇغچات، ئۈستىن ئاتۇش ۋە ئاستىن ئاتۇشنىڭ سايلىرىغىچە، ئاتۇش ئاغۇ رايونىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىغىچە، ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مەركىزىي بازىرى بولغان مەشھەت، تىجەن، شىتاچى، ئاچچىق يار، بويامەت قاتارلىق كەنت - بازارلىرىغىچە بېسىپ كىرىپ، خەلقنىڭ ئۆي - جاي، مال - مۈلۈك، تېرىلغۇ يەر، چارۋا ماللىرىنى، ھەتتاكى بۆشۈكتىكى بوۋاقلارنى، ئات - ئۇلاغلار بىلەن بازارغا كەلگەن پۇقرالارنىڭ

سودىلىقلىرىنى، ھۆكۈمەت ئۆيلىرىنى، دۇكانلارنى ۋە مىڭ-
لىغان ئادەمنى ئېقىتىپ كېتىپ، چوڭ پاجىئەلىك ئاقىۋەت-
لەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. سۇ ئاپىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈ-
چۈن دەرەخ ۋە تام ئۈستىلىرىگە چىقىشىۋالغان كىشىلەر
سوغۇققا چىداشلىق بېرەلمەي، سۇغا تاشلىنىپ ئېقىپ
كەتتى. بەزىلەر يىقىلغان ئۆي ۋە تاملارنىڭ ئاستىدا قې-
لىپ ھاياتىدىن ئايرىلدى، بۇ ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق
ماكانسىز قېلىپ، تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغان ھالەتكە يەت-
تى. بىرقانچە يۈز ئادەم دېرەكسىز سۇغا يەم بولدى. بۇ
كىشىلەرنىڭ بالا - چاقا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يىغا -
زار قىلىشىپ، بازار ئىچىنى قايغۇ - ھەسرەتكە تولدۇرۇۋەت-
تى. مەشھەت ساي بويىغا يېقىندىن قۇرۇلغان ناھىيىلىك
ھۆكۈمەت پۈتۈنلەي سۇ ئاستىدا قالغانلىقتىن، ھۆكۈمەت
ئورنى قومباغ باشلانغۇچ مەكتىپىگە كۆچۈپ، مەكتەپ ئو-
قۇشتىن توختىدى. قومباغقا ماڭىدىغان يول ئۈستىدىكى
يەنە بىر مەكتەپكە گومىنداڭنىڭ بىر ئىسكادرون ئاتلىق
ئەسكىرى ئورۇنلاشتى، ساقچى ئىدارىسى شۇ يولدا — بۇرۇنقى
ئورنىدا ساقلىنىپ قالدى. ئاتۇش ناھىيىلىك ئۇيغۇر
ئۇيۇشمىسى بىلەن گومىنداڭ ناھىيىلىك پىرقە ئۆز ئورنى-
دا ساقلىنىپ قالدى. مۇشۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتتە، گومىن-
داڭ دائىرىلىرى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق ۋە يۇرت ئۈچۈن
قىلچىمۇ باش قاتۇرماي، كەلگۈنگە قارشى ھېچقانداق
چارە - تەدبىر قوللانمىدى. ئەكسىچە، گومىنداڭ ئەمەل-



دارلىرى ئاپەت يۈز بەرگەن جايلاردىن كۆچۈپ كېتىشكە
ئالدىرىدى.
دەھشەتلىك كەلكۈن ئۆتۈپ كېتىپ، خارابىلىككە
ئايلانغان ماكانىدا تۇرمۇشنى قايتا تەرتىپكە سېلىشقا كى-
رىشكەن ئاتۇش خەلقى بىئاراملىقتىن يەنىلا خالى بولال-
مىدى، خەلق ھايات - مامات گىرداۋىدا تۇرۇۋاتقان جىد-
دىي پەيتتە، ئاتۇش ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن ھەر قايسى
يېزا - بازارلارغا ئېغىر سېلىق يارلىقى چۈشۈرۈلۈپ، ئا-
تۇشنىڭ قويۇن ۋە تۇرغات دېگەن چېگرا رايونلىرىدا
تۇرۇۋاتقان گومىنداڭ قاراۋۇلخانا ئەسكەرلىرى ۋە ئات -
ئۇلاغلىرى ئۈچۈن ئوتۇن، سامان، بېدە، يەم ئالۋىنىنى
تاپشۇرۇش، دەرد ئۈستىگە دەرد بولدى. ناھىيىلىك ھۆ-
كۈمەت ۋە يېزا بازارلاردىن كۆپلىگەن خادىملار سېلىق
يىغىش ۋە سېلىق توشۇش ئۈچۈن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى.
ئالۋان - ياساقنى ۋاقتىدا تاپشۇرالمىغان ياكى كېچىكتۈ-
رۈپ قويغان بىچارە كەمبەغەللەر ئۇرۇلدى، ھەتتا قاماققا
ئېلىندى، بەزىلىرىنىڭ پۇت - قوللىرى سۇندى. ھۆ-
كۈمەت ئورۇنلىرىدا نائادىل بۇ ئەھۋاللارنى ئەرز قىلىپ
كەلگەنلەرنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئادەم چىقمىدى. مانا
مۇشۇنداق، كۈنلەردە گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ئىشخانا ۋە
ئۆيلىرىدە كېچە - كۈندۈز قىمار ئوينايتتى، ئۇلار يەنە
ئۆز نەپسى ئۈچۈن غەيرىي - رەسمىي ھالدا خىلمۇ خىل
نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ ئالۋان - ياساق يىغاتتى، يۇقىرىقى
ھادىسىلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنمەن.

# ئىنقىلاب يولىغا قەدەم تاشلاش

1944 - يىلى 9 - ئايدا، ئىلىدا خەلقى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ «ئات تەقدىم قىلىش» سىياسىتىگە قارشى كۆتۈرۈلۈپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇنجى قېتىم ئىنقىلاب ئوتىنى ئاچتى. 1945 - يىلى 3 - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسى مىللىي ئارمىيە قۇرۇلۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئازاد قىلدى. شۇ يىل قىشتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ۋە ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئەمەلىي غەلىبىسى بىلەن، 1945 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تاجىك، قىرغىزلارنى ئاساس قىلغان ھەر مىللەت خەلقلىرى بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، تاشقورغان ئىنقىلابىنى قوزغاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بەردى. بۇ ئىنقىلاب بىر يىل داۋام قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تاشقورغان، قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرىنى ۋە يەركەن، يېڭىسار ناھىيىلىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى ئازاد قىلدى. 1945 - يىل 7 - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبىي فرونت قىسمى مۇز داۋان ئارقىلىق ئاقسۇغا چۈشۈپ باي ناھىيە بازىرىنى، ئاندىن ئاقسۇ كونا شەھەرنى ئازاد قىلدى. قارا شەھەر، خېجىڭ سەپلىرىدە دۈشمەنگە قاتتىق



تەھدىت سېلىندى. دېمەك، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى، تاشقورغان ئىنقىلابى ۋە ئاقسۇغا كەلگەن مىللىي ئارمىيىنىڭ خەۋەرلىرى ئاتۇشقىمۇ كەڭ تارقالدى، بەزىدە تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى بىلەنمۇ يۈز كۆرۈشۈپ تۇردۇق، بۇ مەزگىلدە، ئاتۇش خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ ۋە يەرلىك گومىنداڭچى مۇناپىقلارنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە دۇچار بولۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان نارازىلىق ۋە غەزەپ - نەپرىتى تولۇپ تاشقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تەبىئەتنىڭ ئاتۇش خەلقىگە ئېلىپ كەلگەن رەھىمسىز جاراھەتلىرى تېخى ساقىيىپ كەتمىگەنىدى، مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ھىمايە قىلىدىغان كۈچلەرنىڭ ساداسى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. ئىنقىلابنىڭ بۇ تەسىر كۈچىدىن ئاتۇشتا خىزمەت قىلىۋاتقان بىر قىسىم زىيالىي ياشلار ھەم تەدرىجىي ئويغىنىشقا باشلىدى. بىز ئاڭلىغان خەۋەرلىرىمىزنى بىر - بىرىمىزگە يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان بولدۇق. مۇنداق خەۋەرلىشىپ تۇرۇشىمىز، ئەلۋەتتە بىر - بىرىمىزنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى بىلىپ بېقىش جەريانى بولدى. نەتىجىدە بىرگە ئىشلەيدىغان ئوبۇلقاسىم ھامىدىن، ئابدۇۋاقى نايىم، تالىپ ياقۇپ، ئابلىز قادىر، ۋىن بىڭچۇەن (خەنزۇ) قاتارلىق زىيالىي ياشلار ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتە ئاساسەن بىرلىككە كېلىپ، ئۆز ئىچىمىزدە ئاشكارا خەۋەر ئالماشتۇرۇش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە تاشقورغان ئىنقىلابىنى قوللاش، گومىنداڭچىلارغا قارشى تۇرۇش مەيدانىغا ئۆتتۇق. يەكشەنبە كۈنلىرى

قۇمباش رايونىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى سازلىقتا يىغىلىپ، مەشرەپ ئويۇشتۇرۇپ، ۋەزىيەت توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ باردۇق ۋە ئەگەر تاشقورغان ئىنقىلابىي پارتىزانلىرىنىڭ پائالىيىتى ئاتۇشقىچە يېتىپ كەلسە، دەرھال خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاتۇشنى ئازاد قىلىش كۈرىشىگە يېقىندىن ماسلىشىش ھەققىدە پىكىر بىرلىكىگە كېلىشتۇق، لېكىن بىز شۇ چاغدىكى يەر ئاستى ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز تار دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى.

1945 - يىلىنىڭ ئاخىرى، بىزنىڭ ئاتۇشتىكى ئائىلىمىز ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر قىسمىنى ئاتۇش مىيىندە قېلىپ داۋاملىق دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندۇق، يەنە بىر قىسمىمىز قەشقەر شەھىرىگە بېرىپ تىجارەت ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولدۇق. مەن ئاتۇش ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى خىزمىتىمنى تاشلاپ، قايتا قەشقەر ۋىلايەتلىك دورىخانىغا ئورۇنلاشتىم، كېيىنچە قەشقەر ۋىلايەتلىك دورىخانىدىمۇ بىر مەزگىل ئىشلىدىم، دورىخانا باشلىقى ئىنايىتۇللا ھېكىم، دوختۇرخانا باشلىقى رەھمىتۇللا ئاكا ئىدى.

## ئۈرۈمچىگە ئۆتۈش

1945 - يىلى، جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، جۈملىدىن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ شى-



مالىي، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي يۆنىلىشلەردىكى ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىدىن تەمتىرەپ قالغان گومىنداڭ دائىرىلىرى شىنجاڭ مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلىپ، شىنجاڭدا قوراللىق توقۇنۇشنى توختىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالاندى. 1946 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. ئۇزۇنغا قالماي، گومىنداڭ دائىرىلىرى كومپارتىيە بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان 10 - ئۆكتەبىر كېلىشىمىنى ئاشكارا يىرتىپ تاشلاپ، ئازاد رايونلارغا ئومۇمييۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، يەنە بىر قېتىم كەڭ دائىرىدە ئىچكى ئۇرۇش قوزغايدۇ. ئارقىدىنلا شىنجاڭ گومىنداڭ دائىرىلىرىمۇ 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمگە خىلاپلىق قىلىپ، ئالتايدا ئوسماننى قۇتراتتىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى قويىدۇ، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسى ئىچىدە ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ، تاشقورغان ئىنقىلابىغا قاتناشقان پارتىزانلارغا، خەلققە، ئاقسۇدا مىللىي ئارمىيىگە ماسلىشىپ ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىلغار ياشلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. ۋەزىيەتتىكى بۇ خىل چوڭ داۋالغۇش قەشقەردىكى ئۈچ ۋىلايەتنى قوللاپ، بىتىمنى ھىمايە قىلىدىغان زىيالىيلارنى، ۋەتەنپەرۋەر خەلقنى خەۋپكە سېلىپ قويدى، تىنچلىق بىتىم روھىغا ئاساسەن يىغىندىن سايلانغان ناھىيە ھاكىملىرى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئېلىندى، تېررورلۇق ئەۋج ئېلىپ، ئىشپىيونلۇق تورلىرى كەڭ

دائىرىدە يېيىلدى. گەرچە ۋەزىيەت شۇنچە خەۋپلىك بول-
سىمۇ، بىز بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلار خەلقنى يەنىمۇ
ئويغىتىش ئۈچۈن تەشۋىقاتنى كۈچەيتتۇق. ھەممە قاسىم-
جان قەمبىرى قاتارلىق ئىلغار زاتلاردىن پىكىر ئېلىپ
تۇردۇق. بىراق ئۇزۇنغا يارىماي، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى بىر
نەچچە ئىلغار ياش بەختكە قارشى قولغا ئېلىندى، قال-
غانلىرىمىزنىڭ كەينىگىمۇ ئادەم چۈشتى. مۇشۇنداق ئەھ-
ۋال ئاستىدا، بىز ئۈچ ۋىلايەت رايونى تەرەپكە ئۆتۈپ
كېتىش نىيىتىگە كەلدۇق. 1947 - يىل 5 - ئاينىڭ
1 - كۈنى بىز ئاشلىق بېسىلغان بىر ماشىنىنىڭ ئۈستى-
گە ئولتۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە يول ئالدۇق. ئاقسۇ شەھىرىگە
يېقىنلاشقاندا شوپۇر بىزنى چۈشۈرۈپ قويدى. نائىلاج،
ھارۋىلىق ئاشۇ شەھەرگە كىرىپ بىر سارايغا جايلاشتۇق. يېرىم
كېچە بولغاندا گومىنداڭچىلار سارايغا كېلىپ قونغۇچىلارنى
تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان
زىيانكەشلىك قىلىش پىلانى بويىچە بىزنى زەھەرلىك چې-
كىملىك سېتىپسىلەر، دەپ قاماققا سولاپ قويدى. بىز قا-
ماقتا بەزى ئاچ، بەزى توق مىسكىن جاپالارنى تارتتۇق.
ساقچىلار بۇ جەرياندا بىزنى بىر نەچچە قېتىم سوراق قى-
لىپ، ۋەھىمە ئىشلىتىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقان-
داق نەتىجە چىقىرالماي قويۇۋەتتى ۋە دەرھال ئاقسۇدىن
چىقىپ كېتىشىمىزنى ئۇقتۇردى. بىز قاماقتىن چىققان-
دىن كېيىن، يۇرتداشلارنىڭ ياردىمىدە قارا ماشىنىغا ئول-
تۇرۇپ كورلىغا يېتىپ كەلدۇق. كورلىدا بەزى نەرسىلىرى-
مىزنى پۇلغا تېگىشىپ قارا شەھەرگە يېتىۋالدۇق، بۇ ۋا-



قىتتا قارا شەھەردە قەشقەر سانايىنەپسەنىڭ ئارتىسلىرى
ئويۇن قويۇۋاتقانىكەن. ئۇلارنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ
ساق - سالامەت ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە خې-
لى بۇرۇنلا ئۈرۈمچىگە چىقىپ كەتكەن مەمتىمىن سابىت
بىلەن تېپىشىپ، ئۇنىڭ يول باشلىشى بىلەن شىنجاڭ
شۆيۈەنىنىڭ قىزىل بىناسىدا تۇرۇۋاتقان (ھازىرقى شىن-
جاڭ داشۆسى) يەتتە ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتۇق.
ۋەكىللەر ئىچىدە بىزنى كۆپرەك بىلىدىغان خەلپەت سۇزۇك
ھاجىيوۋ بىزنىڭ ئەھۋالىمىزدىن خەۋەر تاپقانلىقىنى ھەمدە
ئەخمەت ئەپەندىگە ئىنكاس قىلغانلىقىنى ئېيتتى، ھەمدە
ئابدۇراخمان قاراجى بىلەن بىرگە بىزنى ئەخمەت ئەپەن-
دى تۇرغان نەنخۇايۈەندىكى ئۆيگە (ھازىرقى مائارىپ نا-
زارىتىنىڭ ئورنى) باشلاپ باردى. ئەخمەت ئەپەندى ئۆ-
زىگە خاس سالماقلىق ۋە مۇلاھىم پوزىتسىيە بىلەن بىز
بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن: «سىلەرنىڭ ئاق-
سۇدا قامالغىنىڭلارنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندىم. جاڭ
جىجوڭ ئەپەندىگە تېلېفون بېرىپ سىلەرنى تېزدىن قاماق-
تىن بوشىتىشنى جىددىي پوزىتسىيە بىلەن ئېيتقانىدىم.
جاڭ جىجوڭ ئەپەندى ئۇقۇشماسلىق بولغان ئوخشايدۇ،
مەن ئاقسۇغا تېزدىن خەۋەر قىلىپ، ئۇلارنى قويۇپ بېرىش-
نىڭ چارىسىنى قىلاي، دېگەنىدى. مۇشۇ سەۋەب بىلەن
سىلەرنى قويۇۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بىزمۇ ئۈرۈمچىدە
تۇرالمايدىغان ئوخشايمىز، يېقىندا غۇلجىغا قايتىدىغاندەك
تۇرىمىز. سىلەرنى خەلپەت سۇزۇك ھاجى ئورۇنلاشتۇرسۇن»،
دېدى. مەمتىمىن سابىت سوۋېت ئىتتىپاقى گىراژدانى

ئىدى. ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن، مەن ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ يول خېتىنى ئېلىپ، مەتمىن سابىت ئىككىيلەن غۇلجىغا يۈرۈپ كەتتۇق. چۈشكەن ماشىنىمىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاپتوموبىلى بولغاچقا يولدا ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمىدۇق. غۇلجىدا مەتمىن سابىت بىلەن بىزگە بىر مەزگىل سودىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، كېيىنچە ئىلى ۋىلايەتلىك دورىخانىنىڭ باشلىقى ياقۇپبەگنىڭ ۋاستىسى بىلەن دورىخانىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتىم. 1947 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يەتتە ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ بىر قىسمى ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا يېتىپ كەلدى. مېنىڭ ئىككى سەپدىشىمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە كەلدى.

## ھەربىي ـ سىياسىي كۇرستا

7 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، خەلپەت سۇزۇك ھاجىيوۋنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى مەخسۇس يەتتە ۋىلايەتتىن غۇلجىغا چىققان ئىلغار ياشلار ئۈچۈن ئاچقان ھەربىي - سىياسىي كۇرسىغا تىزىملىغا ئالدۇردۇم. مەزكۇر كۇرسنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى بولغان كۈنى يىغىن زالىغا كىرسەم، ئەخمەت ئەپەندى، ئىسھاقبېك، سەيپىدىن ئەزىزى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، غەنى باتۇر، ھېكىم بەگ غوجىلار سەھنىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقانلار ئاساسەن يەتتە ۋىلايەتتىن كەلگەن ئىلغار ياشلار بولۇپ، سانى بىرنەچچە يۈز



كىشىگە باراتتى. يىغىندا يىغىن رىياسەتچىسى سۆزگە چىقىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى، نىشانى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈپ، ئاندىن مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى فرونتلاردىكى ئۇرۇش ئەھۋالى، ئوسمان ۋە قالىبەكلەرنىڭ باندىتلىق ھەرىكەتلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتتى. ئاخىرىدا ھەربىي - سىياسىي كۇرسنى تەشكىل قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە مەقسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندىن كېيىن كۇرسقا قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ ئىسىملىكى ئېلان قىلىندى.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، 300 گە يېقىن ئوقۇغۇچى كەڭسايدا ئېچىلغان ھەربىي - سىياسىي كۇرسىغا ئورۇنلاشتۇق. ھەربىي فورمىلار تارقىتىلدى. تەشكىلىي خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەربىي - سىياسىي كۇرسنىڭ دەرسى رەسمىي باشلاندى. ھەربىي - سىياسىي كۇرسنىڭ مۇدىرى پودپولكوۋنىك غازىيوۋ، شتاب باشلىقى ئابدۇكېرىم ماخمۇتوۋ بولۇپ، مۇئەللىملەردىن نۇرسادىروۋ، زۇنۇن قادىرلار دۇنيا تارىخى ۋە تىل - ئەدەبىياتتىن دەرس بېرەتتى. سەيدەخمەت، تۇرسۇن، روزىيوۋھادى، غوجەخمەت، باتۇر راشىدىن قاتارلىقلار ھەربىي دەرس بېرەتتى. بۇ ۋاقىتتا، ئالتايدا ئوسمان ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرگەن مەزگىل بولۇپ، ۋەزىيەت بىر قەدەر جىددىي ئىدى. ۋەزىيەتتىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشنى نەزەرگە ئېلىپ، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىقى كەڭسايدىكى ھەربىي - سىياسىي كۇرسنى مىللىي ئارمىيە بايانداي ئوتتەن كوماندىرلار مەكتىپىگە ئۆزگەرتىپ، مەكتەپ ئورنىنى 19 - يىلى 11 -

ئىدى. ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن، مەن ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت
ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ يول خېتىنى ئېلىپ، مەتسىمىن
سابىت ئىككىيلەن غۇلجىغا يۈرۈپ كەتتۇق. چۈشكەن ما-
شىنىمىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاپتوموبىلى بولغاچقا يولدا
ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمىدۇق. غۇلجىدا مەتسىمىن
سابىت بىلەن بىرگە بىر مەزگىل سودىچىلىق بىلەن شۇ-
غۇللىنىپ، كېيىنچە ئىلى ۋىلايەتلىك دورىخانىنىڭ باشلىقى
ياقۇپبەگنىڭ ۋاستىسى بىلەن دورىخانىغا خىزمەتكە
ئورۇنلاشتىم. 1947 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يەتتە
ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ بىر قىسمى ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا
يېتىپ كەلدى. مېنىڭ ئىككى سەپدىشىمۇ ئۇلار بىلەن
بىرگە كەلدى.

## ھەربىي — سىياسىي كۇرستا

7 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، خەلپەت سۈزۈك ھا-
جىيۇۋنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى
مەخسۇس يەتتە ۋىلايەتتىن غۇلجىغا چىققان ئىلغار ياشلار
ئۈچۈن ئاچقان ھەربىي - سىياسىي كۇرسىغا تىزىمغا ئال-
دۇردۇم. مەزكۇر كۇرسنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى بولغان
كۈنى يىغىن زالىغا كىرسەم، ئەخمەت ئەپەندى، ئىسھاقبېك،
سەيپىدىن ئەزىزى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، غەنى باتۇر، ھې-
كىم بەگ غوجىلار سەھنىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ.
ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقانلار ئاساسەن يەتتە ۋىلايەت-
تىن كەلگەن ئىلغار ياشلار بولۇپ، سانى بىرنەچچە يۈز



كىشىگە باراتتى. يىغىندا يىغىن رىياسەتچىسى سۆزگە چى-
قىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئۇنىڭ خا-
راكتېرى، نىشانى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈپ، ئان-
دىن مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى فرونتلاردىكى ئۇرۇش
ئەھۋالى، ئوسمان ۋە قالىبەكلەرنىڭ باندىتلىق ھەرىكەت-
لىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتتى. ئاخىرىدا ھەربىي -
سىياسىي كۇرسنى تەشكىل قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە مەق-
سىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندىن كېيىن كۇرسقا قوبۇل
قىلىنغانلارنىڭ ئىسىملىكى ئېلان قىلىندى.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، 300 گە يېقىن ئوقۇغۇچى
كەڭسايدا ئېچىلغان ھەربىي - سىياسىي كۇرسىغا ئورۇنلاش-
تۇق. ھەربىي فورمىلار تارقىتىلدى. تەشكىلىي خىزمەتلەر
ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەربىي - سىياسىي كۇرس-
نىڭ دەرسى رەسمىي باشلاندى. ھەربىي - سىياسىي كۇرس-
نىڭ مۇدىرى پودپولكوۋنىك غازىيوۋ، شتاب باشلىقى
ئابدۇكېرىم ماخمۇتوۋ بولۇپ، مۇئەللىملەردىن نۇرسادىروۋ،
زۇنۇن قادىرلار دۇنيا تارىخى ۋە تىل - ئەدەبىياتتىن دەرس
بېرەتتى. سەيدەخمەت، تۇرسۇن، روزىيوۋھادى، غوجەخمەت،
باتۇر راشىدىن قاتارلىقلار ھەربىي دەرس بېرەتتى. بۇ
ۋاقىتتا، ئالتايدا ئوسمان ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى توپىلاڭ
كۆتۈرگەن مەزگىل بولۇپ، ۋەزىيەت بىر قەدەر جىددىي
ئىدى. ۋەزىيەتتىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشنى نەزەرگە ئېلىپ،
مىللىي ئارمىيە قوماندانلىقى كەڭسايدىكى ھەربىي - سىياسىي
كۇرسنى مىللىي ئارمىيە بايانداي ئوردا كوماندىرلار مەك-
تىپىگە ئۆزگەرتىپ، مەكتەپ ئورنىنى 1947 - يىلى 11 -

ئايدا باياندايغا كۆچۈردى. بىز 1948 - يىلى ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندۇق. مەن قاتارلىق ئونچە كىشى ئازاد نىشانلىق 2 - ئاتقۇچى پولكقا خىزمەتكە كەلدۇق. پولك شتابى ئورتا يۈنىلىشتىكى يەنسىخەي ئورمان باغدا ئىدى. 1948 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، پولك شتابىنىڭ كۇلۇبىدا چوڭ يىغىن ئېچىلدى. يىغىن زالى ئالاھىدە زىننەتلەنگەن بولۇپ ھەر خىل شوئارلار ۋە لوزىنكىلار چاپلانغان ۋە ئېسىلغانىدى. سەھنە تېمىغا ئېسىلغان جۇڭگو خەرىتىسىدە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئازاد قىلغان ئازاد رايونلار كىچىك قىزىل بايراقلار بىلەن بەلگە قىلىنغانىكەن. كوماندىر - جەڭچىلەر تەرتىپ بىلەن كۇلۇبقا كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن زاھىر ساۋدانوۋ ئورتا يۈنىلىش قوماندانلىق شتابىنىڭ باشلىقلىرى ۋە پولك كوماندىرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا كۇلۇبقا كىرىپ كەلدى. ئالدى بىلەن زۇنۇن تېيىپ ئابباسوۋقا ھەربىي قائىدە بويىچە دوكلات بەردى. ئاندىن ئابباسوۋ خەرىتە ئالدىغا كېلىپ، مەملىكەت ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتنى بىرئاز چۈشەندۈردى، ئارقىدىنلا: «ھازىرقى سىياسىي ئەھۋال ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىمىز» دېگەن تېمىدا مەخسۇس دوكلات بەردى. ئۇ دوكلاتىدا: «جۇڭگو ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىرى بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنى بۈيۈك غەلىبىلەرگە ئېرىشتۈردى. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى يەرلىك مىللەت خەلقلىرى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدىلا مەقسەتلىرىگە يېتەلەيدۇ. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئىنقىلابىي ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قازانغاندىلا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىقى ۋە شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ توغرا ھەل بولۇشى چوقۇم» دەپ كېلىپ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ مەملىكەت مىقياسىدىكى غەلىبىسىنى ۋە ئازاد قىلغان رايونلارنى خەرىتىدە كۆرسىتىپ ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پات ئارىدا شىنجاڭغا كىرىدىغانلىقىنى، پۈتۈن شىنجاڭ تەلتۆكۈس ئازاد بولىدىغان كۈنلەرگە ئاز قالغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋېلىش تەييارلىقىنى پۇختا ئىشلەش لازىملىقىنى ھەم ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتتى. دوكلاتتىن كېيىن يولداش ئۆمەروۋ مەتمىننىڭ يېتەكچىلىكىدە دوكلاتنى ئەستايىدىل ئۆگەندۇق.

1948 - يىلى 1 - ئاۋغۇست كۈنى «شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى. «ئالغا گېزىتى» ۋە «ئىتتىپاق گېزىتى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. «ئىتتىپاق» نىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىللىرى قۇرۇلۇپ، ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتلەر كۈچەيتىلدى. پولكتىكى روتا، ئىسكادروندىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار پولك شتابىغا يىغىلىپ ئۆگىنىش قىلاتتۇق. جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى، ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسى، سىياسىي - ئىقتىساد، پەلسەپە ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزم ھەققىدە لېكسىيىلەر بېرىلىپ تۇراتتى. بۇ لېكسىيىلەرنى ئاساسەن پولك كومىسسارى خۇدابەردىيوۋ ئېلاخۇن (سوۋېت ئىتتىپاقى گىراژدانى)، مۇ-

ئاۋىن كومىسار ئۈمەروۋ مەتىمىن قاتارلىقلار سۆزلەيتتى، شۇنىڭدەك ھەربىي تەييارلىق دەرسى ئوقۇپ پراكتىكا قىلىپ تۇراتتۇق. بۇ مەزگىلدە ماناس دەرياسىنىڭ ئوقىتىدا تۇرغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ تەھدىتى ۋە قالىبەك، ئوسمان باندىتلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكى، شۇنداقلا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇزغۇنچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى خېلى ئېغىر ئىدى. بۇ ئەھۋاللارغا قارىتا قىسىمدا ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈش، جەڭگىۋارلىقنى كۈچەيتىپ، مۇداپىئەنى مۇستەھكەملەش ئالاھىدە ۋەزىپە قىلىندى.

1949 - يىلى 3 - ئايدا، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى شىخو ئوتتۇرا يۈنىلىش قىسىملىرىنىڭ سىياسىي خىزمەت كادىرلىرى ئۈچۈن ئۈچ ئايلىق كۇرس ئاچتى. بۇ كۇرسقا يۈزدىن ئارتۇق ئوفىتسېر قاتناشتى (مەنمۇ قاتناشتىم). كۇرس مۇدىرلىقىنى شۇ چاغدا ئوتتۇرا يۈنىلىش قىسىملىرىنىڭ مەسئۇلى لېسكىن ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ساۋدانوۋ زاھىر مۇئاۋىن مۇدىر بولغان. سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ، نۇرسادىروۋ، پودپولكوۋنىك چاغدا، كاپىتان باۋكەي قاتارلىق يولداشلار دەرس ئۆتكەنىدى. زاھىر ساۋدانوۋ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي ئىنتىزامى، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھى، ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق ھەققىدە لېكسىيە بەرگەن. سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ، چاغدا قاتارلىق يولداشلار جۇغراپىيەدىن، نۇرسادىروۋ XVI ئەسىردىكى فرانسىيە ئىنقىلابىي تارىخىدىن، باۋكەي ماتېماتىكىدىن دەرس بېرەتتى. ئەخمەت ئەپەندىمۇ بەزىدە كېلىپ دەرس ئۆتۈپ كېتەتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە،



ئەخمەت ئەپەندى بىر قېتىم غۇلجىدىن شىخوغا كېلىپ خەلقئارا ۋەزىيەت، دۆلىتىمىزنىڭ جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا دوكلات بەرگەنىدى. ئۇ دوكلاتىدا: «بۈگۈنكى كۈندە ئازادلىق ئارمىيە مىسلى كۆرۈلمىگەن غەلىبىلەرگە ئېرىشتى. بىز پات ئارىدا جۇڭگو كومۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتىدە ئورتاق ئالغا باسىمىز، ھوشيارلىقنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، ۋەزىيەتكە بولغان تونۇشىمىزنى ئۆزگەرتىپ، ئىتتىپاقلىقىمىزنى كۈچەيتىشىمىز لازىم»، دېدى. شۇ چاغدا ئەخمەت ئەپەندىنىڭ ئۆتكۈر پىكىرلىرى، ماركسىزم - لېنىنىزمنى ۋەزىيەتكە جانلىق تەدبىقلاش ئىقتىدارى بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى.

1949 - يىلى 9 - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن غەلىبىلىك ئۇچراشتى. كېيىن مىللىي ئارمىيە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلۈپ، 5 - كورپۇس بولۇپ قۇرۇلدى.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: دېھقانچىلىق نازارىتى)

# ئۇنتۇلماس يىللار

**ئوسمان تۆمۈر**

1933 - يىلى ناھىيىمىز ئاقسۇدا بىرلا باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، بۇنىڭدا خەنزۇ ۋە ئاز ساندىكى مىللىي باللار خەنزۇ تىلىدا ئوقۇيتتى. ناھىيىمىزنىڭ ھەربىر مەھەللىسىدە مەسچىتلەر ۋە دىنىي مەكتەپلەر بار ئىدى. مىللىيلارنىڭ باللىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى ئاشۇ دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇيتتى. «12 - ئاپرېل» ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇردى. ناھىيىمىزگە ئىلى ئەپەندى ئىسىملىك بىر كىشى ھاكىم بولۇپ كەلدى. مىللىتى تاتار بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چىققان كىشى ئىكەن. بۇ كىشى كەلگەندىن كېيىن ناھىيىمىزدە يېڭىدىن مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ نۇرمەھەممەت ئەپەندى، قادىر ئەپەندى، نەزمى قاسىم قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلار پەيدا بولۇپ يېڭى مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا كىرىشتى. ئالدى بىلەن خەنزۇ مەكتەپنى ھۆكۈمەت تەمىناتىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ «مەكتەپى ئىسمائىلىيە» دېگەن نام بىلەن مىللىي تىل - يېزىق ۋە خەنزۇ تىلى ئارىلاش ئوقۇتۇشقا كىرىشتى. بۇ مەكتەپ ئەسلىدە ئىسمائىل دا-



رىن (شيەنجاڭ) نىڭ نامىغا قۇرۇلغان مەكتەپ ئىدى. ئاندىن كېيىن دارىلئېتام مەكتەپلىرى قۇرۇلۇپ بۇنىڭ ئورنى پاشالىق باغ (ھازىرقى سفەننىڭ ئورنى) بولدى. ئىسمائىلىيە مەكتەپىگە قوبۇل قىلىنىپ ئوقۇش خىراجىتىگە يېتىشەلمەيدىغان يېتىم ۋە ئايرىم ساندىكى كەمبەغەللەرنىڭ باللىرى بۇ مەكتەپتە ئوقۇيتتى. مەكتەپنىڭ راسخوتى شۇ ۋاقىتدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەرىپىدىن ناھىيىمىزدىكى پۈتۈن ۋەخپە يەرلەرنىڭ ئىجارە ھەققى ھەم دېھقانلاردىن ئېلىنغان ئۆشرە - زاكات ۋە چارۋىچىلاردىن ئېلىنىدىغان زاكات كىرىمىدىن تەمىنلىنەتتى.

شۇ ۋاقىتتا ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسى شىرىپ ھوشۇر دېگەن تاتار كىشى بولۇپ، ناھىيىمىزنىڭ مەدەنىي - مائارىپ، ئەدەبىي - سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا خېلى كۆچ چىقارغانىدى. ئۇيۇشما تەرەپتىن ياۋروپا شەكلىدە ئالاھىدە كۆركەم قىلىپ كۇلۇب ياسالغان، شەھەر ئىچىدە، يېزىدا بولۇپ ئونىدەك ئورۇندا باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغانىدى.

ناھىيىمىزدە يېڭى مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ يېڭى مەكتەپكە بولغان ھەۋىسى، بىلىمگە بولغان ئىنتىلىشى كۈچەيدى، 1934 - يىلى يۇۋادارىن (يۇنۇس ئاخۇنباي) شيەنجاڭ بولۇپ خوچىكچۇنىڭ يېنىغا ئىككى سىنىپلىق بىر مەكتەپ سېلىپ ئۆز نامىغا «ۋەتەن يۇنۇسىيە» دەپ نام بەردى. سادىق ئاخۇنباي بىر مەكتەپ سېلىپ ئۆز نامىغا «كوھران سادىقىيە» دەپ نام بەردى. بۇ مەكتەپ-

نىڭ ئورنى ھازىرقى سانائەت قاتناش ئىدارىسىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلەتتى. ئۇ ۋاقىتتا قىز - ئوغۇللارنىڭ مەكتىپى ئايرىم بولۇپ، قىزلار مەكتىپى ئىككى ئورۇندا ئىدى. «كوھران سادىقىيە» مەكتىپىنى ئۈيۈشمىدىن باشقۇراتتى. يەنە بىرى ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەكتەپ بولۇپ، بۇنىڭ ئورنى ھازىرقى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئورنىدا ئىدى. كېيىن بۇ ئىككى مەكتەپنى بىرلەشتۈرۈپ «سادىقىيە مەكتىپى» - ئوغۇللار مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى. 1937 - يىلى باللارنىڭ يېڭى مەكتەپكە بولغان ئىنتىلىشى كۈچىيىپ مەكتەپلەر شەھەردىن يېزىلارغىچە كېڭەيدى. ئاچىرىق، جايتوغراق، قىزىلبۇلاق، ئاقبۇلاق قاتارلىق ناھىيىمىزنىڭ ئەڭ يىراق جايلىرىدىمۇ مەكتەپ قۇرۇلدى. مەكتەپلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەتتە قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ۋە تولۇقسىز سىنىپ مەكتەپلىرى ئېچىلدى.

## چەت ئەلدە ئوقۇشقا ئىنتىلىش

شىنجاڭدا ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ يىلتىز تارتىشى ئارقىسىدا ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇش، ئۇ تەرەپنىڭ پەن - مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئۆگىنىش ھەۋىسى كۈچەيدى. جۈملىدىن ناھىيىمىزدىنمۇ بىر بۆلۈك ياشلار — ھاشىم ئاخۇنجانوۋ، مەۋلانجان تۇردىيېۋ، ئىبراھىم ئىدرىسوۋ، ئابدۇكېرىم ئارىپوۋ قاتارلىقلار



تاشكەنتكە ئوقۇشقا ماڭدى. بۇلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەرقايسى ئورۇنلارغا خىزمەتكە تەيىنلەندى. ناھىيىمىزدىن كەتكەن ھاشىم ئاخۇنجانوۋ ئۆلكىلىك سىفەنگە ئوقۇتقۇچى بولدى.

## ئەنسىز يىللار

شېڭ شىسەي گەرچە ئالتە سىياسەتنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىي - مائارىپ، مالىيە، ئەدەبىي - سەنئەت، تەمىنات ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇپ بىرقەدەر ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، ماھىيەت جەھەتتىن ئىككى يۈزلىمىلىك مىلىتارىست ئىدى. كۆرۈنۈشتە كوممۇنىستلار بىلەن بىرلىكتە سەپ تۈزگەن بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنى تەقىپ ئاستىغا ئالدى. بولۇپمۇ 37 - يىلدىن كېيىن ئۆزگىرىپ، گۇڭئەن ئورۇنلىرىدا ئىشپىيون تەربىيىلەپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا سېلىپ قويدى. يەنە بىر تەرەپتىن جايلاردىكى مەرىپەتپەرۋەر بايلارنى خائىن دەپ قولغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالتۇن - كۆمۈشلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزلىرىگە زىيانكەشلىك قىلدى.

ھاشىم ئاخۇنجانوۋنىڭ ئاتىسى ئەمەتخان باي شۇ ۋاقىتتا قولغا ئېلىنغانلارنىڭ بىرى ئىدى. ھاشىم ئاخۇنجانوۋنىڭ ئەسلى ئىسمى ھاشىم قارى بولۇپ، ئەمەتخان باينىڭ ئوغلى ئىدى. ئاخۇنجان چوڭ دادىسى بولۇپ، ھاشىم قارى سوۋېتكە بارغاندىن كېيىن فامىلىسىنى ئاخۇنجانوۋ دەپ چوڭ دادىسىنىڭ نامىغا ئاتىغانىدى.

ئەمەتخان باي ئەسلىدە ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ باشقا ئۆي تۇتۇپ قاساپلىق قىلىدۇ. كېيىنچە بوردۆك بىلەن شەھەر ئارىلىقىدا يۈك، تېرە سودىگەرچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كېيىنچە تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ئاقسۇ بىلەن قاراقۇل ئارىلىقىدا سودىگەرچىلىك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەمەتخان باي دەپ ئاتىلىپ جايلارغا تونۇلىدۇ. شەھەر ئىچىدە (ئەشمە بۇلاقتا) ئىككى جايغا قورۇ ـ جاي سالىدۇ. ئائىلىسىنىڭ سەي ـ كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن جۇجاڭدىن بىر باغ، 40 مو ئەتراپىدا تېرىلغۇ يەر سېتىۋالىدۇ. كېيىن ئەنە شۇنداق بايلىق تۈپەيلىدىن خائىن دەپ قولغا ئېلىنىپ، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىدىن ئايرىلىپ تۈرمىدە تۆت يىل ئەتراپىدا ياتىدۇ.

شىڭ شىسەي ئاستىرتىن كوممۇنىستلارغا قارشى تۇرۇپ، ئالدى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەكىللىرىدىن ماۋ زېمىن، چېن تەنچيۇ، لىن جىلۇ قاتارلىق مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تىغ ئۇچىنى ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلار ۋە ماركسىزمچىلارغا قارىتىدۇ. 1940 ـ يىلدىن تاكى شىڭ شىسەي تەختتىن چۈشكىچە بولغان ئارىلىق بەكمۇ ئەنسىزچىلىك بىلەن ئۆتىدۇ. زىيالىيلار ۋە ئاق كۆڭۈل كىشىلەر كېچىلىرى ئۆيلىرىدە خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىغان بولىدۇ. ئادەم تۇتۇش ئىشىنى ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ، ئىدارە ـ جەمئىيەت ۋە خەلق ئىچىگىچە كېڭەيتىدۇ. ئۈرۈمچى ۋە باشقا جايلاردا ئىشپىيون ـ جاسۇسلارنى كۆپەيتىپ، كىشىلەرنى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچۇق ـ



ئاشكارا گەپلەشمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ. يىغىلىش، مېھماندارچىلىقتا ئوخشاش سورۇنلاردا سۈپىتى ئۆزگەرگەن ئىشپىيونلار كىشىلەرگە ئارىلىشىپ نازارەت قىلىدۇ. بۇنداق تۇتقۇن قىلىشلار ئاشۇ يىللاردا ئۆلكىلىك سىغەنىدە ۋە شىنجاڭ شۆبۈەنىدىمۇ يۈز بېرىدۇ. ئالدى بىلەن ھاشىم ئاخۇنجانوۋ، ئىبراھىم مۇتئى، مەۋلانجان تۇردىيوۋ، ئابدۇللا زۇنۇن قاتارلىقلار قولغا ئېلىنىدۇ.

## تۈرمىدىكى جازا

ھاشىم ئاخۇنجانوۋلار تۇتۇلۇپ ئالتە ئايغىچىلىك ھېچقانداق سوراق قىلىنمايدۇ. ئالتە ئايدىن كېيىن بىرىنچى قېتىملىق سوراق باشلىنىدۇ. سوراق ئورنى گۇڭئەن گۇەنلچۈي ئىككىنچى بۆلۈمدە بولۇپ، سوراقخانىغا جازا قوراللىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. جازا ئۇسۇللىرى 17 خىل بولۇپ كالتەكلەش، گازغا بېسىش، بېشىنى تۆۋەن پۇتىنى يۇقىرىغا قىلىپ ئېسىش، جىنسىي ئەزاسىغا ئاتنىڭ قىلىنى سانجىش، دەزمال يېقىش قاتارلىق ئۇسۇللار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئېغىر جازالاش ئۇسۇلى مېڭىسىنى توك بىلەن دەزماللاش، يالىڭاياغ توكقا دەسسىتىش بولۇپ ئىنسان بالىسى بۇنىڭغا ئاسانلىقچە چىداشلىق بېرەلمەيدۇ. بىرىنچى قېتىملىق سوراق ھاشىم ئاخۇنجانوۋ ئۈستىدە بولىدۇ. چۈنكى، ھاشىم ئاخۇنجانوۋ شۇ ۋاقىتتىكى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان ياشلار تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپىشى دەپ قارىلىپ، دېلوسى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىر ھېسابلىنىدۇ.

1941 - يىلى 2 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ھاشىم ئاخۇنجانوۋنى پۇتىدا ئىشكەل، قولىدا كويزا، بوينىغا تاقاق سالغان ھالەتتە سوراقخانىغا يەنە ئېلىپ كېلىدۇ. ھاشىم ئاخۇنجانوۋ ئۆزى ياش ھەم كىچىك بولسىمۇ ناھايىتى تەمكىن ئىدى. سوراقخانىدا گۇڭئەن گوۋەنلىچۈيىنىڭ ئەمەلدارى لى يىڭچى باشلىق بىرنەچچە ئەمەلدارلار ھازىر بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز جايلىرىدا ئورۇن ئالىدۇ. سوراقچى ئالدى بىلەن دېلو ئىچىدىن بىر ياش يىگىتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لېنىنگرادتا چۈشكەن رەسىملىرىنى ئېلىپ ئالدىغا قويىدۇ. بۇ دېلو 1 - نومۇرلۇق دېلو بولۇپ گۇڭئەن گوۋەنلىچۈي تەرىپىدىن ئورۇمچى ۋە ئاقسۇدا ھاشىم ئاخۇنجانوۋ ئۈستىدىن تۇرغۇزۇلغانىدى. ھاشىم ئاخۇنجانوۋ ئاقسۇدىكى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى تۈگىتىپ ئورۇمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئارقىدىن يوللاپ بېرىلگەن مەخپىي رازۋېتكا ماتېرىيالى ئىدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى:

بىرىنچى، ھاشىم ئاخۇنجانوۋ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئەزاسى؛ ئىككىنچى، ئۇ ماتېرىيالىزم تەشۋىقاتچىسى؛ ئۈچىنچى، قۇربان نىياز تەشكىلاتى (ياشلار تەشكىلاتى) نىڭ باش يېتەكچىسى؛ تۆتىنچى، ئۇ، ئاقسۇدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش جەريانىدا ياشلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، تەشكىلاتنىڭ بىر بۆلىكىنى ئاقسۇدا قۇرغان. ئاقسۇ ياشلىرى ئىچىدە «ئويغان»، «شىنجاڭ ئازاد» غەزەللىرىنى يېزىپ، ئۆگىتىپ ياشلارنى قوزغاتقان. ئاقسۇ سىفەن ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۇسسۇل ئۆگىتىش باھانىسى بىلەن تەشۋىقات



ئېلىپ بارغان، دېگەنلەردىن ئىبارەت.

ھاشىم ئاخۇنجانوۋ قەيسەرلىك بىلەن سوراقخانا ئوتتۇرىسىدا سوراقچىلارغا قاراپ تىكىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا سېمىز، ئاق سېرىق، چىرايىدىن قانخورلۇق يېغىپ تۇرىدىغان تۈرمە باشلىقى ياڭ ۋېنچىڭ كۆزىتىپ تۇرىدۇ.

باش سوراقچى تاپانچا بىلەن پوپوزا قىلىپ: «ھە، ئاق پېشماق يىگىت، ساڭا ئۆلۈم كېرەكمۇ ياكى ھاياتلىق، بۇ ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللىۋال!» دەپ ھەيجىيىپ قويىدۇ. ھاشىم ئاخۇنجانوۋ جاۋابەن قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپ سوراقچىغا غەزەپ كۆزلىرى بىلەن قاراپ: «مەن ماڭىدىغان يولۇمنى تاللاپ بولغان، مېنىڭ ماڭىدىغان يولۇم ھەققانىي يول، ئىلىم - ئىرپان يولى. ئۆلكىمىزدە بىلىملىك كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، خەلقنى ئاقارتىش، ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈرۈش» دەيدۇ. باش سوراقچى ھومىيىپ، جوزىغا پاققىدە بىرنى مۇشتلاپ: «مەن سەندىن بۇنى سوراۋاتقىنىم يوق، ئۆزۈڭ نېمە ئۈچۈن تۇتۇلدۇڭ؟ نېمە جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭ؟ شۇلارنى سوراۋاتىمەن» دەيدۇ. ھاشىم ئاخۇنجانوۋ سوراقچىغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ قاراپ: «جىنايەت، جىنايەتچى مەن ئەمەسمەن، سەنلەر! بىگۇناھ قېرىنداشلىرىمىزنى خائىن دەپ قارىلاش ئارقىلىق پۇل - بايلىقىنى بۇلاپ - تالىدىڭ، ئاياللارنى ئاياغ - ئاستى قىلدىڭ، زىيالىيلارنى قامىدىڭ، ئۆلتۈردۈڭ»، دەيدۇ.

باش سوراقچىنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ ھاشىم ئاخۇنجانوۋنى تۆمۈر كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىدۇ. بىردەمدىن كېيىن يەنە ھوشىغا كەلتۈرۈپ رازۋېتكا خادىمىنىڭ

ئىگىلەپ كەلگەن ماتېرىياللىنى قايتا ئاڭلىتىدۇ. ھاشىم ئاخۇنجانوۋ يەنىلا مەسخىرە كۈلكىسى بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ سوراق جوزىسىدا ئولتۇرغان رازۋېتكا خادىملىرى بىر كېچىلىك سوراقتا ھاشىم ئاخۇنجانوۋدىن قاتتىق پەشۋا يەپ، ھېچ ئىلاج قىلالماي جازا قورالىرىنى ئىشقا سېلىپ، بەدىنىنى قىزىل قانغا بوياپ، سۆرىگەن پېتى تۈرمىگە تاشلايدۇ.

2 - ، 3 - ۋە 5 - قېتىملىق سوراقتا بىرگە تۇتقۇن قىلىنغان ئىبراھىم مۇتىئى، مەۋلانجان تۇردى قاتارلىق زىيالىيلارنى بىر - بىرىگە ئۇچراشتۇرماي، ئايرىم - ئايرىم سوراق قىلىپ ھاشىم ئاخۇنجانوۋنى قىلمىشىغا ئىقرار قىلىپ، باش ئەگكەن قىياپەتتە كۆرسىتىپ، يالغاندىن ئىقرارنامە ئويدۇرۇپ چىقىپ مەقسەتكە يەتمەكچى بولۇشىدۇ، لېكىن بۇمۇ نەتىجە بەرمەيدۇ.

ئاردىن بىر يىل ئۆتۈپ ھاشىم ئاخۇنجانوۋنى يەنە بىر قېتىم سوراق قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى سوراق ئاۋۋالقىغا قارىغاندا تېخىمۇ سۈرلۈك، تېخىمۇ دەھشەتلىك بولىدۇ. ھاشىم ئاخۇنجانوۋ يەنىلا قەيسەرلىك بىلەن پاكىت سۆزلەپ جاۋاب قايتۇرۇش ئارقىلىق سوراقچىلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلايدۇ.

سوراقچىلار ھاشىم ئاخۇنجانوۋ ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان سوراقتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالماي، ئىككى قېتىملىق سوراقتىكى جاۋابىنى جىنايەت دەپ بېكىتىپ، دوبەن مەھكىمىسىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن ئۆلۈم جازاسى



ھۆكۈم قىلىپ ئالتە ئاي كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇلارنىڭ ئۈستىدىن بولىدىغان سوراقنى ۋاقتىنچە توختىتىدۇ.

## ھۆكۈمنىڭ ئۆزگىرىشى

ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي، يەنە بىر قېتىم سوراق باشلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى سوراقتا قاتتىقلىق بىلەن يۇمشاقلىقنى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھاشىم ئاخۇنجانوۋ ئېغىر قىيىن - قىستاقنىڭ تەسىرىدىن مېڭە قان تومۇرى ئاجىزلىشىپ، ئېغىر نېرۋا كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ، دوختۇرنىڭ داۋالىشىمۇ كار قىلماس بولۇپ قالغانىدى. سوراقخانىدا سوراقچىلارنى قوغلاپ يۈرۈپ، جوزا - بەندىڭلەرنى ئېتىپ، ئەينەكلەرنى چېقىپ، سوراقچىلارنى ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر ئۆلۈم جازاسىنى مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ئۆزگەرتىپ داۋالاپ بېقىشنى قارار قىلىدۇ.

ھاشىم ئاخۇنجانوۋنىڭ قەيسەر، ئۆلۈمدىن قورقماس ئىنقىلابىي روھى تۈرمىدىكى باشقا يولداشلارغىمۇ زور مەدەت بېرىدۇ. ئۇلارمۇ دۈشمەننىڭ فاشىستلىك دىكتاتۇرىسىغا قارشى ھارماي - تالماي كۈرەش قىلىدۇ.

دەل شۇ چاغدا دوبەن مەھكىمىسىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ، شېڭ شىسەيگە يۆتكىلىش بۇيرۇقى كېلىدۇ. ئاتالمىش «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» شۇنداقلا ھەربىي ۋە ساقچى مەكتەپتىكى ئالتە يۇرجەك كاكارنىڭ ئورنىغا گومىنداڭ گوخۇي

بېكىتىلىپ كېيىم فورمىسى ئۆزگەرتىلدۇ. شېڭ شىسەينىڭ ئورنىغا ۋۇجۇڭشىن كېلىدۇ. ۋۇجۇڭشىن ئالدى بىلەن تۈرمىدىكى بارلىق سىياسىي مەھبۇسلارنى ئازاد قىلىش نىقابى ئاستىدا خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋالماقچى بولۇپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنى تۈرمىدىن ئېلىپ چىقىپ، بىر ئۆيگە قامايدۇ. گاھىدا ئاپتاپ كۆرۈش ئۈچۈن ھويلىغا ئېلىپ چىقىدۇ. يەنە ئارىلاپ دوختۇرخانىغىمۇ ئېلىپ بېرىپ داۋالىماقچى بولىدۇ.

1945 - يىلى ئەتىيازدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئۇچقۇنلىرى جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە يېتىپ كېلىدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بېشىدا ئولتۇرغان ۋۇجۇڭشىن ئۆزىنى شىنجاڭدا ئادىل ھۆكۈمەت قىلىپ كۆرسىتىش، ھۆكۈمەتكە قارشى كۈچلەرنى پەسەيتىش يۈزىسىدىن ئالدى بىلەن تۈرمىدىكى گۇناھكارلارنى ئازاد قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ. تۈرمىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىۋېتىدۇ، ئەمما ھاشىم ئاخۇنجانوۋ باشلىق ئۇچەيلەن ئۇزۇن داۋام قىلغان زۇلمەت ئازابىدىن كېسەل بولۇپ ئاخىرى تۈرمىنىڭ بوسۇغىسىدا قۇربان بولۇپ، بۇ دۇنيادىن ۋىدالىشىدۇ. سەپداشلىرىدىن ئىبراھىم مۇتىئى، مەۋلانجان تۇردىيوۋلار ئۆلكىلىك سىفەن ۋە شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ھايات قالغان ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ھاشىم ئاخۇنجانوۋ باشلىق قۇربان بولغان يولداشلارنى شېھىتلىككە ئاچىقىپ دەپنە قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلارمۇ جىسمانىي جەھەتتىن بەكلا ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. كېيىن مەۋلانجان تۇردى ئاقسۇ



كونىشەھەرگە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ مۇتەللىپ بىلەن بىرلىكتە قۇربان بولىدۇ.

دېمەك، ئاشۇ پېشقەدەم يولداشلار مەن ئۈچۈن ئۇنتۇلماستۇر، ئاشۇ يىللار مەن ئۈچۈن ئۇنتۇلماس يىللاردۇر.

(ئاپتورى: ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدىن)

# يولداش بۇرھان شەھىدىنى ئەسلەيمىز

لىيۇ چىڭشيا، بەي بىڭشۇ

ھاياتلىق يولىدا 95 يىلنى ئۆتكۈزۈپ، ئىككى ئەسىرنى بېسىپ ئۆتكەن؛ چار روسىيەدە تۇغۇلۇپ، جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتكەن؛ ئىسلام مەدەنىيىتىدىن پىششىق تەربىيە ئېلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ماركس ۋە ئېنگېلسلار ياشىغان دۆلەتتىمۇ تەربىيە ئالغان؛ شىنجاڭدا 50 يىل ياشاپ ھەم كونا دەۋرنى ئۇزاتقان ئاخىرقى ئۆلكە رەئىسى، ھەم نۇرلۇق يېڭى دەۋرنى كۈتۈۋالغان تۇنجى ئۆلكە رەئىسى بولغان پېشقەدەم ئەرباب بۇرھان شەھىدى دۇنيادىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى ۋە مىللىتىنى باشتىن ئاياغ قىزغىن سۆيۈپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشىغا باشتىن ئاياغ سادىق بولۇپ قىلغان خىزمىتى تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، ئۇنىڭ نامى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋە جۇڭگودىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.



## «بىزنىڭ يۇرتىمىز شەرق تەرەپتە»

بۇرھان ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى يەنى 1894 - يىل 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى روسىيىنىڭ قازان ئۆلكىسى تېتيۇش ناھىيىسىدىكى خىلۋەت بىر تاغلىق كەنتتە، كەمبەغەل ياغاچ كەسكۈچى ئىشچى ھەم دېھقان شەھىدىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بوۋىسى غۇبەيدۇللا ۋولگا دەرياسىدا ئۆمۈر بويى كېمە سۆرىگۈچى ئىشچى بولغان؛ ئانىسى خەلىمە ئەمگەكچان تاتار ئايالى بولۇپ، ئېتىزدا ئىشلەش، رەخت توقۇش، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا قاراشتىن باشقا، دائىم بولكا پىشۇرىدىغان ياردەمچى ئىشچى بولۇپ بىرئاز پۇل تاپقان. بۇرھاننىڭ ئائىلىسىدە بوۋىسى، مومىسى، ئاتىسى، ئانىسى، ئۆزى ۋە ئۈچ ئاچا - سىڭلىسى بولۇپ جەمئىي سەككىز جان بولغان. بۇرھان بوۋىسىنىڭ بىردىنبىر ئوغۇل نەۋرىسى ئىدى.

بۇرھان 12 ياشقا كىرگەن يىلىنىڭ باھار كېچىسى، بوۋىسى ئۇنى ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە باشلاپ چىقىپ، شەرق تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، كۆڭلىدە ساقلاپ يۈرگەن گېپىنى ئېيتقان: «بىزنىڭ يۇرتىمىز شەرق تەرەپتە، يىراق جۇڭگودا. ئۇ يەردە ئاقسۇ دەرياسى دەيدىغان بىر دەريا بار......» ئۇنىڭ بوۋىسى پولات ئەسلىدە جۇڭگو شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تىيانشان ئېتىكىدىكى ئاقسۇ دەرياسى بويىدا ئولتۇراقلاشقان؛ لېكىن، ئەمەلدارلار ۋە بايلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە، زۇلمىغا قارشى بولغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن

ئائىلىسىنى ۋە 20 نەچچە ئۆيلۈك يۇرتداشىنى ئېلىپ، روسىيە زېمىنىگە قېچىپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان. چوڭ بوۋىسى بەختكە قارشى يول ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن. چار روسىيە ئەمەلدارلىرى بۇ قاچقۇنلارنى كونا ئورمانلىققا بىنام ئېچىش ۋە ئورمان كېسىشكە ئاپىرىپ قويغان. ئۇلار ئۆز يۇرتىنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، بۇ كونا ئورمانلىققا «ئورمانلىق ئاقسۇ» دەپ ئات قويغان.

بۇرھاننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر پۈتۈنلەي ساۋاتسىز ئىدى. شۇڭا، بوۋىسى بىردىنبىر ئوغۇل نەۋرىسىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇپ، بىلىملىك ئادەم بولۇپ قېلىشىنى؛ كۈنلەردە بىر كۈن ئەسلى يۇرتىغا قايتىپ، يۇرتىدىكى تۇغقانلار بىلەن بىر كۆرۈشۈشى ۋە ئەجدادلىرىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىشنى تولىمۇ سەمىمىيەتلىك بىلەن ئارزۇ قىلاتتى. ئائىلىنىڭ بۇ تارىخى ۋە بوۋىسىنىڭ ئارزۇسى بۇرھاننىڭ قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر قىلدى.

بۇرھان رەۋەندىچىلىك قىلىدىغان تاغىسىنىڭ ياردىمى بىلەن، قازان شەھىرىدىكى «مۇھەممەدىيە» مەكتىپىگە بېرىپ ئوقۇدى. كېيىن تاغىسىنىڭ ئوقىتى ياخشى بولماي قالغاچقا شۇ يەردىكى بىر كىتابخانىغا شاگىرت بولۇپ كىردى. كىتابخانىدا ئىش ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، ئادەم ئىشلەپ ھېرىپ كېتەتتى. ئەمما، بۇرھان ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇ، بۇ كىتابخانىدا رۇسچە يېزىقنى ئۆگىنىشكە باشلىدى، بوغالتىرلىق بىلىمىنىمۇ ئۆگەندى، ھەتتا رۇس تىلى شۇناسلىققا دائىر نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئوقۇدى.

ئۇ چاغلاردا ماكسىم گوركىينىڭ يۇرتى نىژنىدا ھەر



يىلى 8 - ئايدا يەرمەنكە ئۆتكۈزۈلەتتى. كىتابخانىنىڭ مۇدىرى 1911 - يىلىدىكى يەرمەنكىگە قاتنىشىشقا بۇرھاننى ئەۋەتتى. ئۇ چاغدا بۇرھان ئەمدى 17 ياشقا كىرگەنىدى. بىر كۈنى كىتابخانىغا 50 - 60 ياشلاردىكى ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم كېلىپ بىرنەچچە كىتاب سېتىۋالغاندىن كېيىن، يەنىلا كىتابخانىدىن كەتمەي، بۇرھانغا سىنچىلاپ قارايدۇ. ئاندىن ئۇ، ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ: مەن ئىسمايىل ھاجى بولىمەن، مېنىڭ بىرقانچە ئىمپورت-ئېكسپورت سودا دۇكانلىرىم بار، بۇ دۇكانلارنىڭ بىرقانچىسى جۇڭگودا. جۇڭگودىكى سودا دۇكانلىرىمغا بېرىپ ئىشلەشكە ئۆزىڭىزگە ئوخشاش قابىل ياشلاردىن بولسا تونۇشتۇرسىڭىز، دەيدۇ. بۇرھان «جۇڭگو» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، ھاياجانلىنىپ تۇرالماي قالىدۇ ۋە جۇڭگوغا بېرىپ، ئەجدادلىرى ئەمگەك قىلغان يەرلەرنى كۆرۈش ئارزۇسىدا بولىدۇ. ئۇ، ئوبدان ئويلانغاندىن كېيىن، ئىسمائىل ھاجىغا ئۆزىنى تونۇشتۇرىدۇ. ئىسمائىل ھاجى ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، ئەسلىدە بۇرھاننىڭ ئۆزىنى تەكلىپ قىلىش نىيىتى بارلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرھال سودىلىشىپ، بۇرھاننى 20 رۇبلى ئايلىق بىلەن دۇكان خىزمەتچىلىكىگە ياللايدۇ. ئىسمائىل ھاجىنىڭ باش دۇكىنى شەمەيدە ئىكەن، بۇرھان ھازىرچە شەمەيگە بېرىپ ئىشلىگەچ بىر مەزگىل ئۆگىنىدۇ.

بۇرھان 1912 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «تىيەنشىڭ ياڭخاڭ» ناملىق سودا دۇكىنىدا ئىشلەشكە ئەۋەتىلىدۇ. دېمەك، ئاخىر ۋەتىنىگە قايتىپ

كېلىدۇ. ئۇ، 1914 - يىلى شۇ چاغدىكى گومىن ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس قىلىپ، جۇڭگو تەۋەلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ؛ 1922 - يىلى ئاتا - ئانىسى ۋە ئىككى سىڭلىسىنىمۇ ئۈرۈمچىگە ئەكەلدۈۋىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن ئائىلە ئاخىر كونا يۇرتىدا جەم بولۇپ ئولتۇراقلىشىدۇ. لېكىن، كونا يۇرتىنى كېچە - كۈندۈز سېغىنىپ كەلگەن بوۋىسىنىڭ شۇ كۈنگىچە ياشىيالمىغانلىقىغا بۇرھاننىڭ ۋە پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولىدۇ.

## «يېڭى دەۋردىكى تۇنجى ئۆلكە رەئىسلىكىنى كۈتۈۋېلىش»

بۇرھان: «تىيەنشىنىڭ ياڭخاڭ — مېنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىم» دەيتتى. ئۇ، تىيەنشىنىڭ ياڭخاڭدا توپتوغرا 12 يىل دۇكان خىزمەتچىسى بولۇپ ئۆتكەن. بۇ جەرياندا ئۇ، روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدە يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك زۇلمى ۋە ئېكسپلاتاتسىيىسىنى، بىر قاتار تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەر ئارقىلىق تىيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا خالىغانچە تىجارەت قىلىپ باج تاپشۇرمىغانلىقىنى، شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىدە «سودا تورلىرى» نى قۇرۇپ، تىيەنشىن ۋە شاڭخەيلەردىكى كونسېسسىيەلەرگە ئوخشاش، بۇ تورلاردىكى ھەر قانداق ئىشقا جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويمىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. شۇنىڭدەك، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە



ۋە فېئوداللىزمغا قارشى ھەققانىي كۈرەشلەر ئېلىپ بارغانلىقىنىمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى دۇدۇسى ياڭ زېڭشىننىڭ دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى تۆمۈر ۋە ئەمەتلەرنى قانداق ۋەھشىيلىك بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكىنى بۇرھان ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمىغان.

بۇرھان 1922 - يىلى سودا ساھەسىدىن ئايرىلىپ، سىياسىي ساھەدىكى ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ، بۇرھاننىڭ ھاياتىدا مۇھىم بىر بۇرۇلۇش، ئەمما تاسادىپىي بىر پۇرسەت بولغان. شۇ چاغدىكى شىنجاڭ دائىرىلىرى ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردا تاموژنا بېجى تەسىس قىلىشنى قارار قىلغان. لېكىن، تاموژنا قۇرۇلۇشى بىلەنلا، خەنزۇ، ئۇيغۇر، رۇس تىل - يېزىقلىرىنى پىششىق بىلىدىغان خادىملارغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان. بۇرھاننىڭ بىر ئاغىنىسىنىڭ دادىسى دەل شۇ چاغدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ئىكەن، بۇ نازىر ئوغلىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بۇرھاننى ھۆكۈمەتنىڭ تاموژنا قۇرۇۋېلىشىغا ياردەملىشىشكە تەكلىپ قىلغان، ئاندىن بۇرھاننى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ تاموژنا بېجى تەپتىشلىكىگە تەيىنلىگەن.

بۇرھان شىنجاڭدا ئۆتكەن 50 يىللىق ئۆمرىدە ۋەتىنىنىڭ غەربىي شىمالىدا مەملىكەت زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان 1 مىليون 600 نەچچە مىڭ كۋادرات كىلومېترلىق بۇ تۇپراقتا ئۆز ئىزىنى قالدۇردى. ئۇ، 20 - يىللاردا، تىيەنشىنىڭ ياڭخاڭ ۋە تاموژنا بېجى خىزمىتىدىن كېيىن، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى

ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتىنى قۇرۇپ، ئۆزى زاۋۇت باشلىقى ۋە قوشۇمچە شوپۇرلۇق مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولغان. 30 - يىللاردا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىلانلاش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گومىن ھۆكۈمىتىنىڭ زايساندا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولغان؛ 40 - يىللاردا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، گومىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى ۋە شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە رەئىسى بولغان. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ماۋجۇشى ۋە جۇ ئېنلەي زۇڭلى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەش شاھادەتنامىسىگە شەخسەن ئىمزا قويۇپ، بۇرھان شەھىدىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. بۇرھان شەھىدى ئۆزىنىڭ «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» ناملىق ئەسىرىدە، قىزىقارلىق قىلىپ: تارىخ ماڭا شىنجاڭدا ھەم كونا دەۋرنى ئۇزاتقان ئەڭ ئاخىرقى ئۆلكە رەئىسى، ھەم يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋالغان تۇنجى ئۆلكە رەئىسى بولۇشتەك رولنى يۈكلىدى، دەپ يازغان.

## «ھۆرمەت بىلەن يوللايمەن سىزگە سالام ئۇلۇغ داھىي ماۋجۇشى»

ياڭ زېڭشىڭ ۋە جىن شۇرېنلاردىن كېيىنكى «شىنجاڭ خانى شېڭ شىسەي» بۇرھان شەھىدىنى 1938 - يىل ئەتىيازدىن 1944 - يىل قىشقىچە يەتتە يىلچە قامىغان.



بۇرھان تۈرمىدە بولدى دېگۈچە قىيىن - قىستاققا ئېلىنىپ، ئۆلگىلى تاس قالغان، شېڭ شىسەي ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئىككى قېتىم ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بەزى تاسادىپىي سەۋەبلەر بىلەن ۋۇجۇدقا چىقماي قالغان. بىراق، ئۇنىڭ بىر سىڭلىسىنىڭ ئېرى ۋە ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن بىر جىيەنى تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتكەن. تۈرمىدە ئۇنىڭ بەزى قەدىناس دوستلىرى، مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر زاتلارمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. تۈرمىدە ئۇنىڭ قەلبى غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان. ئۇ، ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەشكە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، تولۇپ تاشقان ھاياجانلىق ھېسسىياتى بىلەن «ھۆرمەت بىلەن يوللايمەن سىزگە سالام ئۇلۇغ داھىي ماۋجۇشى» دېگەن تېمىدا ئۇيغۇرچە بىر كۇپلېت شېئىر يازغان. شېئىرنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ئاچتىڭىز ھەقىقەت، ئازادلىق، ئەركىنلىك،
ئەمگەك، بەخت سائادەت يولىنى،
تىترەيدۇ دۈشمەن ئالدىڭىزدا،
ئىنسانىيەت شادىمان!

مەن بىر يۇلتۇز پارقىرىغۇچى سىزدىن ئالغان نۇر بىلەن،
كۆرەشكۈچى يولىڭىز ئۈچۈن، سەممىي ساپ ئاڭ بىلەن.

بولسىمۇ كۈچلۈك شىۋىرغانى،
يامغۇرى ھەم قار بورانى،

هېچقايسىمۇ ئۆچۈرەلمەيدۇ،
ياققان چىن مۇھەببەت ئوتىنى!

بۇرھان بالا ۋاقتىدىلا دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتقان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، ئۇنىڭدا ئەمەلدارلار، بايلارغا ۋە كونا تۈزۈمگە قارشى ئىدىيە پەيدا بولغان، شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئارزۇسى تۇغۇلغان. لېكىن، ئۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى قالاق، يوللىرى توسۇق بولغاچقا، ۋەتەنىنىڭ ئىچكى جايلىرىدا جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ قۇرۇلغانلىقى، ئاممىۋى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىدىن، شىنجاڭدىكى نۇرغۇن ۋەتەنپەرۋەر ياشلارغا ئوخشاشلا، ئاساسەن خەۋەرسىز قالغان. شۇڭا، ئۇ، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلچە پۈتۈنلەي زۇلمەت ئىچىدە تېنەپ ئۆتكەن. ئۇ، 20 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 30 - يىللارنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيىگە سۈرگۈن قىلىنىپ، ماركسىزم بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىغان؛ كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىدىن كۆپ قېتىم ئۆتۈپ، ئۇ يەردە ئىشسىزلىق يوقلۇقىنى، باي - كەمبەغەللىكنىڭ زور پەرقى يوقلۇقىنى؛ ئادەملەرنىڭ جاسارەت بىلەن ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقى ۋە يىلدىن - يىلغا ئىلگىرىلەۋاتقان ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشلارنى، خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇشى ئانچە باياشات بولمىسىمۇ، ئەمما مەنىۋى قىياپىتى كۆتۈرەڭگۈ ئىكەنلىكىنى؛ ئادەملەر مۇناسىۋىتىنىڭ باراۋەرلىك ۋە دوستلۇقتا ئۆتۈۋاتقانلىقىنى



كۆرگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن سوتسىيالىزمغا نىسبەتەن قەتئىي ۋە كۈچلۈك ئىنتىلىدىغان بىر خىل خاھىش تەدرىجىي بىخ ئۇرۇپ چىققان. ئۇ دائىم: بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە، مېنىڭ يۇرتۇم شىنجاڭدا قاچانمۇ ئاشۇنداق تۈزۈم بەرپا قىلىنار؟ دەپ ھاياجانلىق بىلەن ئويلايدىغان بولغان.

بۇرھان 1933 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىنقىلابىي تەشكىلاتقا قاتناشقان، ئۇزاق ئۆتمەي شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ مەخپىي ئىنقىلابىي كۈرەش بىلەن شۇغۇللانغان. 30 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىلا شىنجاڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەخپىي پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇرھان ئەڭ دەسلەپ كومپارتىيە ئەزاسى يۇ شيۇسۇڭ بىلەن ئۇچراشقان. بۇ كىشى ئىسمىنى ۋاڭ شۇچېڭغا ئۆزگەرتكەن، كېيىن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. يولداش يۇ شيۇسۇڭنىڭ ئاشكارا سالاھىيىتى شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى خەلق بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقلىقى ئىكەن، بۇرھان مەشھۇر بىرلەشمىدە خەلق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر ئىلغار تەشكىلات (خەلق بىرلەشمىسى) بار بولۇپ، بۇرھان ئۇنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ھەتتا بىر مەزگىل مۇۋەققەت ۋەييۈەنجاڭى بولغان. بۇرھان يۇ شيۇسۇڭ بىلەن خىزمەتتە ناھايىتى ئوبدان ماسلاشقان، مۇناسىۋىتىمۇ كۈندىن - كۈنگە ياخشى ئۆتكەن. بۇرھان بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەپ تەرىپلەيدۇ: مەن ئۈچۈن ئەڭ ئۇنتۇلماس بولغىنى شۇ ئىدىكي، ئۇ ماڭا دائىم جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت-
لىرىنى، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ پائالىيەتلىرىنى ۋە ئۇ
رەھبەرلىك قىلغان ئۇزۇن سەپەرنى، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ
ئىستىقبالىنى سۆزلەپ بېرەتتى. كېيىن مېنىڭ شىڭ شى-
سەي تۈرمىسىدە ماۋجۇشىنى مەدھىيىلەپ شېئىر يازغانلى-
قىمنى يولداش يۈ شيۇسۇڭنىڭ ماڭا ماۋجۇشىنىڭ جۇڭگو
ئىنقىلابىغا قوشقان تۆھپىسىنى تونۇشتۇرۇپ بەرگەنلىكىدىن
ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ... كوممۇنىستلار شىنجاڭدا
ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلىدى. ئۇلار پاك، ئادىل
بولۇپ، ئۆز مەنپەئەتىدىن كېچىپ، باشقىلار ئۈچۈن
ئىشلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىگە
سازاۋەر بولدى.... چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، يۈشيۇسۇڭ
قاتارلىق نۇرغۇن ۋەتەنپەرۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى
ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش
قىلىپ، ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى
قۇربان قىلدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇلارنى
مەڭگۈ ئەسلەيدۇ.

## «ئەڭ شانلىق بىر سەھىپە»

1949 - يىلى 1 - ئايدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى
ھۆكۈمىتىنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى ھۆكۈمرانلىقى گۇمران
بولۇش ئالدىدا، بۇرھان شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى
بولدى. ئۇ، 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۆلكە رەئىسلىك
سالاھىيىتى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا كىرگەن-



دە، ئىنتايىن ھاياجانلاندى. ئۇ، مەن ھەرقايسى ساھە-
دىكى زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە تىرىشچانلىق
كۆرسىتىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقىنى ئىشقا
ئاشۇرۇپ، زۇلمەتلىك دەۋرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۆلكە رەئىسى
شۇنىڭ بىلەن بىللە پارلاق يېڭى دەۋرنىڭ بىرىنچى
ئۆلكە رەئىسى بولالارمەنمۇ؟ دېگەن مەسىلىنى تەكرار
ئويلىنىدۇ.

ئۇ، مەخپىي تەشكىلاتلار يەتكۈزۈپ بەرگەن ئازادلىق
ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىرىگە دائىر خەۋەرلەردىن شىنجاڭدا
تاڭ نۇرىنىڭ كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس
قىلىدۇ. ئۇ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەقىقەتكە قايتىش ئىشىنى
پىلانلاشقا كىرىشىدۇ. شۇ كۈنلەردە ئۇ، ھەر كۈنى دېگۈدەك
كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەيدۇ؛ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى
جاھانگىر ئۇنسۇرلار ۋە ئەكسىيەتچى فېئودال كاتىباشلارنىڭ
شىنجاڭنى ۋەتەن قوينىدىن بۆلۈپ ئەچىقىپ كېتىش سەپ-
سەتىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، ماقالە يېزىپ، ئوتتۇق سۆزلەپ،
كەسكىن تەنقىد قىلىدۇ. ئۇ، مۇنداق دەپ تەكىتلىگەن: «شىنجاڭ
ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان جۇڭگونىڭ بىر
تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلمەكتە. شىنجاڭ بىر مىللەتنىڭ
شىنجاڭى ئەمەس، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ شىنجاڭى»،
«شىنجاڭ مەڭگۈ جۇڭگونىڭ مۇقەددەس زېمىنى بولۇپ قالىدۇ»،
«ھەرقانداق دۆلەت ۋە ھەر قانداق كىشىنىڭ شىنجاڭنى
ۋەتەنىنىڭ قوينىدىن ئايرىپ ئاچىقىپ كېتىش سۇيىقەستى
نومۇسسىزلىق بىلەن قىلىنغان بىكار ئاۋارىچىلىق». ئۇ،

ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ مەخپىي تەشكىلاتلىرى بىلەن پائال ئالاقە باغلاپ، ئۇلارغا مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى كۆپلەپ بېسىشى ۋە تارقىتىشى، جامائەت پىكرى ھۇجۇمىنى قانات يايدۇرۇشىنى قوللىغان. ئۇ يەنە، ئېلى، تارباغاتاي، ئالتاينى مەركەز قىلغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەنمۇ ئالاقە باغلىغان. 1946 - يىلى ئۇ شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. ئۇ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق 100 مىڭ ئەسكەر ۋە ئوفىتسېرنى قولغا كەلتۈرۈپ، تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش ئىشىنى ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىچىدە نەق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، غەربىي شىمال جاڭگۇەن مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن جاڭگۇەنى، شىنجاڭ گارنىزون شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى تاۋ سىيۆ جياڭجۈن بىلەن، ئاۋۋال كىشى ئەۋەتىپ، كېيىن ئۆزى بىۋاستە بېرىپ، مەخپىي سۆھبەتلەشكەن. ئۇ، پۇل مۇئامىلىسى جەھەتتە نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈش ئۈچۈن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تارقاتقان ساختا ئالتۇن پۇلنىڭ شىنجاڭدا يامراپ كېتىشىنى توسۇپ، شىنجاڭ دائىرىسىدىلا ئاقىدىغان كۈمۈش پۇل تارقىتىشنى تەشەببۇس قىلغان ۋە ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. ئۇ يەنە، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى نامىدىن بايانات ئېلان قىلىپ، مەركىزىي بانكىنىڭ قومۇلغا ئايروپىلان بىلەن توشۇپ ئەكەلگەن نۇرغۇن ئالتۇن پۇلنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغان ۋە شىنجاڭنىڭ سودا - سانائەت ساھەسىدە ئالتۇن پۇلنى رەت قىلىش ھەرىكىتى



قوزغىغان. بۇ تەدبىرلەر بازارنىڭ مۇقىملىقىنى زور دەرىجىدە قوغداپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

ئىنقىلابىي ۋەزىيەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى بىلەن، شىنجاڭدىكى ھەر خىل ئەكسىيەتچى كۈچلەر خوجايىنلىرىنىڭ كۈشكۈرتىشى ئاستىدا، تىل بىرىكتۈرۈشنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈپ، باش قېتىمچىلىقىدا بىر بىرى بىلەن ھايۋانلارچە سوقۇشقان. ئۇلار ھەقىقەتكە قايتقۇچى قىسىملار ئارىسىدا ھەدەپ ئىغۋا تارقىتىپ، ئۇلارنى ۋەسۋەسىگە سالغان. ھەتتا ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ بەزى كاتتىباشلىرى قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈش قەستىدە بولغان. توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغان ئۇنسۇرلار زەمبىرەكنىڭ ئاغزىنى بىر نەچچە قېتىم بۇرھاننىڭ ئائىلىسىگە قاراتقان. بۇرھان بولسا، ھايات - ماماتلىقنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئۇلارغا قارشى جاسارەت ۋە پاراسەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، تۈرلۈك سۇيىقەستلەرنى مەغلۇپ قىلغان.

9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە ھەربىيلەر ئىچىدە ھەقىقەتكە قايتىشنى ھىمايە قىلىش بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرۇش كۈرىشى جىددىيلىشىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن پەيتتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى يولداش دېڭ لىچۈننى ئالاقە باغلىغۇچىلىققا تەيىنلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېلى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە مەخپىي ئەۋەتىشنى قارار قىلىدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يولداش دېڭ لىچۈنگە تۇرار جاي راسلاپ قويغانىدى. لېكىن، خىزمەتتىكى ئوڭايلىق ھەم ئۇنىڭ خەۋپسىزلىكى ئۈچۈن،

رەئىس بۇرھان يولداش دېڭ لىچۈەننى ئايرودرومدىن ئۇدۇل ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ ئىككىيلەن خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ناھايىتى ئىناق ئۆتكەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى يولداش دېڭ لىچۈەن بىلەن مەسلىھەتلەشىش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان. بۇرھان 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يولداش دېڭ لىچۈەن ئارقىلىق ماۋجۇشىغا بىر تېلېگرامما ئەۋەتىدۇ. بۇ تېلېگراممىنىڭ سۆزلىرى ھەقىقەتكە قايتىشقا باغلانغان ئىرادە ۋە خەلق ئازادلىق ئىشىنىڭ ئاخىرى غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا بولغان خۇشاللىق بىلەن تولغان. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئازادلىق ئارمىيىنىڭ خەلق ئازادلىقى يولىدىكى ئۇلۇغۋار ئىشىنى غەلىبىلىك ئورۇندىغانلىقىنى چەكسىز خۇشال - خۇراملىق بىلەن تەبرىكلەيمەن.»، «بىز قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش قارارىغا كەلدۇق. پارتىيىڭىز رەھبەرلىك قىلغان پۈتكۈل جۇڭگونى ئازاد قىلىش ئىشىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، بارلىق كۈچىمىز بىلەن ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى يوقىتىپ، رەھبەرلىكىڭىزنى قوبۇل قىلىپ، ھەممە بۆلۈك - پۇچقاقلاردا ئورتاق يېڭى ھاياتنى تەبرىكلەشكە ھازىرلىق كۆرمەكتىمىز.»

ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ماۋجۇشىدىن جاۋاب تېلېگرامما كېلىدۇ:

«تېلېگراممىڭىزدىن ۋاقىپ بولدۇم، ھەممىڭىزدىن ئىنتايىن تەسىرلەندىم. شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى



رەئىس جانابىڭىزنىڭ كۈچ چىقىرىشىڭىزغا باغلىق. ھەرقايسى تەرەپتىكى ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ، پۈتكۈل شىنجاڭنى ئازاد قىلىش يولىدا كۆرەش قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.»

ماۋجۇشىنىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بۇرھان ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ، تېخىمۇ ھەسسىلەپ تىرىشىپ ئىشلەيدۇ. ئۇ، يولداش دېڭ لىچۈەننىڭ ياردىمىدە تاۋ سىيۆ جياڭجۈن بىلەن زىچ ماسلىشىپ، تۈرلۈك سۇيىقەست ۋە بۇزغۇنچىلىقلارنى ئەتراپلىق ۋە كەسكىن مەغلۇپ قىلىپ، بارلىق توسالغۇلارنى يوقىتىپ، ئاخىرى ھەقىقەتكە قايتىش شارائىتىنى ھازىرلايدۇ. بۇرھان بىلەن تاۋ سىيۆ جياڭجۈن 100 مىڭ ئەسكەر ۋە ئوفىتسېرگە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرىغا ۋەكالىتەن 9 - ئاينىڭ 25 - ۋە 26 - كۈنلىرى ئومۇمىي تېلېگرامما بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلايدۇ. بۇ خەۋەر پۈتۈن ئۈرۈمچىگە تارقىلىپ، شەھەرنىڭ ھەممە يېرى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمىدۇ، ھەممە كوچىلارغا خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىلغان رەڭلىك شوئارلار چاپلىنىدۇ. ھەر ساھەدىكى زاتلار ئۆزلۈكىدىن تەبرىكلەش قوشۇنلىرى ئۇيۇشتۇرىدۇ، داقا - دۇمباقلارنى ياڭرىتىدۇ. قىزىل بايراقلار لەپىلدەيدۇ. ئەتىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا شەھەر بويىچە تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئازاپ - ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆتكەن شىنجاڭدا قاراڭغۇ -

زۇلمەتكە خاتىمە بېرىلىپ، يورۇقلۇق باشلىنىدۇ. جەبرى جاپا تارتقان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى يېڭى ھاياتقا ئېرىشىدۇ. شۇ تەرىقىدە، بۇرھانىنىڭ بىرقانچە ئون يىل جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ كەلگەن غايىسى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشىدۇ. كونا جەمئىيەتتە تازا جاپا تارتقان، كۆزىدىن ئاسانلىقچە ياش چىقمايدىغان بۇ جەڭچى پايانسىز كۆك ئاسمانغا قاراپ كۆزىدىن تارام - تارام ياش ئاققۇزىدۇ.

شۇ يىلى 10 - ئايدا، ۋاڭ جېن جياڭجۈن قوشۇننى باشلاپ شىنجاڭغا كىرىپ، بۇرھانىنىڭ ھەققانىي ئىشىنى ماختايدۇ. ئۇ، بۇرھانغا: سىز تاۋ سىيۈ جياڭجۈن بىلەن كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، خەلقنى ئەمىن قىلدىڭىز، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش يولىدا مەسئۇلىيىتىڭىزنى تولۇق ئادا قىلدىڭىز. ۋەتەن زېمىنىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى كاپالەتلەندۈرۈشتە كۆرسەتكەن خىزمىتىڭىز تارىخ سەھىپىسىدە ئورۇن ئالىدۇ، دېگەن. ئۇ، ئۆتكەن يىلى بۇرھان ۋاپات بولغاندا، «يولداش بۇرھاننى ئەسلەيمەن» دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىپ: «شۇ قېتىمقى ھەققانىي ھەرىكەت — يولداش بۇرھاننىڭ ئۆز ھاياتىدا ئىنقىلاب ئۈچۈن قوشقان نۇرغۇن تۆھپىلىرى ئىچىدە ئەڭ شانلىق بىر سەھىپە» دەپ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن مۇئەييەنلەشتۈردى.

شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا (1949 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى) ۋاڭ جېن جياڭجۈن ۋە يولداش شۇ لىچىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشى ھەمدە ئۇلارنىڭ مەركەزگە مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىشى بىلەن، يولداش بۇرھان كاندىداتلىق



مۇددىتىنى ئۆتىمەيلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەسمىي ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ بارلىق خىزمىتى، ھەتتا پۈتۈن ھاياتى پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن بىۋاستە چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتتى. ئۇ، مەدەنىيەتلىك، ئىتتىپاقلاشقان، باي ۋە گۈللەنگەن يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن، كۈچىنى ئايىماي، تېخىمۇ ئاكتىپلىق ۋە جاسارەتلىك بىلەن تىرىشىپ ئىشلىدى.

1950 - يىلى 5 - ئايدا بۇرھان بېيجىڭغا بېرىپ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئىككىنچى سانلىق يىغىنىغا قاتناشقاندا، ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك ماۋ زېدۇڭنى كۆرۈش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى. ئۇ يېڭى جۇڭگونىڭ پايتەختىگە تۇنجى قېتىم ئاياغ بېسىپ كىرگەندە، جۇ زۇڭلى، جۇ زۇڭسىلىڭ، لىن بوچۇ، ئۇلەنفۇ قاتارلىق يولداشلار ئۇنى تۇرار جايىغا بېرىپ يوقلىدى. يىغىن ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە، ئۇ تەكلىپ بويىچە ماۋجۇشى، ليۇ شاۋچى فۇجۇشى، جۇ زۇڭلى، جۇ زۇڭسىلىڭلار بىلەن بىر جوزىدا ئولتۇردى. ئۇ، ماۋجۇشى بىلەن كۆرۈشكەندە، ماۋجۇشىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ماۋجۇشى ئۇنىڭغا: سىز پارتىيە ئۈچۈن، ئىنقىلاب ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن نۇرغۇن مەخپىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدىڭىز. سىزنىڭ ئىنقىلابقا قوشقان تۆھپىڭىزنى پارتىيە چۈشىنىدۇ، دېدى ۋە ئۇنى شىنجاڭنىڭ تىنچ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ

ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ خىزمەت ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇردى. ئۇ يەنە، تەكلىپ بويىچە ماۋجۇشىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدى ۋە ماۋجۇشىنىڭ كۆپ قېتىم قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

بۇرھان شۇ يىلى بېيجىڭغا يۆتكەپ ئاپىرىلغاندى. ئۇ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە ئىشلىدى. بۇرھاننىڭ ماۋزېدۇڭ، جۇ ئېنلەي قاتارلىق پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىغا بولغان ھۆرمەت - ھېسسىياتى باشتىن ئاياغ بىر خىل بولۇپ كەلدى. ئۇ، 1981 - يىلى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «بەختلىك ئەسلەش» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازدى: «ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىگىنىمدە، ماۋجۇشى، جۇزۇڭلى قاتارلىق پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمەن. ئۇلارنىڭ ئىرشاتلىقى ۋە رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز بەلكىم تېخىمۇ كۆپ ئەگرى - توقايلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولاتتى. ئۇلارنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى ئۈچۈن ۋە جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۆچمەستۇر. ئەلۋەتتە، مۇكەممەل ئادەم، ساپ ئالتۇن بولمايدۇ. كەمچىلىك ۋە خاتالىقلاردىن ھامان ساقلانغىلى بولمايدۇ. 6 - ئومۇمىي



يىغىن، دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى زور تارىخىي مەسىلىلەرگە، ماۋجۇشىنىڭ خىزمىتى ۋە خاتالىقىغا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا باھا بەردى. بۇ — پارتىيىمىز بويىچە زور ۋەقە بولۇپ، 80 ياشتىن ھالقىغان مەندەك بىر پارتىيە ئەزاسىنىمۇ ئىنتايىن خۇشال قىلدى.»

1985 - يىل 10 - ئايدا بۇرھان تاۋسىيۇ بىلەن مەركىزىي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، ۋاڭ جېن ئۆمەك باشلىقى بولۇپ شىنجاڭغا كېلىپ، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىللە، يېڭى جۇڭگونىڭ 36 يىللىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلىدى. بۇرھان ئاقساقال ئۇلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا شىنجاڭدا تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي ۋەقە ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان، شىنجاڭدا ئۆتكەن گومىنداڭ ھەربىي - سىياسىي ئەمەلدارلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى مەدھىيىلىنىدىغان دراما «تارىخىي تۆھپە ۋە جىنايەت» نى كۆردى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندا، رەھبەرلەر سەھنىگە چىقىپ، ئارتىسلارنىڭ درامىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ چىققانلىقىنى تەبرىكلىدى، بۇرھان درامىدا ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان ئارتىس بىلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، تىياتىرنىڭ ئىچى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدى.

## جۇڭگونىڭ ئىسلام ئىشلىرىغا تۆھپە قوشۇش

ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا كىرگىنىگە 1300 يىلدىن ئاشتى. ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئائىلىسىدە، خۇيزۇ،

ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، تاتار، سالا، دۇڭشياڭ ۋە باۋئەن قاتارلىق ئون مىللەت بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئېلىمىزدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بىر ئىسلام تەشكىلاتى بولۇشىنى ئارزۇ قىلغانىدى. بۇرھان شەھىدى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئىنتايىن قەدىرلەپ، سەيپىدىن ئەزىزى، دافۇسىڭ، ماجەن، ياڭ جىڭرېن، مايۈكۈي قاتارلىق ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەربابلار بىلەن پائال ئالاقە باغلاپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشنى تەشەببۇس قىلدى ۋە ئۆزى تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى بولدى. 1953 - يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەسمىي قۇرۇلدى، بىرىنچى نۆۋەتلىك مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيىدا ئۇ جەمئىيەتنىڭ تۇنجى مۇدىرى بولۇپ سايلاندى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە 2 - ۋە 3 - نۆۋەتلىك مۇدىر بولۇپ سايلاندى. 1980 - يىلى 86 ياشلىق بۇرھان شەھىدى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پەخرى مۇدىرى بولۇپ سايلاندى ۋە بۇ خىزمەتنى 1989 - يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئىشلەپ كەلدى.

بۇرھان شەھىدى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە 40 يىلغا يېقىن رەھبەرلىك قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىسلام ئىشلىرىغا جۇڭگودىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى قىزغىن سۆيىدىغان سەممىمىي قەلبى، قەتئىي تەۋرەنمەس ئىشەنچى ۋە ئېگىلمەس - سۇنماس جاسارىتى بىلەن غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشتى. بۇرھان شەھىدىنىڭ پائال پىلانلىشى ۋە رەھبەرلىك قىلىشى بىلەن، 1958 - يىلى جۇڭگو



ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى ئورنى — ئومۇمىي كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق، ئەرەب ئۇسلۇبىغا ئىگە، باغ-ۋارانلىق چوڭ بىنا بېيجىڭنىڭ مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان نيۇجېي كوچىسىدا قەد كۆتۈردى. بۇ بىنادا مەسچىت، كۇتۇپخانا، قىرائەتخانىلار بار بولۇپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ پائالىيەت مەركىزى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى مۇسۇلمان دوستلارنىڭ كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان، ئىلىم ئالماشتۇرىدىغان ئورنى بولۇپ قالدى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ئۈزلۈكسىز يول ئېچىپ راۋاجلاندى. بۇ جەمئىيەت ھازىرغا قەدەر مەملىكەت بويىچە جەمئىي 20 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىتنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ياردەملەشتى، بۇ مەسچىتلەردە شۇ ئەتراپتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى كۆڭۈل ئازادىلىك بىلەن ناماز ئوقۇشىدۇ ۋە ھېيت - بايرام پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزىدۇ. ھازىر مەملىكەت بويىچە توققۇز ئورۇندا ئىسلام شۆبىيەنى قۇرۇلۇپ، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان، بىرقەدەر يۇقىرى دىنىي بىلىمگە ئىگە بىر تۈركۈم ياش ئاخۇنلار يېتىشتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مىسىر، لىۋىيە، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ بەزى مەشھۇر دارىلئۇلۇملىرىغا تۈركۈملەپ ئوقۇغۇچىلار ئەۋەتىلىپ، ئۇلارنىڭ بىلىملىرى ئاشۇرۇلدى. ئىسلام جەمئىيىتىدە يەنە، مەخسۇس تەتقىقات بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، ئىسلام ئىلمىي تەتقىقاتى كەڭ دائىرىدە قانات يايدۇرۇلدى؛ ئەرەب، ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدىكى «قۇرئان» نەشر قىلىنغاندىن باشقا، ئەرەب

تىلىدىكى «قۇرئاننىڭ قىسقىچە شەرھى»، «ھەدىس ئۈنچى-
لىرى»، «شەرئىيە شەرھى» ۋە خەنزۇ تىلىدىكى «بەيتۇللاغا
قىلىنغان سەپەر خاتىرىسى» قاتارلىق مۇقەددەس كىتابلار
ۋە تەرجىمە ئەسەرلەرمۇ نەشر قىلىنىپ، مىليون پارچىغا
يېقىن تارقىتىلدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئېلىمىزنىڭ يېڭى
دەۋردىكى ئىسلام ئىشلىرىغا ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا
خىزمەت قىلىدىغان خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر يېزىقلىرىدىكى
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» پەسىللىك ژۇرنىلى تۈزۈپ نەشر
قىلىنىپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

بۇرھان شەھىدى ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو مۇسۇل-
مانلىرىنىڭ ھەج قىلىش ئىشىنى ئەڭ دەسلەپ تەشەببۇس
قىلغۇچى ۋە تەشكىللىگۈچى بولدى. 1952 - يىلى جۇڭگو
ئىسلام جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ يىغىنى
ئېچىلغان چاغدىلا، ئۇ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىسلام
دىنىدىكىلەرنىڭ ھەج قىلىش ئۆمىكى» تەشكىل قىلىشنى
تەكلىپ قىلغانىدى. جاھانگىرلارنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى
بىلەن، 1953 - يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇش-
تۇرغان تۇنجى ھەج قىلىش ئۆمىكى مەككىگە ۋاقتىدا
يېتىپ بارالمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، كۆپ تەرەپلىمە
ئۇقۇشۇش، ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، 1955 - يىلى ئۇيۇش-
تۇرۇلغان 19 كىشىلىك ھەج قىلىش ئۆمىكى بېيجىڭدىن
يولغا چىقىپ، مەككىگە يېتىپ بېرىپ، ھەج قىلىش پەر-
زىنى تولۇق ئادا قىلدى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن
مىسىر، ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنى
زىيارەت قىلىپ، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى



قوزغىدى ھەم ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1956 - يىلى
بۇرھان شەھىدى 37 كىشىلىك ھەج قىلىش ئۆمىكىنى
باشلاپ مەككىگە ھەج قىلىشقا بېرىپ، ھەج تاۋاپ
قىلىشنى دىنىي قائىدە بويىچە تولۇق ئورۇندىغاندىن
تاشقىرى، مەدىنە ۋە قۇددۇس شەرىپتەك مۇقەددەس جاي-
لارغىمۇ بېرىپ، رەسۇلۇللانىڭ مەقبەرىسى ۋە مەشھۇر جامى
ئەقسالارنىمۇ تاۋاپ قىلدى.

ھەج قىلىش داۋامىدا، بۇرھان شەھىدى ھەرقايسى
ئەللەرنىڭ ھاجىلىرى بىلەن كەڭ ئۇچرىشىپ، يېڭى
جۇڭگونىڭ تىنچلىقپەرۋەر دىپلوماتىيە سىياسىتى، مىللىي
سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسىتىنى قىزغىن تەشۋىق قىلدى.
سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ شۇ چاغدىكى پادىشاھى سەئۇدى
ئىبىن ئابدۇلئەزىز بۇرھان شەھىدىنى ئۈچ قېتىم قوبۇل
قىلدى ۋە غۇسلى قىلىش مۇراسىمىغا بۇرھان شەھىدىنى
تەكلىپ قىلىپ بىللە قاتناشتى. بۇ، سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ
چەت ئەل دۆلەت باشلىقلىرى ياكى ھۆكۈمەت باشلىقلى-
رىغا قىلىدىغان ئەڭ ئالىي ئىھتىرامى ئىدى؛ بولۇپمۇ
جۇڭگو بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانى تېخى دىپلوماتىك
مۇناسىۋەت ئورناتمىغان شۇ چاغدىكى ئەھۋالدا، سەئۇدى
ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو ھەج قىلىش ئۆمىكىگە بىلدۈرگەن
ئىنتايىن دوستانە ئىپادىسى ھېسابلىناتتى. شۇنداقلا بۇ،
بۇرھان شەھىدىنىڭ شۇ ۋاقىتلاردا ئىسلام دۆلەتلىرىدە
يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى.

شۇ قېتىمقى ھەج قىلىشتىن كېيىن، بۇرھان شەھىدى
يەنە ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ، مىسىر، سۈرىيە، ئىئور-

دانىيە، لىۋان قاتارلىق ئىسلام دۆلەتلىرىنى زىيارەت قىلدى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى باشلىقلىرى ئابدۇلناسىر، قۇۋەتلى، ھۇسەيىنلەر بۇرھان شەھىدىنى سەمىمىي قوبۇل قىلدى. يېڭىلا ھەج قىلىپ قايتقان ھاجىلار بۇرھان شەھىدىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جاھانگىرلىكنىڭ ۋە ئىسرائىلىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى قاھىرەدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاممىۋى يىغىنغا قاتناشتى؛ بۇرھان شەھىدى يىغىندا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى مىسىر خەلقىنىڭ ھەققانىي كۈرىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قەتئىي قوللايدۇ» دەپ جاكارلىغاندا، پۈتكۈل يىغىن مەيدانى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى، يىغىنغا قاتنىشۋاتقان ئامما قىزغىنلىق بىلەن: «ياشىسۇن خەلق جۇڭگوسى!»، «ياشىسۇن سۆيۈملۈك جۇڭگو!» دەپ توۋلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە ئون يىلدا (قالايمىقانچىلىق بولغان ئون يىلدىن باشقا)، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەر يىلى ھەج قىلىش ئۆمىكى تەشكىللەپ مەككىگە ئەۋەتىپ تۇردى. ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشى بىلەن، ھەج قىلىپ كېلىشنى تەلەپ قىلغۇچى شەخسلەرمۇ ئۇشتۇمتۇت كۆپىيىپ، ھەر يىلى بىرنەچچە مىڭغا يەتتى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇلارنىڭ ھەج قىلىش پەرزىنى ئوڭۇشلۇق ئادا قىلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، 1986 ـ يىلدىن باشلاپ، بېيجىڭ، مەككە، مەدىنە قاتارلىق جايلاردا «ھەج قىلىش مۇلازىمىتى خىزمەت ئۆمىكى» تەشكىللەپ، ھەج قىلغۇچى شەخسلەرنىڭ چەت ئەلگە



چىقىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشى، باردى ـ كەلدى ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ھەج قىلىش داۋامىدىكى مۇلازىمەتلىرىگە مەخسۇس ياردەملەشتى.

بۇرھان شەھىدى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن ھەرقايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ دوستانە باردى ـ كەلدى ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇشىنىڭ ئاساسچىسى ۋە باشلامچىسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، ھەج قىلغاندىن تاشقىرى، كۆپ قېتىم ئۆزى بىۋاسىتە ئۆمەك باشلاپ ۋە نەچچە ئون قېتىم ئۆمەك تەشكىل قىلىپ، ئاسىيا ـ ئافرىقىدىكى ئەرەب ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنى دوستانە زىيارەت قىلدى، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ خەلقئارا تىنچلىق يىغىنى ۋە ئۆلىمايى يىغىنلىرىغا كۆپ قېتىم قاتناشتى. ئۇ، 1956 ـ يىلى جۇڭگو مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئۆمىكىنى باشلاپ تۆت ئاي سەپەر قىلىپ، مىسىر، سۇدان، ئېفىيوپىيە، سۇرىيە، لىۋان دۆلەتلىرىنى زىيارەت قىلىپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى ۋە كۈتۈۋېلىشلىرىغا ئېرىشتى: بۇ دۆلەتلەردە جەمئىي 54 قېتىم ئويۇن قويدى، ئۇنى 76 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم كۆردى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى يەنە، ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلام دۆلەتلىرىدىن كەلگەن زۇڭتۇڭ، زۇڭلى، كېڭەش باشلىقى قاتارلىق ئېزىز مېھمانلارنىڭ ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنى كۈتۈۋېلىشىغا، شۇنىڭدەك جەمئىيەت ئۆزى تەكلىپ قىلغان ئەرەب ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ جۇڭگونى دوستانە زىيارەت قىلغۇچى ئۆمەكلىرىنى كۈتۈۋېلىشقا ياردەملەشتى. بەزى مۇھىم پائالىيەتلەرنى بۇرھان شەھىدى

ھامان ئۆزى بىۋاسىتە سۈرۈشتۈرۈپ، ئۆزى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى: ئۇلارنىڭ كۆرۈشۈشكە تېگىشلىك كىشىلىرى بىلەن دائىم ئەڭ زور قىزغىنلىق بىلەن كۆرۈشتى. شۇنىڭدەك، كۆرۈشىدىغان مېھمانلارنىڭ سالاھىيىتىگە ۋە كۆز قارىشىغا ئاساسەن، ئۇلار بىلەن ئەسەرلەردىن نەقىل كەلتۈرگەن ھالدا سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشلىرىغا، مىللىي ۋە دىنىي سىياسەتلىرىگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. بۇ، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بىلەن دۇنيا خەلقى ۋە دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدا دوستانە مۇناسىۋەتنى قانات يايدۇرۇش ۋە كۈچەيتىشكە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بۇرھان شەھىدى بىر قېتىم ئالجىرىيە ئازادلىق فرونتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ چاغدا ئالجىرىيە جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراۋاتاتتى. ئىسلام دۆلەتلىرى خەلقىنىڭ ھەققانىي كۈرىشىنى قوللاش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەقسىتى ئىدى. بۇرھان شەھىدى جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى نامىدىن، ئالجىرىيە خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى، ئاخىرقى غەلىبىنىڭ چوقۇم ئالجىرىيە خەلقىگە مەنسۇپ بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ: ئالجىرىيىنىڭ ئىشى ھەققانىي ئىش، ھەققانىي ئىش چوقۇم ئاللانىڭ مەدىتىگە ئېرىشىدۇ، دېدى. ئۇ يەنە، قۇرئاندىن نەقىل كەلتۈرۈپ: «ئەگەر ئاللا سىزلەرگە مەدەت بەرسە، سىزلەرنى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ»



دېدى. ۋەكىللەر بۇرھان شەھىدىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن دىپلوماتىك قائىدىلەرگىمۇ قارىماي، ئارقىمۇ ئارقا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بۇرھان شەھىدى بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ھەتتا سەممىي قۇچاقلىشىپ كەتتى.

ئەرەب ۋە ئىسلام دۇنياسىدا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە دىنىي ئۆلىما، باش مۇپتى ئەخمەد مۇھەممەت زابارا ئاقساقال 1960 - يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەندە، بۇرھان شەھىدىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەنىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قويۇق ۋە سەمىمىي دوستلۇق ئورنىتىلدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە بېرىش - كېلىش 30 نەچچە يىلغىچە ئۈزۈلۈپ قالمىدى، 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق داۋامىدىمۇ زابارا ئاقساقال ئادەتتىكىدەك خەت يېزىپ بۇرھان ئاقساقالدىن ھال سوراپ تۇردى. زابارا ئاقساقال 1988 - يىلى جۇڭگوغا 8 - قېتىم زىيارەتكە كەلگەنىدى، بۇرھان ئاقساقالنىڭ ئۆيىدە 94 ياشلىق بوۋاي بىلەن 82 ياشلىق بوۋاي خۇشاللىق بىلەن كۆرۈشتى. زابارا ئاقساقال چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن: «جۇڭگو — مېنىڭ ئىككىنچى يۇرتۇم، مەن ھەر قېتىم جۇڭگودىن كەتكەندە، ئەڭ قىممەتلىك نەرسەم جۇڭگودا قېپقالىدۇ، ئۇ بولسىمۇ — مېنىڭ يۈرىكىم. چۈنكى، مېنىڭ يۈرىكىم سىزنىڭ يەنى ئەڭ ھۆرمەتلىك دوستۇم بۇرھاننىڭ ئىسمى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن.» دېگەنىدى. بۇرھان ئاقساقالمۇ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن: «سىزگە شۇنى

ئېيتايكى، جۇڭگو ھەقىقەتەن سىزنىڭ ئىككىنچى يۇرتىڭىز، بۇرھان شەھىدى مەڭگۈ سىزنىڭ سەمىمىي قېرىندىشىڭىز. سىزنىڭ جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئەرەب خەلقى ۋە ئەرەب مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىڭىزگە ئىنتايىن ھۆرمەت ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن»، دېدى. سۆھبەتتىن كېيىن، ئىككى ئاقساقال ئۇزاققىچە، قىزغىن قۇچاقلاشتى. بۇ قىزغىن كۆرۈنۈش كىشىنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ چىقمايدۇ.

## ئالىم ۋە شائىر

ئائىلىسىنىڭ كەمبەغەللىكىدىن، بۇرھان شەھىدى بالا ۋاقتىدا مۇنتىزىم تەربىيە ئالالمىغان. شۇڭا ئۇ، 12 يىللىق دۇكان خىزمەتچىسىلىك ھاياتىدا، پىداكارلىق بىلەن جاپاغا چىداپ ئۆگىنىپ، ئەرەب، رۇس، ئۇيغۇر، تۈرك، خەنزۇ، نېمىس تىل - يېزىقلىرىنى پەيدىنپەي ئۆزلەشتۈرۈۋالدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ كۆپلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ئىجتىمائىي پەن كىتابلىرىنى ئوقۇدى.

1929 - يىلى ئۇ، شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنى گېرمانىيىگە پالىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، بېرلىن داشۆسىنىڭ سىياسىي ئىقتىساد فاكۇلتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ، سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. ئۆگىنىش جەريانىدا ئۇ يەنە، ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى ئۆزلۈكىدىن سىستېمىلىق ئۆگەندى. بۇ بىلىملەر ئۇنىڭ كېيىنكى



ۋاقىتلاردا سىياسىي، دىپلوماتىك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشى ۋە بىلگەنلىرىنى بايان قىلىشىدا ناھايىتى ياخشى رول ئوينىدى.

ئۇ، شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ياتقاندا، كۆپ يىللار داۋامىدا توپلىغان بىلىمىنى ئىشقا سېلىپ، قەيسىرانە غەيرەت بىلەن بىرنەچچە يۈز بەتلىك «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە - رۇسچە لۇغەت» تۈزدى، يەنە سۇن جۇڭشەننىڭ «سەنمىنجۇيى» (ئۈچ مىللىي مەسلەك) ناملىق كىتابىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى.

ئۇ، ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭ شۆيۈەنگە ئىككى قېتىم يۈەنجاڭ بولغانىدى؛ ئازادلىقتىن كېيىن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەلسەپە — ئىجتىمائىي پەنلەر ئىلمىي بۆلۈمىنىڭ ئەزاسى، مىللەتلەر تىلى تەتقىقاتى ئورنىنىڭ باشلىقى، مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ئىلمىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. بۇرھان شەھىدى شىنجاڭنىڭ ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ تارىخىنىمۇ خېلى كۆپ تەتقىق قىلغان. شۇڭا ئۇ، ئىلىم ساھەسىدە ۋە جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن بەزى خاتا قاراشلارنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، 1952 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا «ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى توغرىسىدا» ۋە «يەنە ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى توغرىسىدا» دېگەن ئىككى كىتابچىنى يېزىپ نەشر قىلدۇرۇپ، XIX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى ئاخىرىدا ياقۇپبەگ قۇرغان «يەتتە شەھەر خانلىقى» ھاكىمىيىتىنىڭ ئەكسىيەتچىلىكىنى تەنقىد قىلدى، زو زوڭتاڭنىڭ

ياقۇپبەگ ھاكىمبەگلىكى يوقىتىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ماۋجۇشى بۇ ئەركىنى ئەسەرنى ناھايىتى قىزىققان ھالدا كۆرۈپ چىقىپ، تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. يولداش بۇرھاننىڭ سادىق كوممۇنىزم جەڭچىسى، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر بولۇپ يېتىشىشىنى ئۇنىڭ مول تارىخىي بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇ، 1962 - يىلى يازدا يۇرتىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەندە، قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى كىچىك بىر كەنتتە، 49 يىل مۇقەددەم شىنجاڭنىڭ دۇدۇسى ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن دەھشەتلىك ئۆلتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى رەھبىرى تۆمۈر خەلپىنىڭ ئوغلىنى زىيارەت قىلغانىدى. كېيىن قىزغىنلىق بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ، ئىنقىلابىي قۇربان ئەمەت تۆمۈرنىڭ تىللاردا داستان بولغۇدەك كۈرەش پائالىيەتلىرى ئاساسىي تېما قىلىنغان بەش پەردىلىك يىرىك دراما «يالقۇن تاغنىڭ غەزىپى» نى يازدى. بۇ دراما بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچىلەردە قويۇلۇپ، ياخشى باھاغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «مەكتەپ مۇدىرى ئەخمەت» ناملىق سەھنە ئەسىرى يازدى.

بۇرھان شەھىدى چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقىرىپ، قېرىپ مۈكچىيىپ قالسىمۇ، يەنىلا ئۇلۇغۋار ئىرادە تىكلەپ، كۈرەشنى توختاتمىدى. ئۇ، يېرىم ئەسىردىن بۇيان توپلىغان خاتىرىسى، كىتاب ۋە گېزىت - ژۇرناللىرىنى ئاختۇرۇپ كۆرۈپ، شىنجاڭنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردىكى تارىخىنى ئەسلەپ، خەنزۇچە خەت ھېسا-



بىدا 300 مىڭ خەت كېلىدىغان «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» ناملىق ئەسلىمىسىنى يازدى. دۆلىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جېن بۇنى كۆرۈپ قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئەسلىمىگە يېزىپ بەرگەن «سۆز بېشى» دا ئۇنى «يولداش بۇرھان شەھىدى 89 ياشقا كىرىپ، شۇنچە ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» ناملىق چوڭ ئەسلىمىنى ھارماي - تالماي ئىشلەشتەك روھ بىلەن پۈتتۈردى. بۇ — ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش، بۇ — ناھايىتى قىممەتلىك روھ» دەپ مەدھىيىلىدى. بۇرھان شەھىدىنىڭ يەنە «سىبىرىيە دېگەن ئىسىمنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «شىنجاڭنىڭ تارىخىدىكى بىرقانچە مەسىلە»، «فان ئىسلامىزم ۋە فان تۈركىزمنىڭ شىنجاڭدا راۋاج تېپىشى ۋە گۇمران بولۇشى»، «شېڭ شىسەي شىنجاڭدا»، «سۈن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش روھىنى ئۆگىنەيلى» ناملىق ئىلمىي ماقالىلىرى، ئىلمىي فانتازىيە رومانلىرى ۋە بەزى شېئىر، نەسرىي ئەسەرلىرى بار.

## «گۈل مەڭگۈ مەن بىلەن بىللە»

بۇرھان ئاقساقالنىڭ ھاياتى ئەگرى - توقايلىقتا ئۆتكەن ھايات. ئۇ ياشىغان 95 يىلنىڭ 15 يىلىنى تۈرمىدە ئۆتكۈزدى. ئەمما ئۇ، مەيلى قانچە زور ئۇۋالچىلىق تارتسۇن، قانداق جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇش كەچۈرسۇن، ھامان ئىنقىلابىي ئىشلارغا يۈكسەك ئىشەنچ بىلەن قاراپ كەلدى. ئۇ، ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى

پاراسەت ۋە قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلدى، مىنۇت ـ سېكۇنتنىمۇ قولدىن بەرمەي ئۆگەندى ۋە ئىجاد قىلدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئۇ، 10 يىللىقچە ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قالدى؛ ئۇ، قاماپ قويۇلغان ۋە 10 كۋادرات مېترمۇ كەلمەيدىغان قاراڭغۇ ئۆيدە، ھەسسىلەپ چوڭايتىپ كۆرسىتىدىغان لوپا ئەينەكنىڭ ياردىمى بىلەن ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى ئوقۇدى، يۇقىرى ئورۇنغا ئەرز يازدى، خاتىرە يازدى ۋە ئىلمىي فانتازىيە رومانلىرىنى يازدى. ئۇنىڭ كۆزىدە مەڭگۈ دېگۈدەك سۇلۇق نۇر (ياش) كۆرۈنمەيتتى، پەقەت ئوتلۇق نۇرلا بار ئىدى. ئۇ خېلى ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغان ۋاقىتلاردىمۇ، ئۇنىڭ بىر تامچە ياش ئاققۇزغىنىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ، ھامان ئالغا قارايتتى، مەڭگۈ يورۇقلۇق، ھەقىقەت ئىزدەيتتى، ئالغا بېسىشنى ئىزدەيتتى. تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيەتتى، ئەتىنى كۈتەتتى. ئۇنىڭ چېچى كۈمۈشتەك ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ھامان «گۈل مەن بىلەن بىللە» دېگەننى ئىپادىلىمەكچى بولغاندەك، چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرىدىغان گۈللۈك دوپپىسىدىن ئايرىلمايتتى. خۇددى بىر يازغۇچىنىڭ باھاسىدا ئېيتىلغاندەك: «ئۇ، شۇنداق بىر تاشقا ئوخشايدۇكى، تارىخنىڭ غەلۋىرى ھەرقانچە تاسقىسىمۇ، ئۇ ھامان يەنە تاللىنىپ چىقىپ، مۇۋاپىق ۋە پايدىلىق يول يۈزىگە ياتقۇزۇلىدۇ». ئۇ، ئۆزىنىڭ دۆلىتى، مىللىتى ۋە ئۇنى سۆيىدىغان ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشتى.

بۇرھان ئاقساقال يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇۋاتقان



بولسىمۇ، ئەمما دائىم كەمتەر ۋە مۇلايىم بولۇپ، كىشىلەرگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقانلىكى كىشىلەر ئۇنىڭ چىقىشقاق ئىكەنلىكىنى ماختىماي قالمايتتى. ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئادالەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان كىشىلەر بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ھېچكىمنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ تەنقىد قىلىپ باققان ۋە ھېچكىمگە خاتا مۇئامىلە قىلىپ باققان ئەمەس. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا ئۇنى «سوراق» قىلغان بىر كىشى 1980 ـ يىلى ئۇنى يوقلاپ كەلگەندە، ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ قارشى ئېلىپ، ئارقىسىمۇ ئارقا ئەھۋال سورىدى. «سوراقچى» بىلەن «جىنايەتچى» نىڭ قوللىرى چىڭ تۇتۇشتى.

بۇرھان ئاقساقال يولداشلارنىڭ تەلەپلىرىنىڭ ھەرقاندىقىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قاندۇراتتى. 1981 ـ يىلى مەلۇم بىر نەشرىيات «قۇرئاندىن تاللانمىلار» نىڭ تەرجىمىسىنى نەشر قىلىدىغان بولۇپ، بۇرھان ئاقساقالدىن كىتابنىڭ خەنزۇچە ئىسمىنى يېزىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، بۇرھان ئاقساقال بۇنىڭغا دەرھال ماقۇل بولۇپ، بىر كىشىنى ۋەكالىتەن قەلەم تەۋرىتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلماقچى بولغانىدى. ئەمما، مەزكۇر نەشرىيات ئەڭ ياخشىسى بۇرھان ئاقساقالنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىشىنى تەلەپ قىلدى. يېشى 90 گە بېرىپ قالغان، تولاراق ئۇيغۇرچە ۋە تۈركچە يېزىقتا خەت يېزىپ ئادەتلىنىپ قالغان، يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بىر پېشقەدەم ئالىمنىڭ خەنزۇچە كىتاب ئىسمى يېزىپ بېرىشنى

ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇۋېلىش ھەقىقەتەن ياشانغان بىر ئادەمنى تەڭلىكتە قالدۇراتتى. لېكىن، بۇرھان ئاقساقال بۇنى ئىنتايىن توغرا چۈشىنىپ، ئۆزى قەلەم تەۋرىتىپ يېزىپ بەردى. بەلكى ئارقىمۇ ئارقا تۆت نۇسخا يېزىپ، ھەممىسىگە قىزىل تامغىسىنى تۈپتۈز قىلىپ بېسىپ، ئۇلارنى نەشرىياتنىڭ تاللاپ ئىشلىتىشىگە بەردى.

بۇرھان ئاقساقالنىڭ ئالىي ۋە ساپ ئىدىيىۋى پەزىلىتى، پۈتۈن كۈچىنى ئايىماي تۆھپە يارىتىش روھى بىزنىڭ مەڭگۈ ئۆگىنىش ئۈلگىمىز.

بۇرھان شەھىدى 1989 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بىز بىلەن ۋىدالاشتى. 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى بېيجىڭدا ئۇنىڭ جەسىتى بىلەن ۋىدالىشىش يۈزىسىدىن تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈلدى. جياڭ زېمىن، لى پېڭ، لى شيەنيەن قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى بۇرھان شەھىدىنىڭ جەسىتى بىلەن ۋىدالاشتى. شۇ كۈنى چۈشتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، دۆلەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە بۇرھان ئاقساقالنىڭ رەپىقىسى، ئوغۇل - قىزلىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ باردى. 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتە ئۈرۈمچىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ۋە ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، بۇرھان ئاقساقالنىڭ جەسىتى بىلەن ۋىدالىشىش يۈزىسىدىن يەنە بىر قېتىم



تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈلدى. ۋىدالىشىش مۇراسىمىدىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىتى پۈتۈنلەي ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ - ئادىتى بويىچە دەپنە قىلىندى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى ياڭخاڭ مەسچىتىدە نامىزى چۈشۈرۈلۈپ، جىنازىنىڭ ئەتراپىنى مەشھۇر دامولىلار ئىگىلىدى. نامازغا قاتنىشىشقا ئىختىيارى بىلەن كەلگەن ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى مىڭدىن ئاشاتتى. ئۇلار ياڭخاڭ مەسچىتىنىڭ تاشقىرىقى زالىدىن تارتىپ مەسچىت سىرتىدىكى چوڭ يولغىچە رەت - رەت تىزىلىپ تۇردى. بۇرھان ئاقساقالنىڭ جىنازىسىنى مەسچىتتىن ئۇنىڭ ئوغۇل ۋە نەۋرىلىرى كۆتۈرۈپ چىققاندا، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى يۈگۈرۈپ كېلىپ تالىشىپ كۆتۈرۈپ، قەبرىستانلىققا ئېلىپ ماڭدى. بىرنەچچە چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، دەپنە رىياسەتچىسىنىڭ قايتا - قايتا نەسىھەت قىلىپ قايىل قىلىشى بىلەن، مۇسۇلمانلار ئاندىن جىنازىنى مېيىت ماشىنىسىغا سالدى. بىرنەچچە چاقىرىمغا سوزۇلغان مېيىت ئۇزىتىش قوشۇنى مېيىت ماشىنىسىنىڭ كەينىدىن سەل بولۇپ ماڭدى. بۇرھان ئاقساقالنىڭ جەسىتى ئۈرۈمچىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى. دەپنە قىلىنىشتىن ئىلگىرى يەنە ئىسلام دىنىنىڭ ئادىتى بويىچە قۇرئان ئوقۇلۇپ، دۇئا قىلىندى.

بۇرھان ئاقساقالنىڭ جەسىتىنى يۇرتىغا ئەكىلىپ دەپنە قىلىش ئۇنىڭ ئارزۇسى ئىدى، بۇ ئارزۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ماختىشىغا

ئېرىشتى. نۇرغۇن مۇسۇلمانلار: «مەركەزنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوغلىنى ئۆز يۇرتىغا ئەۋەتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئادىتى ۋە مىللىي ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە دەپنە قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەنلىكى — كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسىتىنىڭ يەنە بىر قېتىم جانلىق گەۋدىلىنىشى» دېيىشتى.

بۇرھان ئاقساقال ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى. «يولداش بۇرھانىنىڭ ھاياتى» ناملىق باياندا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «بۇرھان شەھىدى سادىق كوممۇنىزم جەڭچىسى، ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر، مەشھۇر جەمئىيەت ئەربابى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى ئىدى.» ئۇنىڭ «ھاياتى يورۇقلۇق، ھەقىقەت، تەرەققىيات ئىزدىگەن ھايات. ئۇ، جاپاغا چىداملىق، ئاددىي - ساددا، پاك - دىيانەتلىك، ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىدىغان، كىشىلەرگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى ۋە مىللىتىنى قىزغىن سۆيەتتى، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشىغا دائىم سادىق ئىدى». ئۇ «ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا پۈتۈن ھاياتىنى ئاتىدى.»

ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى بەزى ئىسلام ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، ئاقساقاللىرى ۋە مەشھۇر ئەربابلىرى، شۇنىڭدەك دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ مەسئۇللىرى ئارقا - ئارقىدىن تەزىيە تېلېگراممىلىرى



ئەۋەتىپ، بۇرھان ئاقساقالنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى، بۇرھان ئاقساقالنىڭ ئۆمۈر بويى كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى يۈكسەك دەرىجىدە ماختىدى. پاكىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئەكرەم زەكى جانابلىرى تەزىيە تېلېگراممىسىدا: «ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ نامى، ئۇنىڭ جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن ئۆمۈربويى جاپاغا چىداپ ئىشلىگەن ئۇلۇغ خىزمىتى بىزنىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ياشايدۇ»، دېدى.

* * *

بۇ ئەسلىمىنىڭ ئاپتورلىرى «جۇڭگو قۇرۇلۇشى» (كېيىن «بۈگۈنكى جۇڭگو» غا ئۆزگەرتىلگەن) ژۇرنىلىنىڭ ئەرەبچە بېتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن كىشىلەر بولۇپ، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر بىلەن ۋە بۇرھان ئاقساقال بىلەن كۆپ ئۇچرىشىپ تۇرغاچقا، بۇرھان ئاقساقالدىن ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر ئالغان.

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئى. ئەسقەرى**

# ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ھەققىدە ئەسلىمە

**ئابلىز مۇھەممەدى**

مەن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن 1928 - يىلدىن 1931 - يىلغا قەدەر سۈيدۈڭ ناھىيىسىنىڭ «نەمۇنە» ئۇسمىلىك باشلانغۇچ مەكتىپىدە بىر سىنىپتا ساۋاقداش بولغان. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ ئائىلىسى 1928 - يىلىنىڭ باشلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان رېسپۇبلىكىسىنىڭ قارا قول شەھىرىدىن جۇڭگو شىنجاڭغا كېلىپ، سۈيدۈڭ ناھىيىسىدە بىز بىلەن بىر مەھەللىدە قوشنا ئولتۇرىدىغان تاغىسى يۇنۇس چوڭ دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە تۇرغانىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن نەمۇنە مەكتەپتە 1 - يىللىقتىن 4 - يىللىققىچە بىللە ئوقۇدۇم. ئۇ مەكتەپتە ئۆتكۈر ۋە شوخ بالا دەپ تونۇلغانىدى. ئۇنىڭ ساۋاقداشلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى بولۇپ ناھايىتى ئەپ ئۆتەتتى. مۇئەللىمنىڭ بەرگەن تاپشۇرۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئورۇندايتتى. ساۋاقداشلىرىغا ھەر جەھەتتىن ياردەم بېرەتتى. بۇ شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى ئالاھىدە بىر خىسلەت ئىدى.



ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا پائالىيەتچان بالا ئىدى. ئۇ دېكلاماتسىيە ۋە ناخشا ئېيتىشتىمۇ ماھىر بولۇپ، بىزگە دائىم ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرغان ۋاقتىدا ئۆگەنگەن يېڭى مەزمۇندىكى شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرەتتى. ناخشا ئۆگىتىشكە ئۇيۇشتۇراتتى. بىزمۇ بۇ خىل يېڭىچە ئاھاڭ ۋە مەزمۇندىكى ناخشا - شېئىرلارنى قىزىقىپ ئۆگەنىدۇق. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرۈپ ئېيتىدىغان ناخشىسى «ئەللە يارىم - ئەللە» دېگەن خەلق ناخشىسىدىن ئىشلەنگەن ناخشا بولۇپ، بىزگىمۇ ئۆگەتكەنىدى. بۇ ناخشا تا ھازىرغىچە يادىمدا تۇرۇپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ ئائىلىسى ئىلى غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەتمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى.

1944 - يىلى خەلقئارا ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىش بولغان بىر يىل بولدى. خەلقئارا جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللىكىدىكى فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش تېز سۈرئەت ئىچىدە غەلىبىگە قاراپ ماڭدى، گىتلېر گېرمانىيىسى ۋەكىللىكىدىكى فاشىزم تاجاۋۇزچى كۈچلىرى بولسا زاۋاللىققا يۈز تۇتقانىدى. مەملىكەت ئىچىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ياپونغا قارشى تايانچ بازىلار كۈنسېرى زورىيىپ بىرقاتار ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا زۇلمەت ۋە چىرىكلىك چېكىگە يېتىپ، خەلقچە-

لىق ھەرىكەتلىرى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنىدى. دەل مۇشۇ چاغدا شىنجاڭ ھەرمىللەت خەلقى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىنى باشلىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوزغالغاندا، مەن شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئىدىم. مۇشۇ مەزگىللەردە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان شىنجاڭ ھەرمىللەت خەلقى شېڭ شىسەينىڭ ياۋۇزلارچە زىيانكەشلىكى ۋە ئىقتىسادىي تەرەپتىكى تالان ـ تارىجىغا قارشى كۆرەش قىلىشقا قوزغالغانىدى. بۇ چاغدىكى شىنجاڭ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرەش شەكىللىرى خىلمۇ ـ خىل بولۇپ، ئاۋۋال يوشۇرۇن تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇپ كۆرەش ئېلىپ باردى. كېيىنچە ئاشكارا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. شىنجاڭ ھەرمىللەت تەرەققىيپەرۋەر ياشلىرى شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش، خەلقچىللىق ۋە مىللىي باراۋەرلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ يوشۇرۇن ئىلغار تەشكىلاتلارنى قۇرغانىدى. بۇ تەشكىلاتلار ئىنقىلابىي نەزەرىيىلەرنى تەشۋىق قىلىش ۋە شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇش جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. مەن شۇ چاغلاردا ئىلغار كۈچلەر تەرەپدارى بولۇپ نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ياشلار قاتارىدا قولغا ئېلىنغانىدىم.

1945 ـ يىلى مەن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدىم. بۇ



چاغدا ئىنقىلاب ئۇچقۇنى بولغان غۇلجا تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش ئارزۇسىدا بولساممۇ، لېكىن ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش پۈتۈنلەي ئۈزۈۋېتىلگەن ۋە ساقچى نازارىتى كۈچلۈك بولغانلىقتىن مۇرادىمغا يېتەلمىدىم. بۇ خىل ئەھۋالدا مەن يالقۇنجاۋاتقان ئىنقىلاب ئوتىغا ئۆزۈمنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسەمنى قوشۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىكى مەخپىي ئىنقىلابىي تەشكىلاتقا ئىشتىراك قىلدىم. مەن قاتناشقان بۇ تەشكىلات ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىپ تۇراتتى ۋە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ يولىيورۇقى بويىچە پائالىيەت يۈرگۈزەتتى. مۇشۇ ئارىلىقتا مەن ئۆزۈمنىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن بولغان بۇرۇنقى ساۋاقداشلىق ۋە دوستلۇق مۇناسىۋىتىم بىلەن ئۇنىڭغا مەخپىي خەت ئەۋەتىپ شەخسەن ئالاقە باغلىدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي مەن ئۈرۈمچىدىكى يەر ئاستى تەشكىلاتنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئېلىپ جەنۇبتا ئىنقىلابىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ۋە تاشقورغان تەرەپ بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش مەقسىتىدە ئاتۇشقا باردىم. ئەپسۇسكى ئاتۇشقا كېلىپ ئون نەچچە كۈن ئۆتمەي يەنى 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرى مەن گومىنداڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن يەنە قولغا ئېلىندىم. بۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى ئوبۇلخەيرى تۆرە، رەھىمجان سابىر ھاجىيوۋ ۋە ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجوڭ ئوتتۇرىسىدا دىخۇا (ئۈرۈمچى)دە تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلدى. 1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىككى تەرەپ 11 ماددىلىق

تىنچلىق بىتىم ئىمزالاندى. 46 - يىلىنىڭ 6 - ئايلىرى مەن تىنچلىق بىتىمىنىڭ 1 - ماددىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان سىياسىي مەھبۇسلارنى شەرتسىز قويۇپ بېرىش دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد بولدۇم. بۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ قەتئىي تەلەپ قىلىشى بىلەن خەلق ئىچىدە كۆچلۈك ئابرويغا ئىگە تەرەققىي پەرۋەرزات ئابدۇكېرىم خان مەخسۇم قەشقەرگە ۋالىي بولغانىدى. مەن ئابدۇكېرىم خان مەخسۇمنىڭ كۆرستىشى ۋە خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئاۋال قەشقەر ۋالىيسى ئابدۇكېرىم خان مەخسۇمغا مەخسۇس كاتىپلىق قىلدىم، كېيىنچە قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى بولۇپ ئىشلىدىم. بۇ جەرياندا مەن ئۆزۈمنىڭ قولايلىق ئورنۇمدىن پايدىلىنىپ جەنۇبىي شىنجاڭ دائىرىسىدە ئىنقىلابىي كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشتەك گومىنداڭغا قارشى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردىم.

1946 - يىلى 9 - ئايلاردا، تىنچلىق بىتىمىنىڭ روھى بويىچە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئومۇمىي سايلام يۈرگۈزۈلۈپ بولۇپ، قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىگە سايلام گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بارىدۇ دېگەن تېلېگرامما كەلدى. مەن بۇ ھەقتە ئابدۇكېرىم خان مەخسۇمغا دوكلات قىلغاندىن كېيىن سايلام گۇرۇپپىسىنى كۈتۈۋېلىش ھازىرلىقىنى قىلدىم. بىراق ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى سەيپىدىن ئەزىزى كەلگەنىدى! سەيپىدىن



ئەزىزى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ زۆرۈر ئىشى چىقىپ قالغانلىقتىن كېلەلمىدى، دېدى. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئاشكارا ۋەزىپىسى سايلام خىزمىتى ئېلىپ بېرىش بولۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ بيۇروسىنى (قىسقارتىپ «خىئىپ» دەپ ئاتىلىدۇ) تەشكىللەش خىزمىتىنىمۇ ئۈستىگە ئالغانىكەن. خىئىپ 1947 - يىل 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان مەخپىي ئىنقىلابىي تەشكىلات بولۇپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ بىۋاسىتە رىياسەتچىلىكىدە قۇرۇلغانىدى. «خىئىپ» گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تىنچلىق بىتىمگە قىلغان بۇزغۇنچىلىقىنى پاش قىلىش، جۇڭگو گومىنداڭنىڭ سىياسەتلىرى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى تەشۋىق قىلىش، ھەمدە زىيالىيلار، ئىلغار ياشلارنى ئۇيۇشتۇرۇش جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. مەن يولداش سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن سايلام ئىشلىرىغا قاتناشتىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «خىئىپ»نىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەيئىتىنى تەشكىللەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدۇم. قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق بىرقانچە يولداش ھەيئەت ۋە دائىمىي ھەيئەت بولۇپ تەيىنلەندى. مەن ھەيئەت مۇدىرى بولدۇم. سايلام خىزمىتى ئاياغلىشىپ سەيپىدىن ئەزىزى ۋە باشقىلار ئۈرۈمچىگە قايتقاندىن كېيىن، بىز قەشقەردە گومىنداڭغا قارشى يوشۇرۇن ئىجتىمائىي ئىنقىلابىي پائالىيىتىمىزنى قەتئىي داۋاملاشتۇردۇق. شۇنداقلا ئۈرۈمچىدىكى «خىئىپ» مەركىزى بىلەن ئالاقە قىلىشىپ يوليورۇق سوراپ تۇردۇق. بىزنىڭ

«خىتئىپ» بىلەن بولغان ئالاقىسىز پارول ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. مۇشۇ ئارىلىقتا يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ «خىتئىپ»نىڭ ئەزاسى خوتەنلىك ئىمىن ئىسلام دېگەن كىشىنى بىزگە ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتتى (ئىمىن ئىسلام شىنجاڭ شۆيۈەنىدە ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن ساۋاقداش بولغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەن بىلەنمۇ شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە بىللە ياتقان تۈرمىداش ئىدۇق)، بىز ئىككىمىز پارول بىلەن كۆرۈشتۇق. ئۇ ماڭا «خىتئىپ»نىڭ پىروگراممىسىنى ئەكەلگەن بولۇپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ بىزگە بەرگەن مۇھىم يوليورۇقلىرىنىمۇ يەتكۈزدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۆز يوليورۇقىدا: ياشلارنى ۋە ئىلغار زىيالىيلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن تەربىيىلەشنىڭ مۇھىملىقىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى ھىمايە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ھەرمىللەت خەلقى بىرلىشىپ ئورتاق كۈرەش ئېلىپ بارغاندىلا ئاندىن بۈيۈك مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرگەنىدى.

بىتىم تۈزۈلگەندىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىتىمنىڭ روھىغا نىسبەتەن قىلچە رىئايە قىلماستىن بەلكى، ئىنقىلابىي كۈچلەرنى داۋاملىق تۈردە شەپقەتسىز ھالدا باستۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پەقەت بىر قۇرۇق ۋىۋىسكىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوللىغۇ-



چىلىرى بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن قەتئىي چېكىنىپ چىقىپ، 1947 - يىلى 7 - ، 8 - ئايلاردا غۇلجىغا قايتىپ كەتكەنىدى. قۇرۇلغىنىغا ئېنىقى بىر يىل بولمىغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى بىلەن بەربات بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارنى قايتىدىن ئاق تېررورلۇق قاپلاپ كەتتى ۋە ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتتى.

گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى ھە دېسىلا مەخپىي ھالدا ئادەم تۇتۇشقا ۋە ئۆلتۈرۈشكە كىرىشتى. ئىمىن ئىسلام ماڭا «خىتئىپ»نىڭ پىروگراممىسىنى بىر پارچە كۆچۈرۈپ خوتەنگە ئېلىپ كەتسەم دېدى. مەن ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇ خوتەنگە بارغاندىن كېيىن كۆچۈرۈپ يەتكۈزۈپ بەرمەكچى بولدۇم. بەختكە قارشى ئىمىن ئىسلام يەركەنگە كەلگەندە قولغا ئېلىنىپ تىرىك كۆمۈۋېتىلدى. يولداش ئىمىن ئىسلام ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ شۇ چاغدىكى قەشقەرگە گارنىزون باشلىقى ۋە 9 - بىرىگادا كوماندىرى بولغان جاڭ فىڭيىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يازغان ئىككى پارچە خېتىنىمۇ ئەكەلگەنىدى. بىرىنچى پارچە خەتتە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى تەھلىل قىلىنغان بولۇپ، جۇڭگو گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدىكى قىزىل ئارمىيىنىڭ ھازىر قايسى جايلارنى ئازاد قىلغانلىقى، گومىنداڭنىڭ ھەربىي جەھەتتە ئاساسىي جەھەتتىن گۇمران بولۇپ، سىياسىي - ئىقتىسادىي تەرەپتىنمۇ

مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى؛ قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇزۇنغا قالماي غەربىي - شىمالغىمۇ يۈرۈش قىلىدىغانلىقى ۋە پۈتۈن جۇڭگونىڭ پات ئارىدا ئازادلىققا چىقىدىغانلىقى يېزىلغان ھەممە جاڭ فىنگىيىننىڭ مۇشۇ پەيتتە پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ئۆز ھەسسىسىنى قوشۇشى لازىملىقى توغرىسىدا نەسىھەت قىلىنغان. ئىككىنچى پارچە خەتتە جاڭ فىنگىيىنىڭ ھەقىقەتنى تونۇپ، ئىنقىلابىي كۈچلەر تەرىپىگە ئۆتۈپ، شىنجاڭنىڭ ئازادلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشى تەۋسىيە قىلىنغان ۋە جاڭ فىنگىيىنىڭ شىنجاڭ ئۈرۈمچى ھەربىي مەكتەپكە ئىلمىي مۇدىر بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدا ئىلغار تەرەپتە ئىكەنلىكى مەدھىيىلىنىپ، ئەمدى ھازىرقى پەيتتە ھەربىي جەھەتتىن ئازادلىق ئىنقىلاب ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشى دەۋەت قىلىنغانىدى. مەن بۇ ئىككى پارچە خەتنى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ يولىيورۇقىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا جاڭ فىنگىيىگە مەخپىي تۈردە يەتكۈزۈپ بەردىم. بىراق خەتنىڭ كىم تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى ئېنىق بولمىغاچقا، جاڭ فىنگيى «گومىنداڭ دائىرىلىرى مېنىڭ سىياسىي خاھىشىمنى سىناۋاتقان بولسا كېرەك»، دېگەن گۇمان بىلەن خەتنى قەشقەردىكى جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانى جاۋ شىگۋاڭغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. خەتنىڭ كىم تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىنى زادى بىلەلمىگەن. مۇشۇ چاغدا ۋەزىيەت تۇساتتىن ئۆزگىرىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى غالجىرلىشىشقا باشلىدى. ئۇلار كۈنسېرى ئۇلغىيىۋاتقان ئىنقىلاب يالقۇنىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئاخىرغىچە جان تالاشماقچى بولدى. مۇشۇ چاغدا مەن قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق نەچچە يۈزلىگەن ئىنقىلابچىل ياشلار گومىنداڭ 42 - كورپۇس تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ پەۋقۇلئاددە تۈرمىگە سولاندۇق. 49 - يىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. مەن سەپداشلىرىم بىلەن ئازاد قىلىنىپ ئۈرۈمچىگە كەلدىم. بىز بۇ يەردە رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېگ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، دەلىلقان سۇگۇرباييوۋ، لوجىز قاتارلىقلارنىڭ 1949 - يىلى 9 - ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلماقچى بولغان مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئايروپىلان بىلەن كېتىۋاتقاندا ھادىسىگە ئۇچراپ، 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بەختكە قارشى قازا تاپقانلىقىنى ئۇقتۇق ۋە چوڭقۇر قايغۇغا چۆمدۇق.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى تەشەببۇس قىلغۇچى، ۋەتەن بىرلىكىنى ھىمايە قىلغۇچى جەسۇر ۋە مۇنەۋۋەر ياش ئىنقىلابچى ئىدى. ئەگەر مەرھۇم ھازىرغىچە ھايات بولغان بولسا، بۈيۈك ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇلۇغۋار سوتسىيالىستىك ئىشلىرىغا زور ھەسسە قوشقان بولاتتى.

ۋاقىت ئۆزاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تەپسىلىي ئەھۋاللارنى تولۇق ئويلاپ يېتەلمىدىم. مۇۋاپىق بولمىغان جايلىرى بولسا بىلىدىغان يولداشلار تۈزىتىپ قويار.

# ئىنقىلابىي دېموكراتىك زات ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم توغرىسىدا ئەسلىمە

شېرىپ خۇشتار

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈ-
رۈش، جۇڭگو سوۋېت ئىككى دۆلەت ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى
سۈرۈش يولىدا پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلغان مەرھۇم
ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، ئۆز تارىخىدا ئەينى زامان فېئودال
ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ تۈرلۈك تەھدىد ۋە بېسىملىرىدىن
قورقماي، قەشقەردە ئىككى زامان پەننىي مائارىپىنىڭ
مەيدانغا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا تەشەببۇسكار رول
ئوينىغان، خەلقنىڭ ئويغىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن
پائال ھەرىكەت قىلغان ۋە بۇ جەھەتتە بەلگىلىك
تۆھپە ياراتقان ئاكتىپ زاتتۇر. مەن مەرھۇمنىڭ تەسىرلىك
ئىش - ھەرىكەتلىرى ھەققىدە بىلگەنلىرىم ئاساسىدا
قىسقىچە مەلۇمات بېرىشنى بۇرچۇم دەپ تونۇپ، بۇ
ئەسلىمىنى يېزىپ چىقتىم.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەرلىك بولۇپ، ئوقۇ-
مۇشلۇق مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ
چوڭ دادىسى ئابدۇقادىر ئاخۇن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىر-



قىچە قەشقەردە قازى كالان نامى بىلەن خەلققە تونۇش-
لۇق بولغان جامائەت ئەربابى بولۇپ پارس، ئەرەب،
ئوردۇ ۋە تۈركىي تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلەپ، ئەتراپلىق
ئىلىم تەھسىل قىلغان شەرىئەتشۇناس، ئادالەتپەرۋەر
كىشى ئىدى.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئابدۇقادىر قازى كالاننىڭ
ئىككىنچى ئوغلى ئابلىمىت ھاجىمنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا
كەلگەن. ئۇ بالىلىق دەۋرىنى مەرىپەتپەرۋەر دادىسىنىڭ
تەربىيىسىدە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، 1905 - يىل-
لىرىغىچە قەشقەر شەھىرىدە ئىپتىدائىي دىنىي مەكتەپتىن
تاكى ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان قەشقەر خانلىق مەدرىس-
گىچە ئوقۇدى. بالىلىق دەۋرىدە ئۇ شوخ، تېتىك، زېرەك،
غەييۇر، مىجەزى چۇس ئىدى. ئۇ تاشقى دۇنيادا كۆتۈرۈل-
ۋاتقان يېڭى مەدەنىيەتكە قىزىقىپ، سودىگەرلەردىن دۇن-
يادىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئۆ-
گىنىش بىلەن ئاڭلاشنى بىرلەشتۈرۈپ، زامانداشلىرى
ئارىسىدا ئىقتىدارلىق بولۇپ يېتىلدى. شۇڭا ئۇنى زامان-
داشلىرى سۆزمەن زاكۇنچى دەپ ئاتايتتى.

1892 - يىلى باۋۇدۇن مۇسا يوۋلار چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى
چىقارغان ۋاقىتتا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇممۇ ئىمتىھانغا
قاتنىشىپ ئىمتىھاندىن ئۆتتىدۇ. لېكىن يېشىنىڭ كىچىك-
لىكى تۈپەيلىدىن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشتىن
قېپقالىدۇ.

1905 - يىللىرى دۇنيا ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر
بولغان، كاپىتالىزم تەرەققىي قىلىپ جاھانگىرلىك باسقۇ-

چىغا كۆچكەن ۋاقىتلار ئىدى. ئۇ يىللاردا شىنجاڭدا روسسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتنىڭ كونسۇللىرى بار بولۇپ، شىنجاڭدا ئەنگلىيە بىلەن چار روسسىيەدىن ئىبارەت ئىككى كونا جاھانگىر دۆلەتنىڭ سىياسىي رىقابىتىدىن باشقا سودا رىقابىتىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئەنگلىيە سودىسى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. چارروسسىيە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن باشلاپ شىمالىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭ (ئىلى، ئالتاي، چۆچەك، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، تۇرپان) دىن ئىبارەت بۇ جايلارنىڭ سودىسىنى كونترول قىلىۋاتقانىدى.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم چەت ئەللىكلەرنىڭ بۇ زېمىندا ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولىۋېلىپ ئابىغىنى يەتكەن يەردە زېمىن ۋە مىللەتنى دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدىن كېيىن، ۋەتەن ۋە مىللەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۆپ ئۆگىنىش ۋە كۈرەش ئارقىلىق تەرەققىي قىلغان ئەللەر (چەت ئەلدىن )دىن ئۆگىنىشنى، جۈملىدىن ئىشنى سودا بىلەن باشلاپ، چەت ئەل سودىسىنى ئۆگىنىش بىلەن چەت ئەللىكلەرنىڭ شىنجاڭدىكى سودا مونوپولىيىسىنى بۇزۇپ تاشلاش؛ شۇنىڭ بىلەن يەرلىك سودا سانائەت تەرەققىياتىنى خەلقئارا سودا تەرەققىياتىغا يەتكۈزۈشنى نىيەت قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئاتىسى ئابلىمىت ھاجىمغا ئېيتىدۇ. ئاتىسى ئوغلىنىڭ بۇ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مال جابدۇپ بېرىدۇ.



ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم 1907 - يىلىدىن 1911 - يىلىغىچە ئىككى رەت روسسىيىگە سودا - تىجارەت بىلەن چىقىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن تىجارەت قىلسا، بىر تەرەپتىن روسسىيىنىڭ چوڭ - چوڭ شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇ جايلاردىكى سودا - سانائەت تەرەققىياتى، مەدەنىيەت ئەھۋالى ھەم 1905 - يىلى فېۋرالدا يۈز بەرگەن سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن روسىيە ئەمگەكچىلىرىنىڭ كۈرەش نەتىجىلىرىنى كۆرىدۇ. ئۇ قايسى يەرگىلا بارمىسۇن، شۇ جايدىكى ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولىدۇ، ئىگىلىك يارىتىش تەجرىبىسىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرقانچە جايلارنى سەيلە - ساياھەت قىلغاندا، شىنجاڭدىكى ئالتە شەھەردىن روسسىيىگە پاناھ ئىزدەپ چىقىپ پەرغانە ۋادىسىدىكى ھەرقايسى چوڭ - كىچىك شەھەر، يېزا - قىشلاقلارغا بولۇپمۇ ئەنجان ئوشقا ئورۇنلىشىپ قالغان ھەم كېيىنكى ۋاقىتتا سودا - تىجارەت ۋە ئىش ئىزدەپ چىققان ئىشچىلار، ھۈنەرۋەنلەر، پاختىكارلاردىن نەچچە مىڭلىغان قېرىنداشلارنى ھەم 1883 - يىلىغىچە ئىلىدىن يەتتە سۇغا كۆچۈرۈلۈپ كەتكەن قېرىنداشلارنى كۆرىدۇ. 1905 - يىلىدىكى روسىيە فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىن قوراللانغان «كالتا چاپانلار تەشكىلاتى»نىڭ ئەركىنلىك، ئازادلىق ۋە پەنگە يۈرۈش قىلىش يولىدىكى كۈرەشلىرى ۋە باشقا ئىنقىلابىي پائالىيەتلەردىن زور تەسىر ئالىدۇ.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم روسسىيىدىن قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتا دەل ئۈرۈمچى ۋە ئىلىدا شىنخەي ئىنقىلابى پارت-

لىغان، ئۇزۇن ئۆتمەي قۇمۇل ۋە تۇرپان رايونىدىكى دېھقانلار قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن مەزگىل ئىدى. ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ، بۈيۈك ئىنقىلاب ئېقىمى بولۇپ شەكىللىنىپ شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى، لېكىن شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى ۋە قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەلتۆكۈس ئىنقىلابىي پروگراممىسى، كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسى ۋە مۇكەممەل ئىنقىلابىي ئاڭ سەۋىيىسى يېتىلمىگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ كۆرەشلىرى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى؛ ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققاندىن كېيىن قەشقەرگە تىتەي قىلىپ ئەۋەتىلگەن ما فۇشىڭ چېكىدىن ئاشقان زورلۇق ـ زومبۇلۇق بىلەن خەلقنى تالان ـ تاراج قىلىپ، ھەر خىل ئالۋان ـ ياساقلارنى سېلىپ ۋە ھەر خىل ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرگە بېرىلىپ، قەشقەر خەلقىنى ئېغىر زۇلمەت گىردابىغا ئىلىپ كەلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

زېمىندا بولۇۋاتقان بۇ ئىشلارنى كۆرگەن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەردىكى ئۆز تەڭتۇشلىرىدىن بولغان بىر بۆلۈم ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ، خەلقنى ئويغىتىپ، پەننىي مەكتەپ ئېچىپ، خەلقنى نادانلىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن روسىيىدىكى خەلقلەرنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان تۇرمۇشى، ئاچقان پەننىي مەكتەپلىرى ۋە ئۇ يەردىكى تەرەققىياتلىرىنى تەشۋىق قىلدى.

1913 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇ يۈسۈپ قوقان، ۋېلىخان باي، سوپا نىياز ھاجىم. مامۇت ھاجىم ماشىنىچى، نىياز



ھاجىم تەمبۇر، ئىمىن تامچى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ھەمدەملىشىپ قەشقەر شەھەر جانان كوچىسىدىكى يۈسۈپ ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ قورۇسىدا قەشقەر تارىخىدا تۇنجى قېتىم بىر سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ ئاچىدۇ. بۇ سىنىپتا 26 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. بۇ يىللاردا پىشقان ئوقۇتقۇچىلارنى تېپىش قىيىن بولغاچقا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم تەرەققىيپەرۋەر زات ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايوپلار بىلەن ئىلى ئارقىلىق تۈركىيىدىن ئەخمەت كامال، ئابابەكرى ئەپەندى، ئىمىر موللا، ئابدۇراخمان ئەپەندى، مۇكەررەم قارى قاتارلىق بەش كىشىنى قەشقەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىدۇ. مەزكۇر مەكتەپ سىناق تەرىقىسىدە 6 ئاي داۋام قىلغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم تاشمىلىق بېگى تاش بەگ، ئىلغار پىكىرلىك قارى ھاجىم، شېرىپ ئاخۇن قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ ياردەم بېرىشى ۋە قوللىشى ئاستىدا تاشمىلىقتا ئىككى سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ ئاچىدۇ. بۇ دەل ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان چاغلار ئىدى. ياڭ زېڭشىن ئىستىبداتلىقتا ئۇچىغا چىققان تۈلكە بولۇپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ۋە ئۇزۇن مۇددەت خەلق ئۈستىدىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇشنى ئويلايدىغان قارانىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن، قەشقەردىكى بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ ئەمدىلا ئېچىلغان پەننىي مەكتەپنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ.

شۇ يىللىرى ئەنگلىيە كونسۇلى مۇھاپىزەتچى قارا-

ۋۇللىرىنىڭ خىزمەت ۋاقتى توشۇپ ئەنگلىيىگە قايتىدىغان ۋاقتىدا، قەشقەر شەھەر ئەتراپىدىكى نەچچە ئونلىغان ئوغۇل - قىزلارنى دەللاللار ئارقىلىق ئالداپ ھىندىستانغا ئېلىپ كەتمەكچى بولىدۇ ۋە تاشمىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. تاشمىلىق بېگى تاش بەگ بۇ ۋەقەنى بىلگەندىن كېيىن ئۇلارنى توسۇپ قويىدۇ. بۇ ئىشقا ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى قولچىلىق قىلىپ ئارىلاشمايدۇ، ئۇ چاغدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم مەردانىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ تاش بەگنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى قوللاپ، ئوغرىلاپ مېڭىلغان كىشىلەرنى ئەنگلىيىلىك ئەسكەرلەردىن تارتىۋالىدۇ. لېكىن ئەنگلىيە كونسۇلى ئۆزىنىڭ بۇ خاتا قىلمىشىغا تۆۋا قىلماق يوق، ئەكسىچە ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىگە ئەرز قىلىدۇ. نەتىجىدە ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى تاش بەگنى جازالىماقچى بولىدۇ. بۇ چاغدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم شەھەر خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ياڭ زېڭشىننىڭ ناھەق قىلمىشىغا نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. بۇ نارازىلىق بىلەن ۋەقە پەسەيگەن بولسىمۇ، لېكىن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ھۆكۈمەتنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ قالىدۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان بىر قىسىم ئەكسىيەتچىل كۈچلەر ۋە خەلقنى ئېشلىتىش بىلەن جان بېقىۋاتقان روھانىي فېئودال قارا كۈچلەر ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ: «ئىككى پەننىي مەكتەپ ئېچىپ جەدىتلىكنى تەرغىپ قىلدى، ھەربىي مەشق ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ (تەنتەربىيە مەشىقىنى شۇنداق دېگەن)» دەپ ھۆكۈمەتكە مەلۇمات بېرىدۇ. نەتى-



جىدە ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمغا پەننىي مەكتەپلەرنى تاقاش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. مۇئەللىم ئەخمەت كامال قولغا ئېلىنىپ ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈلىدۇ، تاشمىلىقتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان تۆت نەپەر مۇئەللىم يوشۇرۇنچە تۈركىيىگە كېتىدۇ. ياڭ زېڭشىن ئەخمەت كامالنى ئىچكىرى ئۆلكىلەر ئارقىلىق تۈركىيىگە كېتىشكە زورلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەشقەردە ئېچىلغان پەننىي مەكتەپ توختايدۇ. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ۋەزىيەتنى بايقىغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل ياڭ زېڭشىننىڭ نەزىرىدىن چەتتە تۇرۇش ئۈچۈن ۋاقىتلىق روسىيىگە چىقىپ كېتىدۇ.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم بۇ قېتىم روسىيىگە چىققان ۋاقىت 1 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان، روسىيىدە سوۋېت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان، ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا ئىلگىرىكى «كىتابخانىلار»، «تەرەققىيپەرۋەرلەر تەشكىلاتى» ئۇيغۇر، قازاق، تۇڭگان ۋە باشقا مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان «مۇسۇلمان ئىشچىلار بىرلەشمىسى» تەشكىلاتىغا ئۇيۇشۇۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ بۇ قېتىم روسىيىدە كۆرگەنلىرى ئىلگىرىكىدىن ناھايىتى زور پەرقلىق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئۆزگىرىشمۇ ناھايىتى زور بولىدۇ. ئازادلىق - ئەركىنلىكنىڭ ئىنقىلاب يولى بىلەن بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەجرىبە - ساۋاق ۋە قائىدىلىرىنى ئۆگىنىدۇ. مۇشۇ جەرياندا سوۋېت روسىيىنىڭ بەزى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ ۋە ئۇيغۇر ۋەكىلى

بولۇپ بەزى يىغىنغا قاتنىشىدۇ.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندە، قەشقەرنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقى جۇ دوتەيدە ئىدى. جۇ دوتەي خۇددى ياڭ زېڭشىنغا ئوخشاش كونا ئىستىبدات، خۇدۇكچى، گۇمانخور ئادەم ئىدى.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم روسىيىدىن كېلىپلا، قەشقەردە ئىلغار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ چاغلاردا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ تەدبىرچانلىقى، تەجرىبىسى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ئىلغار پائالىيەتلىرى ھۆكۈمەتكە مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭ 5 نەپەر ئىلغار دوستى قولغا ئېلىنىپ ئىز-دېرەكسىز يوق بولىدۇ. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم باشقا بۇرادەرلىرى بىلەن يەنە سوۋېت روسىيىگە قېچىپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. روسىيىدە بولغان مەزگىلىدە بىر قاتار تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەيدۇ. 1923-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، سىياسىي پائالىيەتنى ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي پائالىيەت ئارقىلىق ئېلىپ بېرىشقا ئۆزگەرتىدۇ. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم 1924-يىلىدىن باشلاپ بىرىنچىدىن پەننىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن خەلقنى ئاقارتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلسا، ئىككىنچىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يېڭىلىقلارنى سۆزلەش ئارقىلىق ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى تەشۋىق قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا دىگۋار تۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سانائەت ماللىرىنى كۆپلەپ كىرگۈزىدۇ. نەتىجىدە ئەنگلىيىنىڭ ئىگىلىۋالغان بازارلىرى نىسبەتەن زىيانغا ئۇچ-



رايدۇ. ئوخشاش بولغان ھەرقانداق مالنىڭ باھاسى ئەنگلىيە مال باھاسىدىن 25% — 30% تۆۋەن بولغان. ئۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن خېرىدار جەلپ قىلىپ ئەنگلىيە سودىسىنى سىقىپ چىقارغان. يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش قوراللىرى، كۆڭۈل ئېچىش ۋە تەنتەربىيە، مەدەنىي بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى، يېڭىچە كىيىملەرنى ئېلىپ كېلىپ خەلققە مەدەنىيەت تارقىتىدۇ.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ بۇ خىل پائالىيەتلىرى سودىدا ئەنگلىيىگە زەربە بېرىپ قالماستىن، ئەنگلىيەپەرەس بىر بۆلۈم سودىگەرلەرگىمۇ ئەجەللىك زەربە بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە بىلەن كېلىشىم تۈزگەن سودىگەرلەر ئۆزىنىڭ سودا زىيىنىغا چىدىماي، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمدىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھەرخىل پىتنە-پاساتلارنى تارقىتىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلىنىۋاتقان ھەرخىل بېسىم ۋە كەمسىتىشلەرگە قىلچە پەرۋا قىلماي، تېخىمۇ ئىچكىرىلىگەن ھالدا مەشھۇر ئالىم ئابدۇقادىر داموللام بىلەن بىرلىكتە چەت ئەلدىن تارقاتقۇچىلارنىڭ دىن تارقىتىش ھەرىكەتلىرىگە قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ھەرىكەت ئۇلارنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگكەچكە، ئۇلار ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئۈستىدىن ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىگە قارا مەلۇمات يوللايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئۆز ھەرىكەتلىرىنى قىلچە توختاتماي، يېتىم-يېسىر، ئىگى-چاقىسىز، پاناھسىز كىشىلەرنى ئۆز قانىتى ئاستىغا

ئېلىپ ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلايدۇ. ئۇلارنى ئۆز ئەتراپىغا
يىغىنلاشتۇرۇپ قەشقەردە قوراللىق ھەرىكەت قىلىشقا ئىنتى-
لىدۇ. ئۇ 1924 - يىللىرى ئەتراپىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
پەرغانە رايونلىرىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ قىزىل ئارمىيە زەر-
بىسىدىن شىنجاڭغا قېچىپ ئۆتكەن بىر قىسىم باسمىچى-
لاردىن بىرەر يۈز تالدەك مىلتىق ۋە ئوق - دورا سېتى-
ۋېلىپ ئاتۇش، بەشكېرەم، تاشمىلىق قاتارلىق جايلاردا
ئەسكەر ئېلىپ ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇرۇش
پىلانى تۈزۈش بىلەن بىرگە جەڭ تۇغىنىمۇ ھازىرلايدۇ.
نەتىجىدە ياڭ زېڭشىن ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ ئابدۇكې-
رىمخان مەخسۇمنى تەقىپ ئاستىغا ئالىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي
ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، يۈسۈپ
قوقان، ۋېلىخان باي، سوپى نىياز ھاجى، مامۇت ھاجى
ماشىنىچى، نىياز ھاجى تەمبۈر، ئىمىن تامچى قاتارلىق
كىشىلەرنى قولغا ئېلىپ ئۇلارنى ئاقسۇغا پالايدۇ. ئابدۇ-
كېرىمخان مەخسۇم 1924 - يىلنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ
تۈرمىدە يېتىپ، 1933 - يىلى 3 - ئايدا تۆمۈر ئىلى
(تۆمۈر سىجاڭ) قوشۇنلىرى ئاقسۇنى ئازاد قىلغاندا ئاندىن
ئۆز يۇرتى قەشقەرگە يېنىپ كېلىدۇ. بىراق سۆيۈملۈك
دوستى تەرەققىيپەرۋەر يۈسۈپ قوقاندىن ئايرىلىدۇ. قەش-
قەر ئازاد قىلىنىپ، قەشقەر دوتەيى ماشاۋۇ تەسلىم بولۇپ،
ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن يېڭى-
دىن تەسىس قىلىنغان ھۆكۈمەت دائىرىسىدە ئابدۇكېرىمخان
مەخسۇم مائارىپ مەسئۇلى ھەم تۆمۈر ئىلى (سىجاڭ)
ئاچقان نو بېشىدىكى پەننىي مەكتەپكە مۇدىر بولۇپ ئىش-



لەيدۇ. 1930 - يىللاردا تارىختا ئاجايىپ يېڭىلىقلار يۈز
بېرىپ، شىنجاڭدىمۇ تارىخىي خاراكتېرلىك تەۋرىنىش ۋە
ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. تۆمۈر ئىلى
قەشقەردە تۇرغان مەزگىلدە پەننىي مەكتەپ سالدۇردى.
مائارىپ ئىدارىسى ۋە ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇ-
رۇلدى. بۇ ئۆزگىرىشلەردە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ
ئوينىغان رولى ئالاھىدە زور ئىدى. ئۇ بۇ مەزگىللەردە
ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا زور ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى.
ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا ئىشلەۋاتقان رەئىس سوپى
نىياز ھاجى ۋە مۇئاۋىن رەئىس نىيازھاجى تەمبۈرلار
بىلەن بىر پىكىردە بولۇپ، خەلقنىڭ ئويغىنىشى ئۈچۈن
جان پىداكارلىق بىلەن ئىشلىدى. 1933 - يىلى 8 -
ئايدا باندىت ماجەنساڭنىڭ خائىنلىقى تۈپەيلىدىن تۆمۈر
سىجاڭ ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلدى. تۆمۈر
سىجاڭنىڭ قازا تېپىشى ۋە ئىچكى ماجىرا تۈپەيلىدىن
مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى پالەچ ھالغا
چۈشۈپ قالىدۇ.

1934 - يىلى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ئۈرۈمچىدىن
چېكىنىشىدە، قەشقەرگە كېلىپ خوجانىياز ھاجىغا ھۇجۇم
قىلىدۇ. خوجا نىياز ھاجى قىسىملىرى ۋاقتىنچە ئاتۇش ئاغۇ
تاغلىرىغا چېكىنىدۇ. شەھەرگە كىرگەن ماجۇڭيىڭ قىسىم-
لىرى سىتۋالدىجان تەرىپىدىن ئېغىر زەربىگە ئۇچرايدۇ.
مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرى قەش-
قەردە قىرغىنچىلىق ھەرىكىتى يۈرگۈزىدۇ. شەھەر 3 كۈن-
گىچە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىدۇ. بۇ قانلىق پاجىئەنى

خەلق ھېلىغىچە «چاپ - چاپ قىلغان يىل» دەپ ئېچىنىش بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ.

1937 - يىلى 4 - ئايدا مەخمۇت مۇھىتى (مەخمۇت سىجاڭ) قەشقەرنى تاشلاپ چەت ئەلگە كەتكەندىن كېيىن، ماخۇسەن ۋە مەخمۇت سىجاڭ قىسىملىرى قەشقەرنى ئىشغال قىلىدۇ. بۇ چاغدا ماخۇسەن قىسىملىرى يەنە قەشقەرنى بۇلاڭ - تالاڭ ۋە قىرغىن قىلماقچى بولۇشىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ماخۇسەن قىسىملىرىغا قەتئىي تەلەپ قويۇپ، شەھەر خەلقىنى بۇلىماسلىقنى ئېيتىدۇ. ماخۇسەن قىسىملىرى ئۈچۈن بايلاردىن پۇل - مال يىغىپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خەلق ئامان قالىدۇ. بۇ چاغدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەردە ھاكىملىق مەنسىپىدە ئىدى. 1937 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەرگە مۇۋەققەت ۋالىي بولىدۇ. ئۇ ۋالىي بولغان مەزگىلدە پەن - مائارىپ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئاخبارات، مەتبۇئات ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە، ئۆزىمۇ شېئىر يېزىپ خەلقنى ئويغىتىدۇ.

1937 - يىلى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئېغىر سىياسىي كىرىزىسقا چۈشۈپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلانغان جاھانگىرلار شىنجاڭنىڭ ھەر خىل ئاخبارات ۋە ئاسارئەتىقىلىرىنى ئوغرىلاش بىلەن شۇغۇللاندى. بولۇپمۇ ئەنگلىيە ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن بۇ ئىشنى ناھايىتى چىڭ تۇتقانىدى. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ بۇ خىل جىنايى ھەرىكەتلىرىنى سەزگەندىن كېيىن تاشمىلىق ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى قوشۇمچە بەگ قاسىم تاش ھاجىمنى چاقىرتىپ ئەھۋال ئىگىلەش



بىلەن بىرگە، ئەنگلىيە پوچتىلىرىنىڭ مېڭىش يوللىرىنى قامال قىلىپ، ئويتاغ ئەتراپىدىكى مۇز جىلغىسىدا ئەنگلىيە پوچتىلىرى ئوغرىلىقچە ئېلىپ ماڭغان يادىكارلىقلارنى تارتىۋالىدۇ.

1938 - يىلى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم تەكلىپكە بىنائەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا دوستانە زىيارەتتە بولدى. بۇ چاغدا شىنجاڭدا شېڭ شىسەي خەلققە گۇمان نەزەرى بىلەن قاراپ، ئۆزىگە سىرلىق بىلىنگەن ياكى نام - شۆھرەتكە ئىگە بولغان زاتلار، يېتىلىۋاتقان زىيالىيلارنى تۇتقۇن قىلىپلا قالماستىن، بەلكى 1939 - يىلىدىن باشلاپ بۇ ھەرىكەتنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇۋاتقان ياش زىيالىيلارغا قاراتتى. 1940 - يىلىغا كەلگەندە گۇمانلىق دەپ تۇتۇلغان كىشىلەرنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ كېلىپ تەقىپ ئاستىغا ئالدى. نۇرغۇنلىغان ئىلىم ئىگىلىرىگە، ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا، ئىلىم ئۆگىنىپ كۆزى يورۇشقا باشلىغان ئىلغار ياشلارغا، خەلقنىڭ رايى بويىچە تۇرغۇزۇلغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا، شېڭ ھاكىمىيىتىگە نارازى بولغان تۈركۈم - تۈركۈم بىگۇناھ خەلققە يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالدا زىيانكەشلىك قىلدى. شېڭ شىسەينىڭ بۇ خىل قىلمىشلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى، بولۇپمۇ ھەر مىللەتتىن بولغان ئىلغار ئىدىيىدىكى كىشىلەرنى غەزەپلەندۈردى، جۈملىدىن شۇ يىللاردىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا شېڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى ھەر خىل تەشكىلاتلار، يەنى «ئازادلىق تەشكىلاتى»، «شىنجاڭ خەلقچىلەر بىرلەشمىسى» دېگەنگە ئوخشاش تەشكىلاتلار بار-

لىققا كەلدى. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم «ئازادلىق تەشكى-
لاتى» نىڭ ئاساسلىق تەشكىلاتچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ،
شۇ يىللاردىن ئارتىپ قەشقەردە ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ
(بۇ يىللاردا شېڭ شىسەي زۇلۇمىدىن سوۋېتكە پاناھ ئىزدەپ
چىقىپ كەتكەن ياكى ئۇزۇندىن بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقىدا
تۇرۇپ قالغان بىر تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەرلەرمۇ ئاشقورغان تاغ-
لىرىدىن تا ئالتايغىچە بولغان چېگرا لىنىيىدىن يوشۇرۇن
ئۆتۈپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كېلىپ، شىمالدا
ئىلى ۋە ئۈرۈمچىنى، جەنۇبتىن قەشقەرنى مەركەز قىلغان
ھالدا ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى). ئابدۇكې-
رىمخان مەخسۇم زور تەدبىرچانلىق بىلەن پائالىيەت
ئېلىپ بېرىپ، قەشقەردىكى تەشكىلاتنى ئاقسۇ، يەكەن،
خوتەنگىچە كېڭەيتتى. بۇ تەشكىلاتلار ئاشۇ يىللاردا شېڭ
شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى شوئار، تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى
يېزىپ تارقىتىدۇ؛ بۇ ھال شېڭ شىسەينى ساراسىمىگە
سالىدۇ. ئۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۇ خىل ھەرىكەتلەرنىڭ
تۈگىنى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم دەپ بىلىپ، 1942-يىلى-
نىڭ باشلىرىدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى ئائىلىسى بىلەن
بىرگە ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىپ تەقىپ ئاستىغا ئالىدۇ.
ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋال
ئاستىدىمۇ پائالىيەتنى بوشاشتۇرمايدۇ ۋە جايلاردىكى تەش-
كىلاتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى سەگەكلىك بىلەن
كۈچەيتىدۇ. ئۇ يەنە ئۈرۈمچىدە رىجىمدا تۇرۇۋاتقان مەر-
كىزىي قىرغىز، قازاق ئۇيۇشما رەئىسى، كېيىنكى ۋاقىتتىكى
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مىللىي ئارمىيە قوماندانى گېنېرال



لېيتنانت ئىسھاقبېك، ئاتاقلىق ئىنقىلابچى ۋە يەر ئاستى
خىزمەتچىسى قاسىم ئەپەندى (قاسىم قازاق) قاتارلىقلار ھەم
ئۈرۈمچىدىكى ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن
بولغان مۇناسىۋەتنى بوشاشتۇرمايدۇ. كېيىنكى ۋاقىتتا
سۇڭ مېيلىڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن بوشىتىلغان
ئىلغار زات ۋە ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ پېشقەدەم ئەزاسى
ئۆمەر داموللا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىدۇ.
1943 - يىلى شىنجاڭدا گومىنداڭ پىرقىسى قۇرۇلغاندىن
كېيىن شىنجاڭدا ئالىقاچان ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئەنگلىيە -
ئامېرىكا كونسۇللىرى ئەسلىگە كېلىپ، ئۇلارنىڭ دۆلەت
بايرىقى ئېسىلىدۇ.
دېمەك شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىكى چوڭ ئۆزگىرىش كىشىنى
چۆچۈتەتتى.
1943 - يىلى 8 - ئايدا، قەشقەردە ئىسھاقبېك
قوماندانلىقىدا ئېلىپ بېرىلماقچى بولغان قوراللىق
قوزغىلاڭ خائىنلارنىڭ پاش قىلىشى بىلەن ئېلىپ بېرىل-
مايدۇ. شۇنداقتىمۇ، گومىنداڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن
كۆپلىگەن ئەسكەر يۆتكەپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا تۇرۇنلاش-
تۇرىدۇ. ئەسلىدىكى شىنجاڭدا بار بولغان 20 مىڭدەك
ئەسكەرنىڭ بىردىنلا 100 مىڭغا يېتىشى خەلق ئۈستىدىكى
ئېغىرلىقنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىن-
جاڭغا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، دەسلەپ
خەلقنىڭ رايىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش ئۈچۈن شېڭ شىسەي
تۈرمىسىدىكى بىر بۆلۈم ھايات قالغان گۇناھسىز مەھ-
بۇسلارنى قويۇۋېتىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي زور كۆلەملىك تۇتقۇن

قىلىشنى باشلايدۇ. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن، سەللا ھوشيار تۇرغانلار ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. سەزمىگەنلەر قولغا ئېلىنىدۇ. بۇ ھال شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە يەنە بىر قېتىم ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. نەتىجىدە جايلاردىكى يەرلىك تەشكىلاتلار ئۆز پائالىيىتىنى كۈچەيتىدۇ.

1944 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىمالىي شىنجاڭدىن ۋەقە چىقىدۇ، دەپ قاراپ، ئاساسلىق ئىشپىيون ۋە تەجرىبىلىك ساقچىلارنى شىمالغا يۆتكەيدۇ ۋە ھەربىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىدۇ. بۇ دەل ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەركىزى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرىمۇ قۇرۇلۇپ، تەشكىلىي خىزمەتلەر ئىشلەنگەن، سەيپۇللايۇۋ، ئوسمانوۋ قاتارلىق كىشىلەر بىرىنچى قېتىم ئالمۇتا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىۋاتقان، ئىلىنىڭ ۋەزىيىتى سەرەڭگە ياقسىلا ئوت تۇتىشىدىغان ۋاقىتلار ئىدى. بۇ خىل ۋەزىيەتتە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم جەنۇبتىكى يەرلىك تەشكىلاتلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تەشكىلچانلىق بىلەن قوزغىلاڭ ھازىرلىقىنى پۇختا ئىشلەشكە دەۋەت قىلىدۇ.

1944 - يىل 7 - ئايلاردا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى شېڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچى 2 - تۈرمە قارىمىقىدىكى تۈرمىدىن بوشىنىپ چىقىدۇ.

ئۇ تۈرمىدىن چىققان كۈنى كەچ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، ئەھمەتجاننى سەنشىخاڭزىدىكى ماتار سارىيىدىن چاقىرتىپ كېلىپ ياڭ خاڭ تاتار مەسچىتى



ئارقىسىدىكى غوجا ئەخمەت قورۇسىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن (1943 - يىلىنىڭ ئاخىرى)، شېڭ شىسەي تۈرمىسىدىن چىقىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى سانايىنەفىسىدە تەقىپ ئاستىدا خىزمەت قىلىۋاتقان قاسىمجان قەمبىرىنى ساز ۋە سازەندە ئېلىپ كېلىش باھانىسى بىلەن ئىلىغا كېتىشىگە ياردەم بېرىدۇ ھەمدە شېڭ شىسەي تۈرمىسىدىن چىققان ئۆزىنىڭ كونا سەپدىشى قاسىم تاش ھاجى، زىيالىي ئابدۇرېھىم سابىر ۋە يەنە بىر ياشنى قەشقەرگە قايتىشقا بۇيرۇيدۇ - دە، ئۇلارنىڭ قىلغۇسى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

1944 - يىلى 9 - ئايدا شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا 11 - ئايدا ۋۇجۇڭشىن رەئىس بولۇپ كەلدى. ئۇ، شىنجاڭغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا زىياپەت يىغىنى چاقىرىپ ئۈرۈمچىدىكى ھەر ساھە، ھەر مىللەت يەرلىك كادىرلارنى، بىر بۆلۈك زىيالىيلارنى، خەلق ئىچىدىكى ئاتاقلىق شەخسلەرنى چاقىرتىدۇ، شۇنداقلا بۇ زىياپەتكە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىمۇ تەكلىپ قىلىدۇ. زىياپەتتە ۋۇجۇڭشىن سۆز قىلىپ: «ھازىر ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىدە 2000 دىن ئارتۇق جىنايەتچىلەر بار، بۇنىڭ ئىچىدە يەكەنلىك ئىشاندىن 32 نەپەرى بار ئىكەن، بۇلارنى بۈگۈن ئازاد قىلىمەن، قالغان سىياسىي مەھبۇسلارنى قايتا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن مەن شىنجاڭغا ئوق ئىشلەتمەيمەن. جادۇ ئېلىپ كەلدىم...... بۇنىڭدىن كېيىن يېزا ئىگىلىك، سانائەت، مەدەنىي مائارىپ، خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق ئىشلارنى

ياخشىلايمەن...» دېگەن. سۆز نۆۋىتى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمغا كەلگەندە، ئۇ مەردانىلىق بىلەن: «ماۋۇ (ۋۇجۇڭشىنىنى كۆرسىتىپ) 32 نەپەر ئىشانىنى قويۇپ بەرسە شىنجاڭ خەلقىگە نېمە پايدىسى بار ئىكەن؟ قويۇپ بەرمىسىچۇ؟ 2000 دىن ئارتۇق سىياسىي مەھبۇسنىڭ گۇناھى نېمىكەن؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى قويۇپ بەرمەيدىكەن؟ ئۇلار گۇناھسىز! قويۇپ بەرسۇن! ۋۇجۇڭشىن ئېغىزدا ياخشىلايمەن دېگەن ئىشلارنى ھەقىقەتەن قىلغاندا ئاندىن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىمەن، مېنىڭ دەيدىغانلىرىم شۇ، زىيابەت ئۈچۈن ئۇن، ياغ، گۆش، سەي قاتارلىقلارنى تەييارلىغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلارغا رەھمەت! ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭغا كەلمەي تۇرۇپ جادۇ تەييارلاپتۇ. ئۇ بەكمۇ ئاۋارە بوپتۇ، شىنجاڭ خەلقى گۇناھسىز! ۋۇجۇڭشىن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ سىياسىتىنى ئۆزگەرتسۇن، شۇ چاغدا ئوتتۇرىدىكى ئاداۋەت كۆتۈرۈلىدۇ... بولمىسا بىگۇناھ شىنجاڭ خەلقىنى قىرىپ تۈگىتەلمەيدۇ، شىنجاڭدا خەلقنىڭ ئىگىسى بار!» دەپ جاراڭلىق سۆزلەيدۇ.

1945 - يىل 2 - ئايدا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەرگە قايتىپ بېرىپلا جىددىي پائالىيەتكە كىرىشتى.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم شەھەر زىيالىيلىرى ۋە ھەر ساھەدىكى ئىلغار پىكىردىكى كىشىلەر، ئوقۇتقۇچىلار ۋە سەئەن ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاساس قىلغان بىر گۇرۇپپا، ئوپال، تاشمىلىق، بولاقسۇ ئەتراپىدا قاسىم تاش ھاجى باشچىلىقىدا يەنە بىر گۇرۇپپا تەشكىل قىلدى. بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئەسلىدىكى ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ۋەزىپىسىنى



ئۆتىدى ۋە تۇراللىق قوزغىلاڭغا ھازىرلىق قىلدى. ئۇلۇغچاتتىكى قىزىل ئۆي، بورتوقاي قاتارلىق جايلارنى ئاساس قىلغان ھالدا مۆتىۋەرلەردىن ساتىباي، سابىت بەگ، ئىلغار قىرغىز زىيالىي مەرھۇم مەھەممەت ئەيسالار باشچىلىقىدا يەنە بىر تاغ پارتىزانلار ئەترىتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مۇھەممەت ئەيسا ئالاقىچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. تاشقورغاندا كارۋانشاھبەگ، ئوبۇلقاسىم بەگ، تاشتۆمۈر، تاھىربەگ، زاھىربەگ ۋە لەشكەر، گۈلجامالىلاردىن تەركىب تاپقان يەنە بىر گۇرۇپپا قۇردى، ئاتۇشتا ئابلا مەھمۇدى، ئابلا مەخسۇم، رىشاتخان باشچىلىقىدا بىر گۇرۇپپا؛ مارالبېشىدا ئابدۇرېھىم سابىر، ئابدۇرېھىم لېتىپ، مۇسا سابىت، ئابدىقادىر ھاجى قاتارلىقلار قاتنىشىدا بىر گۇرۇپپا؛ مەكىتتە مەھەمەتخان ھاجى، ئابدۇقادىر خەلپەم، ئابدۇقادىر رايىمدىن قاتارلىقلار باشچىلىقىدا بىر گۇرۇپپا؛ يەكەندە ئابلاجان، رايىجان باشچىلىق سەمەت ئەمەت، مەھەممەت توختى قاتارلىقلار قاتنىشىدا بىر گۇرۇپپا؛ قاغىلىقتا قاسىم بەگ، قەييۇم خوجاك، ھاشىم خوجاك، تۇردى قادىر بەگ، ئىسھاقجانلاردىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپا؛ يېڭىساردا غوپۇرجان، سابىق قارى، × × × باشچىلىقىدا بىر گۇرۇپپا؛ پەيزىۋاتتا × × × (ئىسمىنى ئۇنتۇلدۇم) باشچىلىقىدا بىر گۇرۇپپا قۇرۇلغان. بۇ گۇرۇپپىلار خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن گېزىت چىقىرىش، تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىش، شوئار چاپلاش، ھەرقايسى سورۇنلاردا سوۋېت گېرمان ئۇرۇش ئەھۋالىنى ھەمدە جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگو

خەلقىگە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلەرنى سۆزلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلققە تىنچلىق دېموكراتىيىنى تەشۋىق قىلىدۇ ۋە شارائىتى ياخشى بولغان تاغ رايونىدا ھەم يېڭىسار، قاغىلىق، تاشقورغان، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردا قوراللىق قوزغىلاڭغا ھازىرلىق قىلىدۇ.

1943 - يىلى 7 -، 8 - ئايلاردا، گېنېرال ئىسھاقبېك ئۇلۇغچات تاغلىرىدا قوراللىق قوزغىلاڭ قىلماقچى بولغاندا، مەخپىيەتلىك پاش بولۇپ قېلىپ ھەرىكەت توختىتىلغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئىسھاقبېك ئۆز قوشۇنىدىن بىر ئەترەتنى تاشقورغان تاغلىرىدا قالدۇرغان بولۇپ، بۇ قوشۇن بۇ يەردە داۋاملىق پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ ھەربىي رازۋېتكا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانىدى. قەشقەر رايونىدىكى يەرلىك تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيىتى ۋە تاشقورغاندىكى ئەترەتنىڭ پائالىيىتى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ساراسىمىگە سالدى. نەتىجىدە 1945 - يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى ھەرقايسى يەرلىك تەشكىلات ۋە تاشقورغاندا ھەرىكەت قىلغۇچى ئەترەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئايرىش ئۈچۈن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ قوماندانى ياڭ دېلياڭ مەخسۇمنى مۇھاپىزەت قىلىش نىقابى بىلەن ئۇنى باغ ھويلىدىن شەھەر خام بازىرىدىكى ئۆيىگە كۆچۈرۈپ نازارەت قىلىدۇ. بۇ ھال ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ ۋە دۈشمەننىڭ ئەسەبىيلىكىگە خاتىمە بېرىش ۋە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئابلىز مۇھەممەدنى قەشقەرگە ئەۋەتىدۇ.



ئابلىز مۇھەممەدى قەشقەرگە يېتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا، گومىنداڭ ئارمىيىسى ئۆز ئىچىدىكى ئىلغارلار (قوراللىق قوزغىلاڭ باشلانغاندا ئىچىدىن ماسلىشىدىغان ئىنقىلابچىلار) دىن ئىسكادرون (لىيەنجاڭ) خوجا ئەخمەت (خەنزۇچە ئىسمى خاۋىنچاڭ) باشلىق 11 كىشىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈردى. بۇ ۋەقە ئاقسۇدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشچىلىقىدىكى ئۇچقۇن تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئۆلتۈرۈلگەن كۈن بىلەن بىر ۋاقىتتا توغرا كېلىدۇ.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ساقچى دائىرىلىرى تۈرمىدىن چىققان بىر كىشىنىڭ ئۇرۇمچىدىن قەشقەرگە يوشۇرۇن ئۆتۈپ، قەشقەردىكى گومىنداڭ گارنىزون شتابىدىكى خوجا ئەخمەت ئىسمايىل لىيەنجاڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقى ھەققىدە ئاخبارات ئىگىلەيدۇ. خوجا ئەخمەت ئېنىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك 10 نەپەر دوستى بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ. لېكىن ئۇرۇمچىدىن ماڭغان كىشىنىڭ كىملىكى نامەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىدىن بوشانغان بارلىق ئادەملەرنى قايتا قولغا ئېلىش بۇيرۇقى چىقىرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تۈرمىدىن بوشانغان ئادەملەر قايتا قولغا ئېلىنىدۇ.

ئابلىز مۇھەممەدى قەشقەرگە كەلگەندە قولغا ئېلىنىدۇ. گومىنداڭنىڭ قايتا قولغا ئېلىش ھەرىكىتى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرىدۇ. مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئىشپىيونلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا يەنىلا ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە، 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تاشقور-

غانى بازا قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى قوزغىلىپ، گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ قىسىملىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ، ئۇن ناھىيىنى ئىشغال قىلىدۇ.

1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، 11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىم ئىمزالىنىپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باش ۋالىيسى، قوشۇمچە قەشقەر ئامانلىق ساقلاش باش قوماندانى بولىدۇ. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ۋالىي بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن كۈچى بىلەن خەلقچىل سايلامنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. قەشقەردىكى سايلام ھەرىكىتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. بۇ يىللاردا، جاي - جايلاردىكى خەلقچىل زاتلار، ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلار، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قىستىشى ۋە قىيناشلىرىغا ئۇچرىغان ئىنقىلابىي كىشىلەر، ئاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىغا قاتناشقان جەڭچى، ئوفىتسېرلار، جەنۇبىي شىنجاڭ ياشلار ھەرىكىتىنىڭ يارلىق ئەزالىرى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ھىمايىسىدە بولىدۇ.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىنى ھىمايە قىلاتتى، شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ئىشلىگەن، بولۇپمۇ قەشقەر رايونىدا ئىشلىگەن خوجىيەن، شۇلياڭ ۋە لى زېلياڭ (ئەسلى ئىسمى لى يوڭپاڭ) قاتارلىقلار بىلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولغان. ئۇ



يەنە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي رەھبەرلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان.

1947 - يىلى 5 - ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەندە، ئۇلار بىلەن ئىنتايىن قىزغىن سۆھبەتتە بولۇپ، كۆز ئالدىدىكى ۋەزىيەت ھەققىدە ئەستايىدىللىق بىلەن سۆھبەتلەشكەنىدى

1947 - يىل 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى 11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمىنى بۇزۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىلغار پىكىرلىك ياشلارنى قولغا ئالدى. بۇ چاغدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ئۆيىنى گومىنداڭنىڭ بىر لىيەن ئادىمى مۇھاسىرىگە ئېلىپ قورشاپ، لىيەنبۇسىنى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىپ ئۇنى قاتتىق نازارەت قىلدى. ئۇلار نازارەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى كىشىلەرنىڭ بېرىش - كېلىش ئىشلىرىنىمۇ چەكلىدى. چىقىش - كىرىش بولۇپ قالسا رازۋېتچىكلار بىللە ماڭدى، لېكىن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قولغا ئېلىنغان ئىنقىلابچىلارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش يولىدا كۆرەش قىلدى. گومىنداڭنىڭ قەشقەردىكى ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ۋە ئۆلكىدىكى ھەربىي - مەمۇرىي دائىرىسىگە داۋاملىق خەت ۋە تېلېفون ئارقىلىق قامالغانلار ئۈستىدىكى ھەر خىل قىيىن - قىستاق ئازابلارنى بىكار قىلىش ۋە ئۇلارنى قويۇپ بېرىش توغرىسىدا تەلەپ

ۋە شەرتلەرنى قويدى، بولۇپمۇ 1949 - يىلى بۇرھان شەھىدى ئۆلكە رەئىسى بولغاندىن كېيىن، بۇرھان شەھىدىگە كۆپلىگەن خەتلەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇ ئۈمىدلىرىنى بايان قىلىپ شىنجاڭدا تىنچلىقنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى، تۈرمىدىكىلەرنىڭ ۋاقتىدا قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

1949 - يىلى 25 - سېنتەبىردە، شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئارمىيە دائىرىلىرى ھەقىقەتكە ئۆتكەنلىكىنى جاكارلىدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم يەنە قەشقەرگە باش ۋالىي بولۇپ تەيىنلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي ھۆكۈمەت رەئىسى ماۋ زېدۇڭ مەخسۇس دىيەنتەي ئەۋەتىپ شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى ئۈستىدە بىۋاسىتە مەسلىھەتلىشىدۇ ۋە يوليورۇقلار بېرىپ تۇردى. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم 1949 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، ستالىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 71 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىدە زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ستالىن، ماۋ زېدۇڭلارغا چىن دىلىدىن مەدھىيە ئوقۇدى. 1950 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدىن كونسۇل تاجالكىن، مۇئاۋىن كونسۇل باتۇروپلار سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن، ئۆز دۆلىتىدىن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلەت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تۆھپىسى ئۈچۈن مەخسۇس ئەۋەتىلگەن لېنىن ۋە ستالىن سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن مېدالىنى تەقدىم



قىلدى (مېدالنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ۋە تارتىلغان رەسىمى بار).

1950 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي ھۆكۈمىتى 1225 - نومۇرلۇق خىزمەتكە تەيىنلەش ئۇقتۇرۇشى چىقىرىپ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى غەربىي شىمال رايونلۇق ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ خەلق تەپتىش ۋەكىلى قىلىپ بەلگىلىدى. 1951 - يىلى 5 - ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى ئۆلكىلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ رەسمىي ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلەپ تەكلىپ ئەۋەتتى. 1952 - يىلى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم يېشىنىڭ چوڭىيىپ قېلىشى ۋە تەن سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولماسلىقى سەۋەبلىك خىزمىتىدىن ئىستېپا سورىدى. 1953 - يىل 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، مەركىزىي ھۆكۈمەت 5592 - نومۇرلۇق خىزمەتكە تەيىنلەش ئۇقتۇرۇشىنى چىقىرىپ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى غەربىي شىمال رايونلۇق مەمۇرىي مەھكىمە خەلق تەپتىش ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلىدى. 1954 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ سايلاپ گۇۋاھنامە ئەۋەتتى.

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم بىر ئۆمۈر ھاياتىنى سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم ئىشلىرى، شىنجاڭدا تىنچلىق بىرلىكىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى، ۋەتەننىڭ ئازادلىقى، خەلقىنىڭ مەرىپەت ئىگىلەپ جاھالەتتىن قۇتۇلۇشى

ئۈچۈن بېغىشلىدى، ئۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن جاھانگىرلىك، فېئودالىزم كۈچلىرى بىلەن تىنىغمۇ تىنىغ ئېلىشىپ ئاجايىپ تۆھپىلەرنى ياراتتى.

ئۇ ئۆز مەقسەتلىرى يولىدا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە جاپالىق ئىشلەپ، ئاخىرى 1955 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كېسەل مۇناسىۋىتى بىلەن 85 يېشىدا قەشقەردە ۋاپات بولدى.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ كىنو - فىلىم شىركىتى)



# پەننىي مائارىپ تارىخىدىكى تۆھپىكار پېداگوگ ئەنۋەر ئەپەندى توغرىسىدا

ئىسلامجان سابىت

ئەنۋەر ئەپەندى (1900 — 1983 - يىللىرى) يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپىنىڭ بۆشۈكى، دەپ تەرىپلىنىۋاتقان ئۇستۇن ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدىكى ئوقۇمۇشلۇق دېھقان مەھەممەت ھەسەننىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى دېھقانچىلىق ۋە ئاز - تولا چارۋىچىلىقتىن كېلىدىغان ئىگىلىككە تايىنىپ جاھاندارچىلىق قىلىدىغان كىشى بولسىمۇ، ئەمما بارلىق كۈچى بىلەن پەننىي مائارىپنى قوللاش، يېڭىلىققا كۆچۈشنى تەشەببۇس قىلىشتەك ئىلغار پىكىرلىك ئىدىيىسى بىلەن يۇرتىمىزدىكى جامائەتچىلىك ئارىسىدا مۇناسىپ ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاكا - ئۇكا ھۈسەنبايۇۋلار قۇرغان شىنجاڭ مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى پەننىي مەكتەپ («ھۈسەينىيە مەكتىپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى باشتىن ئاخىر قوللايدۇ ھەمدە يېقىندىن يار - يۆلەكتە بولۇش بىلەن بىرگە، ئۆز پەرزەنتلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن يېڭى پەننىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىدۇ. ئەنۋەر مەھەممەت ھەسەن ئەنە شۇ

«ھۆسەيىنىيە مەكتىپى» دە ئوقۇغان بالىلارنىڭ ئىچىدىكى
زېھنىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، پەننىي بىلىمگە ئىنتى-
لىدىغان، ئەقىللىق پەرزەنتلەردىن بىرى ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا «ھۆسەيىنىيە مەكتىپى» دىكى ئوقۇ-
غۇچىلار بىر يىل تەييارلىق سىنىپىدا ئوقۇتۇلۇپ، ئاندىن
بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى سىنىپتا ئىككى يىلدىن
ئوقۇتۇلىدۇ. ئۇنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1—B، 1—A،
2—B، 2—A، 3—B، 3—A دەپ ئاتايدۇ، تۆتىنچى
ۋە بەشىنچى سىنىپتا بىر يىلدىن ئوقۇتۇلۇپ، جەمئىي
توققۇز يىللىق ئوقۇتۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ.

ئەنۋەر مەھەممەت ھەسەن سەككىز يېشىدا بۇ مەكتەپ-
كە كىرىپ، يۇكسەك تىرىشچانلىق بىلەن ھەرقايسى
پەنلەرنى پىششىق ئىگىلەيدۇ. ھەر يىلى ئوقۇشتا
1 - دەرىجىلىك بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلىنىدۇ، ئوقۇت-
قۇچى ئۇستازلارنى، ساۋاقداشلارنى قايىل قىلىدۇ. ئۇ بۇ
مەكتەپتە توققۇز يىل ئوقۇپ ئەلا نەتىجە بىلەن مەكتەپنى
تاماملايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ مائارىپچىلىق
ھاياتى باشلىنىدۇ.

ئەنۋەر ئەپەندى ئوقۇتقۇچى بولغاندىن كېيىن، ئىك-
ساق مەكتىپىنىڭ شۇ چاغدىكى كەسپىي يېتەكچىسى ۋە
پېداگوگى تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا، يېڭى
مەكتەپ مائارىپىنىڭ بىر يۈرۈش مېتودىنى پۇختا ئىگىل-
لەپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىر چاغدا، كەسپىي قابىلى-
يىتىنى پەيدىنپەي ئۆستۈرۈپ، پىشقان پېداگوگقا
ئايلىنىدۇ. تەنتەربىيە جەھەتتىمۇ ئۆزىنى كۆچەيتىپ، مىل-



لىتىمىز ۋە دۆلىتىمىز تەنتەربىيە تارىخىدا شانلىق نەمۇنە
يارىتىدۇ. مەسىلەن: 1927 - يىلى 5 - ئايدىكى ئىكساق
پۇتبول كوماندىسى بىلەن ئەنگلىيە، شىۋېتسىيلەرنىڭ
قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانا پۇتبول كوماندىسى ئوت-
تۇرىسىدا بولغان تۇنجى قېتىملىق مۇسابىقىدە، ئۇ ئىكساق
كوماندىسىنىڭ ۋارتارى بولۇپ مەيدانغا چۈشىدۇ ھەمدە
بۇ مۇسابىقىنىڭ بىزنىڭ غەلىبىمىز بىلەن ئاخىرلىشىشىدا
ئاجايىپ رول ئويناپ، ناھايىتى زور شۆھرەت قازىنىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ ئىچىدىكى ئابرويى يەنىمۇ يۇقىرى
كۆتۈرۈلىدۇ.

ئىكساق پەننىي مائارىپىنىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسى
بىلەن 1930 - يىللىرى ئۇستۇن ئاتۇش، ئاستىن ئاتۇش
ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردا يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى
يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ. 1933 - يىلى
قەشقەر رايونىدا بىرقەدەر تىنچلىق مۇھىت بارلىققا كەل-
گەندىن كېيىن، مەخمۇت مۇھىتى ۋە ئابدۇراخمان مەخسۇت
قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ تەشەب-
بۇسى بىلەن، يېڭىچە مەكتەپ ئارقا - ئارقىدىن تەسىس
قىلىنىشقا باشلايدۇ. لېكىن شۇ چاغدا يېڭى مائارىپ ئىش-
لىرى بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك قىيىنچىلى-
قىغا يولۇقسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇتەئەسسىپ قارا كۈچ-
لەرنىڭ قاتمۇقات بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، توسالغۇ پەيدا
قىلىشلىرىغا دۇچ كېلىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا ئىكساق
پەننىي مەكتىپىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇدىرى تۇرسۇن
ئەپەندي ئۆز مەكتىپىدىن ئايرىلىپ، بىر بۆلۈك ئوقۇتقۇ-

چىلارنى باشلاپ قەشقەر پەننىي مائارىپىغا يار - يۆلەكتە بولۇش ئۈچۈن قەشقەرگە كېلىدۇ. نەتىجىدە ئەنۋەر ئەپەندى ئىكساق يېڭى مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، پەننىي مائارىپنى روناق تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا ئۆزىنى بېغىشلايدۇ.

ئەنۋەر ئەپەندى 1933 - يىلى مۇدىر بولغاندىن تارتىپ، 1943 - يىلغىچە ئىكساق مەكتىپىدە كۆپ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ياخشى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىدۇ. كەڭ خەلقنىڭ دىلىنى يورۇتۇپ، ئۇلارنى يېڭىچە بىلىم ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، زور تۆھپە يارىتىدۇ. ئۇنىڭ قوللانغان تەدبىرلىرى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلاردا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ:

1) ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىپ، ئوقۇتۇش ئوبيېكتلىرىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. 1930 - يىللىرى ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ بەيساق، قايراق، ئۈچا ۋە تاقۇت قاتارلىق كەنتلىرىدە پەننىي مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، كەڭ ئاممىنىڭ بۇ مەكتەپلەردە ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇشى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئەنۋەر ئەپەندى بۇ يېڭى يۈزلىنىشنى تېخىمۇ دادىللىق بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، يىراق - يېقىندىكى كەنتلەردىن كۆپلەپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، ئەسلىدىكى 75 نەپەر ئوقۇغۇچى سانىنى 526 نەپەرگە كۆپەيتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بىرقەدەر قىيىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ قىيىنچىلىقتا جىددىي مۇئامىلە قىلىپ، ئوقۇتقۇچى تاللاش ۋە ئۇلارنى



يېتىشتۈرۈشكە زور ئەجىر سىڭدۈرىدۇ. نەتىجىدە ئەسلىدىكى 14 نەپەر ئوقۇتقۇچى سانىنى بىراقلا 37 نەپەرگە كۆپەيتىپ، مەكتەپنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنىمۇ زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

2) مەكتەپنىڭ نۆۋەتچىلىك ئىشلىرىنى ۋە ھەپتىلىك خۇلاسە ئىشلىرىنى چىڭ تۇتىدۇ. مەكتەپنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنىڭ ياخشى، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشى شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ ياخشى، يامان بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ئەلۋەتتە نۆۋەتچىلىك ۋە ھەپتىلىك خۇلاسە ئىشلىرىنىڭ چىڭ تۇتۇلۇشى ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. ئەنۋەر ئەپەندى ئەينى ۋاقىتتىلا بۇ نۇقتىنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۈندىلىك نۆۋەتچىلىك ئىشلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چىڭ تۇتۇپ، تەرتىپكە سېلىپ ۋە كۈچەيتىپ، مەكتەپنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىدىن ۋاقتىدا خەۋەر تېپىپ تۇرىدۇ، بىر ھەپتە توشقاندا مەكتەپنىڭ شۇ ھەپتىلىك ئومۇمىي ئىشلىرىدىن خۇلاسە قىلىپ، ياخشى كەيپىياتلارنى رىغبەتلەندۈرۈش، يېتەرسىزلىك تەرەپلەرنى تۈزىتىش ھەققىدە تەنقىد - تەربىيىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق مەكتەپ تۈزۈمىنى كۈچەيتىدۇ.

3) ئوقۇتۇش بىلەن ئادەم تەربىيىلەشنى بىرلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتىدۇ. مائارىپ تەلىم - تەربىيىسىدە ئوقۇتۇش بىلەن ئادەم تەربىيىلەش ئەڭ مۇھىم مەركىزىي ھالقا بولغانلىقتىن، ئەنۋەر ئەپەندى بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە

ئەھمىيەت بېرىپ، بۇنى كۈندىلىك پائالىيەتنىڭ مەزمۇنى قىلىدۇ. ئۇ ئوقۇتقۇچىلارغا ھەر دائىم ئەستايىدىل دەرس تەييارلاش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىملا قائىدىسىگە ۋە خەتنىڭ گۈزەللىكىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش، بار ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ ئاددىي ئۇسۇل قوللىنىپ كۆرسەتكۈچلۈك دەرس ئۆتۈش، ئوقۇتقۇچىلارنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بايقاش، ئەخلاقىي تەربىيىسىگە سەل قارىماسلىق قاتارلىق جەھەتلەردىن قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. ھەممە كۆپ تەرەپلىمىلىك خىزمەت ئىشلەشكە كۆڭۈل بۆلۈشنى تەكىتلەپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقىنى تېخىمۇ قوزغاپ، ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنۈپ ياخشى تەربىيىلەش ئاكتىپچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

4) تەنتەربىيە ۋە باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى تېخىمۇ جانلاندۇرىدۇ. ئەنۋەر ئەپەندى ئۆزى بىر تەنتەربىيە ھەۋەسكارى بولغانلىقتىن، تەنتەربىيىنى راۋاجلاندۇرۇش بىر مىللەتنىڭ ئۇنىۋېرسال تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىنىڭ بىرى دەپ قاراپ، تەنتەربىيىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇ، مەكتەپ مۇدىرى بولغاندىن كېيىن مەخسۇس تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنى بېكىتىپ، پۈتۈن ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىن پۇتبول كوماندىسى ۋە يېنىك ئاتلېتىكا كوماندىسى قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا تەنتەربىيە مەشىقىنى چىڭ تۇتىدۇ. ھەتتا ئۆزىمۇ بەزى تۈرلەردە ئوقۇتقۇچىلارغا ئۈلگە كۆرسىتىپ، تەنتەربىيە مەشقىغە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە 1934 - يىل 7 - ئايدا ئۈستۈن



ئاتۇش بويىچە مەكتەپلەر ئارا ئۆسمۈرلەرنىڭ تەنتەربىيە تەييارلىق مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلىدۇ. مۇسابىقىگە قاتناشقان ھەرقايسى مەكتەپ كوماندىلىرى ئىچىدىن ئابلىمىت قاتارلىق 32 كىشىلىك يېنىك ئاتلېتىكا ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەيدۇ. بۇ گۇرۇپپا ئەزالىرى 3 ئاي جاپالىق مەشىق قىلغاندىن كېيىن، شۇ يىلى 10 - ئايدا قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئېلىپ بېرىلغان تەنتەربىيە مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدۇ. ئۇلار بۇ مۇسابىقىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ، مەكتەپ ئۈچۈن يەنە بىر چوڭ شان - شەرەپ قازىنىدۇ. ئەنۋەر ئەپەندى يەنە ئاممىۋى تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇتقۇچىلاردىن پۇتبول كوماندىسىنى تەشكىللەش بىلەن بىرگە، جامائەتچىلىك ئارىسىدىمۇ پۇتبول كوماندىسى تەشكىللەپ، ئاممىۋى تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، كىشىلەرنى يېڭىلىققا يۈزلەندۈرۈشتە تەشۋىقاتچىلىق رولىنى ئوينايدۇ.

5) كەڭ خەلقنى ئىلىم - پەنگە يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن دوكلات بېرىش ۋە تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مۇتەئەسسىپ، جاھىل كۈچلەرنىڭ تەسىرى ۋە توسقۇنلۇقى يەنىلا چوڭ بولغانلىقتىن، كەڭ خەلق ئاممىسىنى يېڭى پەننىي مائارىپقا يۈزلەندۈرۈپ، يېڭى ئىلىم ئالدۇرۇش خېلى مۈشكۈل ئىش ئىدى. ئەنۋەر ئەپەندى مەكتەپ مۇدىرى بولغاندىن كېيىن ھەرقانداق توسقۇنلۇق ۋە قىيىنچىلىقتىن قورقماي، مۇتەئەسسىپ جاھىل كۈچلەر بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىدۇ ھەممە

يېڭى مائارىپ، يېڭى ئىلىمنى تەشۋىق قىلىشنى جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈپ مائارىپنى ئۆز ھاياتىنىڭ مەزمۇنى قىلىدۇ. ئۇ ھەر يىلى بىرنەچچە قېتىم مەكتەپ ۋە جەمئىيەتتە دوكلات يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرىدۇ، دوكلاتىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇش، يېڭى ئىلىم ئېلىشنى تەشۋىق قىلىش بولۇپ، ئۇنىڭ بەرگەن دوكلاتىنىڭ قايىل قىلارلىقى كۈچلۈك، مەزمۇنى چوڭقۇر، تەسىرى چوڭ بولىدۇ. ئەنۋەر ئەپەندى يەنە مەخسۇس ئادەم تەشكىللەپ ئۇلارنىڭ ئائىلىۋى سۆھبەت ۋە ئاممىۋى خاراكتېرلىك سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇشقا يۇرت - يۇرتلارغا ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى يېڭى مەكتەپتە ئوقۇتۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. بۇلار ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغانلىقتىن، ئۇ ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى ھۆرمىتى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىگەن خىزمىتىنىڭ ئاشۇنداق نەتىجىلىك بولۇشى، جەمئىيەتتىكى ئىلغار كىشىلەرنىڭ يېقىندىن قوللاپ ياردەم بېرىشى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى، ساداقەتلىك بىلەن ئىشلىشى ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى.

ئەنۋەر مەھەممەت ھەسەن 1943 - يىلى مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى ئابدۇرېھىم تۇختىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىگە بېرىپ ئىككى يىل ئوقۇيدۇ. كېيىن قايتىپ كېلىپ ئۈستۈن ئاتۇش شۆبە ئۇيۇشمىدا بىر مەزگىل كاتىپ بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ شۇ جەرياندا كەڭ جامائەتچىلىككە يېڭى مەكتەپتە



ئوقۇش، يېڭىچە بىلىم ئېلىش توغرىسىدا تەشۋىق - تەرغىبات ئېلىپ بېرىپ، جامائەتنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى يېڭى دەۋر باشلاندى. لېكىن مەكتەپنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بۇ يېڭى دەۋرگە دەرھال ماسلاشتۇرۇپ كېتىش ئانچە ئوڭاي ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئەنۋەر ئەپەندى تەشكىلنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن 1950 - يىلدىن 1951 - يىلغىچە بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى يەنە بىر قېتىم ئۈستىگە ئېلىپ، مەكتەپتە يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش ئۈچۈن تۈرلۈك جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ. يەنە مەكتەپنى تەرتىپكە سېلىش، سىنىپ سانىنى كۆپەيتىش، ئوقۇغۇچىلار سانىنى كۆپەيتىش، يېڭى دەرسلىكلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئىدىيىنى سىڭدۈرۈپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئارقىلىق، مەكتەپنىڭ سوتسىيالىستىك مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ. شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مائارىپ ئىشلىرىنىڭ دەسلەپكى ئاساس سالغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنتۇلغۇسىز نەتىجىلەرنى يارىتىپ، كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: قىزىلسۇ ئوبلاستلىق
1 - ئوتتۇرا مەكتەپ)

# ئىكساق يېڭى مائارىپ سېپىدىكى پائالىيەتچى تۇرسۇن ئەپەندى

ئىسلامجان سابىت

فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ كىشىلەرنى قۇللۇقتا ۋە نادانلىقتا قالدۇرۇپ چىرىتىشى، دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ كىشىلەر ئۈستىدىكى مەنىۋى بويۇنتۇرۇقى XIX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە ھۆكۈم سۈرەتتى. مەزلۇم خەلق جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدا يېڭى ھاياتقا تەلپۈنەتتى. دەل شۇ چاغدا، ياۋروپا ئەللىرىدە ئېلىپ بېرىلغان سانائەت ئىنقىلابىدا ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى بەس - بەس بىلەن ئىلگىرىلەپ ئىنسانىيەت تارىخىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ياراتقان ھەمدە يېڭى مائارىپ ۋە يېڭى تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقانىدى. يېڭى مائارىپ، يېڭى تېخنىكا ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن زور كەشپىياتلار تېخىچىلا فېئودالىزم بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا ئۇخلاپ ياتقان نادانلىق دۇنياسىغا ئويغىنىش سىگنالىنى چالدى. بۇ سىگنال يۇرتىمىزغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. نەتىجىدە ئۈستۈن ئاتۇش ئىكساقتىكى موسا ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھۈسەيىن موسا بايوۋ،



باۋۇدۇن موسا بايوۋ قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر زاتلار غەرب ئەللىرىگە بېرىپ، ياۋروپادا يارىتىلغان ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى ۋە يېڭى مائارىپ يۈكسىلىشلىرىنى بىۋاسىتە كۆردى ھەمدە ئۇلار قايىل بولۇش ھېسسىياتى بىلەن 1985 - يىل ئىكساقتا يېڭىچە پەننىي مەكتەپ قۇرۇپ، يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىگە ئوبدان ئاساس سېلىپ، شىنجاڭدا يېڭى پەننىي مائارىپنىڭ قانات يېيىشىغا يېڭى ئاساس يارىتىپ بەردى. تۇرسۇن ئەپەندى يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ قانات يېيىشىدا باشلامچىلىق بىلەن رول ئوينىغان مەشھۇر پائالىيەتچىلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۇرسۇن ئەپەندى 1886 - يىلى ئۈستۈن ئاتۇش ئىكساق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئاتىسى ھاتەم شۇ يېزىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىدىن بولۇپ، دېھقانچىلىق بىلەن ئوتتۇرا ھال تۇرمۇش كەچۈرەتتى. تۇرسۇن ئەپەندى بالىلىق چاغلىرىدا زىرەك، شوخ بولسىمۇ، لېكىن ئاتىسى ھاتەم ئىكساقتا باشلانغان يېڭى پەننىي مائارىپنىڭ ئىلغار مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تېخى تونۇپ يەتمىگەنلىكتىن ئوغلى تۇرسۇننى ئالتە يېشىدىن باشلاپ دىنىي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇتىدۇ. لېكىن تۇرسۇنجاننىڭ يېڭى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسى كۈچلۈك بولغاچقا يېڭى مەكتەپ ئوقۇتۇشىنىڭ ئەۋزەللىكىنى دادىسى ھاتەمگە توختىماي چۈشەندۈرۈپ دادىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ئاخىرى، ئۇ 1894 - يىلى ئىكساقتىكى يېڭى مەكتەپ «ھۈسەينىيە مەكتىپى»

گە كىرىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. 13 يېشىدا بۇ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ ئائىلىسىگە قايتقاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن ئۇ ئاتىسىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىغا ھەمكارلاشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. شۇ چاغدا ۋەتەنپەرۋەر مەرىپەتچى ھۈسەيىن ھاجى ۋە باۋدۇن باي ئاكا - ئۇكىلار يېڭى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش پىلانىنى كۆڭۈللىرىگە پۈكۈپ، يېڭى ئوقۇتۇش بىناسىنى سېلىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار ئوقۇتقۇچى كەمچىل بولۇشتەك بوشلۇقنى جىددىي تولدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىپ، چەت ئەللەرگە كۆپلەپ ئوقۇغۇچى چىقىرىشقا ئالدىرايدۇ. باۋۇدۇن موسا باي بىر ئىككى يىل ئەتراپلىق تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن 1902 - يىلى بىر تۈركۈمدىلا تۇرسۇن ئەپەندى، كامال ئەپەندى (باۋدۇن باينىڭ ئوغلى)، ھەسەن ئەپەندى، مەسئۇد سەبرى، جىرجىس ھاجىم (بۇ ئىككىيلەن ئىلىدىن تاللانغان) ۋە قادىر ئەپەندى قاتارلىق سەككىز نەپەر ئىقتىدارلىق ياشنى تۈركىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ.

تۇرسۇن ئەپەندى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى قىسقا مۇددەتلىك دارىلمۇئەللىمىندە تىرىشچانلىق بىلەن ئوقۇپ، ئەلا نەتىجە بىلەن مەكتەپ پۈتتۈرىدۇ. بىلىم ئېلىش تەشنالىقى كۈچلۈك بولغان تۇرسۇن ئەپەندى تۈركىيىدىكى قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇش جەريانىدا بۇرژۇئازىيىنىڭ بەزىبىر دېموكراتىك ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز



دۆلىتىنىڭ ئاجىزلىقىنى، ئۆز مىللىتىنىڭ نادانلىقىنى ئاساسەن يېڭى پەننى مائارىپنىڭ يولغا قويۇلمىغانلىقىدىن كۆرىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇ ئۆز يۇرتىغا يېڭى مائارىپ ئۇرۇقىنى چېچىش ۋە يېڭى مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىدىيىسى بىلەن 1905 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا يەنە تۈركىيىدىكى «سۇلتانەم» ناملىق ئالىي بىلىم يۇرتىغا كىرىپ ئوقۇيدۇ. ئۇ بۇ مەكتەپتە يېقىنقى زامان پەننىي بىلىملەرنى ۋە مائارىپ بىلىملىرىنى ئۆگىنىشتىن تاشقىرى، ئېنگلىز تىلى ۋە فرانسۇز تىللىرىنىمۇ بىرقەدەر پىششىق ئۆگىنىدۇ، تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قىزغىن قاتنىشىدۇ، شۇنداقلا مەكتەپنىڭ پۇتبول كوماندىسىغا قوبۇل قىلىنىدۇ.

1909 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا تۈركىيىدە ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن تۇرسۇن ئەپەندى 1910 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، ئىكساقتىكى ئانا مەكتەپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن مائارىپچىلىق پائالىيىتىنى باشلايدۇ. ئۇ خىزمەت بىلەن بىرگە ئۆزلۈكىدىن ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇ «ھۈسەيىنىيە مەكتىپى»گە مۇدىر بولۇپ 1910 - يىلدىن 1933 - يىلغىچە جەمئىي 23 يىل ئىشلىدى. تۇرسۇن ئەپەندى يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىگە ئۇل سالغۇچى ۋە تەرەققىيپەرۋەر بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئۆز خەلقىنىڭ قەلبىنى يورۇتۇپ، زور تۆھپە قوشتى. ئۇ مەكتەپنى ئۇزۇن يىللار باشقۇرۇش جەريانىدا، بىر يۈرۈش پېداگوگىكىلىق پرىنسىپلارغا ئاساسەن مەكتەپ نىزامنامىسىنى، ئوقۇتۇش

پىروگراممىسىنى ۋە تەرتىپ، قائىدە نىزامىنى تۈزۈپ
چىقىپ، بىر يۈرۈش ئاقىلانە تەدبىرلەرنى يۈرگۈزگەنىدى.
مەسىلەن: بىرىنچىدىن، 1898 - يىلى ئازادە سېلىنغان
يېڭى مەكتەپ ئىكساقتا قەد كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما
مەكتەپنىڭ يەنە زۆرۈر بولغان نۇرغۇن ئەسلىھەلىرى تې-
خىچە تولۇقلانمىغان بولۇپ، تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ جان
كۆيدۈرۈپ ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە كارىدورلۇق كۆركەم
سېلىنغان سەككىز سىنىپلىق ئوقۇتۇش بىناسىدىن باشقا
يەنە 32 ئېغىزلىق ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسى، ياتاق
بىناسىنىڭ شىمالىدا قويۇق تېرەكلىك گۈللەر سىزىلغان
ۋە نەقىشلەنگەن پېشايۋانلىق مەسچىت، بىنالار ئارىلىقى-
دىكى شادا رېشاتكىلىق زال، ئىككى ئېغىزلىق ئاشخانا،
مۇلازىمەت دۇكىنى، شەرقىي شىمال تەرەپتە بەش مو
دائىرىسىدە مېۋىلىك چوڭ باغ، باغنىڭ شەرقىدە يەنە
شۇ چوڭلۇقتا تەنتەربىيە مەيدانى، ئالتە مو كەڭلىكتە
قاتار تېرەكلىك، تاش يارلىق مۇنچا، مەكتەپنىڭ
ئىشىكىگىچە سوزۇلغان 200 مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى يولنىڭ
ئىككى تەرىپىدە ئېرىق، ئېرىق بويلاپ ئۆستۈرۈلگەن تۆت
قاتار تېرەكلىك، ئىسكىلات، مۆتىۋەلى ئامبىرى، مەكتەپ-
نىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا تىياتىر زالى، غەربىي جەنۇبتا
تال، ئاھا، ئۈجمە دەرىخى بىلەن قاپلانغان چوڭ كۆل،
بىر چەتتە خىش پىشۇرىدىغان چوڭ خۇمدان، خۇمدان
ئامبىرى، ئىككى جايدا تاھارەتخانا بولۇپ، ھەقىقىي
يېڭى بىلىم يۇرتىغا مۇناسىپ جۇغراپىيىلىك شارائىت
ۋە مۇھىتنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئىككىنچىدىن، ئەسلى



دىكى بەش سىنىپنى سەككىز سىنىپقا كۆپەيتىپ،
ئىكساقنىڭ قوشنا يېزىلىرىدىن بولغان قايىراق، بەيساق،
پولچىلا، ئۇچا، قاقۇت قاتارلىق جايلاردىنمۇ ئوقۇغۇچى
قوبۇل قىلىپ، ئوقۇغۇچىلار سانىنى 165 نەپەردىن 380
نەپەرگە كۆپەيتكەن. ئوقۇتقۇچىلار بۇرۇنقى يەتتە نەپەر-
دىن 12 نەپەرگە كۆپەيتكەن. ئۈچىنچىدىن، ئوقۇتۇش
سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش خىزمىتى ئالاھىدە چىڭ
تۇتۇلۇپ، دەرسلەر تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، دەرس
تۈرلىرى كۆپەيتىلىدۇ. بۇ چاغدا ئالگېبرا، تارىخ، جۇغرا-
پىيە دەرسلىكلىرى تۈركىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق
ئەللەردىن كىرگۈزۈلەتتى. ئىملا ۋە ئەدەبىيات دەرسلىكلىرى
مەكتەپنىڭ ئۆزىدىن تەييارلىناتتى. تۆتىنچىدىن، يېڭىچە
تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن،
«ئىكساق يېڭى مەكتىپى» پۇتبول، بالقان، تامباس،
ۋالىبول، بىبۇ، يېنىك ئاتلېتىكا، كالتەك، تاش كەتتى،
تاش كەلدى، ئەسىر ئېلىش، ئىلەنگۈچ، چىغىرىق، تاغقا
چىقىش، نەيزە ئېتىش، چويۇن تەخسە ئېتىش، قارىغا
ئېتىش، دالادا يۈگۈرۈش قاتارلىق خىلمۇخىل تەنتەربىيە
پائالىيەتلىرى يولغا قويۇلغانىدى. تەنھەرىكەت
رەسمىي دەرس سېتكىسىغا كىرگۈزۈلۈپ، ھەر دۈشەنبە
كۈنى ئىككىنچى سائەت دەرستىن كېيىن تەنتەربىيە
پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش تۈزۈملەشتۈرۈلگەنىدى. تەنتەر-
بىيە كۇرۇژوكلىرى تەشكىللىنىپ، دەرستىن سىرتقى تەنتەر-
بىيە پائالىيەتلىرى خېلى جانلىق قانات يايدۇرۇلغا-
نىدى. بەشىنچىدىن، مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ئىكساق يەڭنىي

مەكتەپتە يۈز بېرىۋاتقان يېڭى شەيئىلەرنى بوغۇپ تاشلاش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەتكە تۈرلۈك ئەرز شىكايەتلەرنى قىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى شەيئىلەرنى: «خۇدانىڭ يولىدىن چىققانلىق، خاننىڭ ئەمرىنى ۋاجىپ تۇتمىغانلىق، شەيتاننىڭ ئىشى بىلەن شۇغۇللانغانلىق» دەپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان شارائىت ئاستىدا، تۇرسۇن ئەپەندى قاتارلىق زاتلار قىلچىمۇ تەۋرەنمەي ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي تەربىيىگە داۋاملىق ئوخشاش ئېتىبار بېرىپ ھەمدە ئوقۇغۇچىلارغا قەرەللىك تۈردە پەن بىلەن دىننىڭ مۇناسىۋىتىنى يەكلىمىلىك ھالدا ئىنچىكىلىك بىلەن تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ، پەنگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىملىرىدا ۋە ئاتا – ئانىلار سۆھبەتلىرىدە يېڭى مەكتەپتە ئوقۇشنىڭ كۆپ خىل ئەۋزەللىكلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، يېڭى پەننى بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ، روناق تېپىشنى تەكىتلىگەن. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كەچ كۇرسلارنى يولغا قويۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئاشۇرغان. تەتىل ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرىنى تەشكىللەپ، ئۆزى دەرس ئۆتۈپ بۇ ئىشلارنى داۋاملاشتۇرغانىدى. شۇ تەرتىپتە بۇ مەكتەپتىن ئەنۋەر ئەپەندى، پەخرىدىن ئەپەندى، غوپۇر ئەپەندى قاتارلىق 75 تىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى يېتىشىپ چىقىپ، باشقا ناھىيىلەرگە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە بارغان. ئالتىنچىدىن، ئەخلاقىي – پەزىلەت توغرىسىدا بىر يۈرۈش قائىدە – نىزام ئورنىتىلىپ ئەمەلىي



ئىجرا قىلىنغانىدى. بۇ قائىدە – نىزامنىڭ مەزمۇنلىرى: دەرسخانا تەرتىپىگە رىئايە قىلىش، دەرسخانىدا ۋە دەرسخانا سىرتىدا گەپ – سۆزلەردە، يۈرۈش – تۇرۇشلاردا ئەدەپلىك بولۇش، ھەرقايسى دەرسلەرگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ ئوقۇتقۇچىلارغا ھەر دائىم ھۆرمەت – ئېھتىرام بىلدۈرۈش، چوڭلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۇلارغا يول بېرىپ ئەدەپلىك بولۇش، ئاتا – ئانىلارغا كۆيۈنۈش، ئۆزئارا كۆيۈنۈپ ياردەم بېرىش، مەكتەپنىڭ ۋە خەلقنىڭ مال – مۈلكىنى ئاسراپ زىيان يەتكۈزمەسلىك، مەكتەپ ۋە شەخسىي تازىلىققا رىئايە قىلىپ، كىيىم – كېچەكلەرنى پاكىز ۋە رەتلىك كىيىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

تۇرسۇن ئەپەندى بىلىمگە زور ئىشتىياق باغلىغان شۇ زامانىنىڭ مائارىپ مۇتەخەسسىسى ئىدى. ئۇ، مائارىپ ئىلمى ۋە ھەرقايسى پەنلەرنى پۇختا بىلىپلا قالماستىن بەلكى ئىنگلىز، فرانسۇز، تۈرك، پارس ۋە ئەرەب تىللىرىنىمۇ پۇختا ئىگىلىگەنىدى. ئۇ يەنە شۇ چاغلاردا ئوقۇلىدىغان 37 خىلدىن ئارتۇق مەكتەپ شېئىرلىرىنىڭ بەزى تېكىستلىرىنى ئۆزى يازغان ھەمدە ئاھاڭلىرىنىمۇ ئۆزى ئىجاد قىلغان. مەكتەپ شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئىلىم – مەرىپەت، ئەخلاقىي – پەزىلەت روھى چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەنىدى. تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئىلىم – مەرىپەت توغرىسىدا يازغان بىر شېئىرىدا «ئوقۇمىغان ئىنسانلارنىڭ مۇشۇ كائىناتتا ھېچقانداق ھۆرمەت – ئېتىبارىنىڭ بولمايدىغانلىقى» ھەققىدە جاراڭلىق خىتاب قىلىنغان، بۇ روھ ئەينى ۋاقىتتا زور تەسىر قوزغىغانىدى. تۇرسۇن ئەپەندى

ھەم كىتابپۇرۇش بولۇپ، نۇرغۇنلىغان كىتاب - ماتېرىياللارنى توپلىغانىدى. ئۇ يەنە: «ئۇسسۇل تەدرىسى» ناملىق پېداگوگىكىلىق رىسالىسى قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى 1937 - يىلى شېڭ شىسەينىڭ قەشقەردىكى ژاندارمىلىرى تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىش بىلەن يوق بولغان.

تۇرسۇن ئەپەندى مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدە پۇتبولنى ئالاھىدە تۇتۇپ، يېڭى ئۆلچەم بويىچە تەشكىللەيدۇ، مەسىلەن: پۇتبول مەيدانىنى كېڭەيتىپ ئۆلچەملەشتۈرىدۇ. كوماندا ئادەم سانىنى، پۇتبول ھەرىكتى ئاتالغۇلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ. شۇ چاغدىكى ئىكساق كەنتىدىكى پۇتبول مەيدانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 75 مېتىر، كەڭلىكى 55 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ ئۆلچەم ھازىرقى پۇتبول مەيدانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 90 مېتىردىن 120 مېتىرگىچە، كەڭلىكى 45 مېتىردىن 90 مېتىرگىچە بولغان ئۆلچەمگە ئاساسىي جەھەتتىن يېقىنلىشىدۇ. شۇ تەرىقىدە تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە رەسمىي پۇتبول كوماندىسى تەشكىللىنىدۇ ھەمدە پۇتبول مۇسابىقىلىرى دائىم ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە ۋە جۈمە كۈنلىرى يۇرتلار ئارا ۋە يۇرت ئاتلاپ پۇتبول مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ.

1927 - يىل 5 - ئاي مەزگىللىرىدە، باۋۇدۇنباينىڭ قەشقەر شەھىرىدىكى ئىش باشقۇرغۇچىسى ۋەلىخانباي سودا مۇناسىۋىتى بىلەن ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىغا كىرىپ، كونسۇلخانا خادىملىرىنىڭ پۇتبول ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا ئىكساق پۇتبولچىلىرى بىلەن مۇسابىقلـ



شىپ بېقىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. كونسۇلخانا ماقۇل كۆرۈپ ئىكساق پۇتبول كوماندىسىغا ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. ئىكساق پۇتبول كوماندىسى ئىكساقتىن پىيادە مېڭىپ قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، ئىككى كۈن تەييارلىق مەشقى قىلىدۇ. مۇسابىقە قەشقەر شەھەر چىنىباغنىڭ سىتاڭ يېنىدىكى بېدىلىكتە (ھازىرقى شەھەرلىك ئاپتوبۇس شىركىتىنىڭ ئورنى) بولىدۇ. مۇسابىقە باشلىنىش ئالدىدا ئەنگلىيە كونسۇلى تۇرسۇن ئەپەندىگە: «بىز يېڭىلىپ قالساق كۆمۈش ئېگەر - جابدۇقلۇق بىر ئات بېرىمىز، سىلەر يېڭىلىپ قالساڭلار نېمە بېرىسىلەر؟» دېگەندە، تۇرسۇن ئەپەندى: «بىرگە ئىككى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەنگلىيە كونسۇلخانا پۇتبول كوماندىسى بىلەن ئىكساق پۇتبول كوماندىسى مۇسابىقىنى رەسمىي باشلايدۇ ۋە ئىككى تەرەپ جىددىي ئېلىشىدۇ. ئالدىنقى يېرىم مەيداندا ئەنگلىيە كونسۇلخانا كوماندىسى بىر توپ كىرگۈزىدۇ. كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ۋە تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن ئىكساق كوماندىسى ئىككىنچى يېرىم مەيدان مۇسابىقە باشلىنىش بىلەن بىردىنلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ قارشى تەرەپكە بىر توپ كىرگۈزىدۇ. يەنە بىر پەس ئېلىشىشلاردىن كېيىن، ئىكساق كوماندىسى قارشى تەرەپكە يەنە بىر توپ ئۇرىدۇ. نەتىجىدە ئىكساق كوماندىسى ئەنگلىيە كونسۇلخانا كوماندىسىنى بىرگە قارشى ئىككى نەتىجە بىلەن يېڭىدۇ.

1930 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، جىن شۇرېننىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ھەر مىللەت خەلقى ئارقا - ئارقىدىن قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. جاھالەت

ۋە نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ ئويغىنىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان بۇ خىل يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە، بولۇپمۇ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر - يېزىلاردا ئىككىنچى قېتىملىق يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى باشلانغانىدى. تۇرسۇن ئەپەندى بۇ يېڭى يۈزلىنىشكە جانپىدالىق بىلەن ئاتلىنىپ، بىر تەرەپتىن ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە ۋە جاھالەتكە قارشى كۈرەش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىككىنچى قېتىملىق يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قوزغىغۇچىلاردىن بولۇپ ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۆز مەكتىپىدە ئىزچىللار ئەترىتىنى تەشكىللەپ، ئىزچىللارغا بىر خىل سىماۋىي رەڭلىك فورما كىيگۈزۈپ، قوللىرىغا قىزىل بوياقلىق كالتەك تۇتقۇزۇپ مەشق قىلدۇرۇپ، يېڭى مائارىپ ئىشلىرىنى تەشۋىق قىلدى. 1933 - يىلى قەشقەر رايونىدا بىرقەدەر تىنچلىق مۇھىت يارىتىلغاندىن كېيىن، يېڭى مائارىپنىڭ ئىلغار تەشەببۇسكارلىرى مەھمۇت مۇھىتى ۋە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ رەھبەرلىكىدە قەشقەردە يېڭى مەكتەپ ئارقا - ئارقىدىن ئېچىلدى. لېكىن ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، تۇرسۇن ئەپەندى تېزدىن قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىپ، 26 نەپەر ئوقۇتقۇچىنى تەربىيەلەپ، نۇر بېشى، بولاق سۇ، تاشمىلىق، يېڭى ئۆستەڭ ۋە بەشكېرەم قاتارلىق جايلاردىكى مەكتەپلەرگە ئەۋەتتى. شۇ چاغدا قەشقەر نۇر بېشىدا 20 سىنىپلىق يېڭى مەكتەپ قۇرۇلۇپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئىلىم مە-



رىپەت مېۋىسى ۋە يېڭىلىقنى كۆرەلمىگەن بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كوچىلارنىڭ پىتنە - ئىغۋالىرى تارقىتىپ تۇسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئازىيىپ كېتىشكە باشلايدۇ. بۇ ھال ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قاتارلىق يېڭى مائارىپ تەشەببۇسچىلىرىنى قاتتىق ئېچىندۇرىدۇ. بۇ خەۋەر ئىكساق يېڭى مائارىپ يۇرتىغا يېتىپ كېلىشى بىلەن باۋۇدۇن مۇسابايىنىڭ ئىنىسى ئوبۇل ھەسەن ھاجى مۇساباي ۋە تۇرسۇن ئەپەندى قاتارلىقلار ئىكساق يېزىسىدىن بىر بۆلەك ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىپ كېلىپ نۇربېشىدىكى مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە «ھۆسەينىيە مەكتىپى» دە تەربىيە كۆرگەن بۇ بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىچە روھىي ھالىتى مەكتەپ ئىچى - سىرتىدىكى ياش ئۆسمۈرلەردە ۋە شەھەر خەلقىدە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شەھەر ئىچىدە يېڭى مەكتەپتە ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش دولقۇنى يەنە كۆتۈرۈلۈپ، ئوقۇشقا كەلگەن ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە سىغماي قالىدۇ. تۇرسۇن ئەپەندى قەشقەر نۇربېشى يېڭى مەكتىپىگە كەلگەندىن كېيىن، يېڭى مائارىپنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن يەنە ئەللىكتىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىل قىلىنغان تەشۋىقات ئەترىتىنى تەشكىللەيدۇ. بۇلار ئۈدا ئۈچ ئاي كوچا - كوچىلارغا چىقىپ يېڭى مائارىپنى تەشۋىق قىلىش سەپەرۋەرلىك پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن قەشقەر شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئويغىنىپ يېڭىلىققا ئىنتىلىشىگە مەدەت بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرسۇن

ئەپەندى، مەمتىلى ئىمىن، ئابدۇكېرىم ئۇلتا قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى 1935 - يىلى قۇرۇلغان قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىپ، بۇ مەكتەپتە بىرقانچە يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ نۇرغۇنلىغان ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.

تۇرسۇن ئەپەندى 1937 - يىل 11 - ئايدا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، قەشقەردىكى شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە مەردلەرچە قۇربان بولدى.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ)



# بوزدۆڭ ۋە بوزدۆڭلۈكلەر

ئابدۇراخمان مامۇت دىيار

بوزدۆڭ — ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تەڭرىتېغىنىڭ قوشگېزەك تۆمۈر چوققىسىغا ياندىشىپ تۇرغان ئىسمى-جىسمىغا لايىق بوز توپىلىق دۆڭلۈكتۇر.

بوزدۆڭنىڭ يەر مەيدانى $82\text{km}^2$ بولۇپ، ئوكيانىيىدىكى ناۋلو ئارال دۆلىتىدىن تۆت ھەسسە چوڭ. بوزدۆڭ كەنتىدە 147 ئائىلە، 1257 كىشى ياشايدۇ. يەر مەيدانىنىڭ ئاساسي قىسمىنى يايلاق ئىگىلەيدۇ. شىمال تەرىپى ئېگىز يايلاق، جەنۇب تەرىپى تەكشى پەسلەپ، تۈز ئاۋاتقىچە سوزۇلۇپ ياتقان قىشلاقلاردۇر. شەرق تەرىپى تەكشى ئويمان سايلىق بىلەن قەدىمكى كارۋان يولى ئارقىلىق قىزىل بۇلاق (لەڭگەر) گە، غەرب تەرىپى ئېگىز تاغ، جىلغىلار بىلەن تىكەنقۇرۇققا تۇتىشىدۇ. بوزدۆڭ كەنتىدە قاراقىر، مۆلكەم، سۇ قويۇلۇش، سېرىق كىرىش، مازار ئالدى ۋە قۇرغۇيلۇق دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان تېرىلغۇ يەرلەر ۋە چىغلىق جىلغىلار بار. ئالتە ئۆرۈك، دۆش، ئاچچىق تېكە، مىڭ تېكە،

قىرىق قول، قوزىۋاي... قاتارلىق گۈزەل يايلاقلار بار. بۇ يايلاقلار چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا قولايلىق شارائىتلارغا ئىگە. بۇنىڭ ئىچىدىكى دۆش يايلىقى ئەڭ ئېگىز يايلاق بولۇپ، ھەيۋەتلىك قارىغاي ۋە ئارچىلار ھېسابسىزدۇر. ئوت ۋە سۇلىرى مول، يامغۇر كۆپ ياغىدىغان يايلاقتۇر. دۆش يايلىقى ھەققىدە مۇنداق قوشاقلار توقۇلغان:

سەيلە قىلىپ چىقتىم دۆشكە،
مېھمان بولۇپ يېدىم ئۆچكە.
قايتىشىمدا ياغدى يامغۇر،
تويدۇم راسا يېگەن گۆشكە.

ئادەم بەدىنىدىكى قىزىل تومۇرلاردەك ئۇششاق ئېقىنلاردىن ھاسىل بولغان قۇرغۇيلۇق دەرياسى بوزدۆڭنىڭ ھاياتلىق يىلتىزىدۇر.

بوزدۆڭ 1937 - يىلغىچە ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيە بازىرىدىكى كۆك مەدرىسىنىڭ ۋەخپىسى ئىدى. بۇ ۋەخپىدە 30 ئۆيلۈك ئۇيغۇرلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ قىزىل، جام تەۋەلىكىدىكى توكتۇر، قارىسا قاتارلىق يېزىلاردىن كۆچۈپ بارغان دېھقانلار ئىدى. بۇلارنىڭ ئائىلە باشلىقلىرى: ھېۋىللا ئۇستام، چوناق ئوسمان، كەسكەك ئوسمان، ئابدۇرېھىم يۈز بېگى، ئوسمان موللام، قاسىم ھاجىم، مۇھەممەت نىياز ھاجىم، مۇھەممەتنىياز بوجاڭ، ئىبراھىم شاڭجاڭ،



توختى يۈز بېگى قاتارلىق جامائەتلىك كىشىلەر ئىدى. بۇلار بوزدۆڭنىڭ تېرىلغۇ ۋە يايلاقلىرىدىن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن ھەر يىلى كۆك مەدرىسكە 300 سەر كۈمۈش تەڭگە تاپشۇراتتى. مەلۇمكى، بوزدۆڭ خەلقى كۆك مەدرىسىنىڭ ئىجارىكەشلىرى ئىدى. قىزىل بۇلاقتىكى مەمتىل مىراپ بوزدۆڭنىڭ قارا قوتان دېگەن ئېدىرلىقىدا بىر قىش قوي قىشلىتىش ئىجارىسى ئۈچۈن 10 سەر كۈمۈش تەڭگە تاپشۇراتتى. 1942 - يىلى كۈزدە بوزدۆڭلۈكلەر بىلەن قىزىل بۇلاقلىقلار ئارىسىدا چېگرا ماجىراسى تۇغۇلغاندا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بوزدۆڭ ۋەخپىنامىسىنى تالاش - تارتىش بولغان نەق مەيدانغا ئاپىرىپ، ۋەخپىنامىدىكى كۆرسىتىلگەن پاسىللار بويىچە ھەل قىلغان. 1934 - يىلى ئاقسۇ كونىشەھەردە ئەۋقاپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، بوزدۆڭدىن يىغىۋېلىنغان ۋەخپە كىرىمى ئەۋقاپقا تاپشۇرۇلىدىغان بولدى. 1935 - يىلى ناھىيىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇيۇشمىغا تاپشۇرۇلۇپ، خويلى (خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر) نىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىش ھەققىگە بېرىلىدىغان بولدى.

1936 - يىلىدىن باشلاپ بوزدۆڭدە قىرغىزلار ئولتۇراقلىشىشقا باشلىدى. بۇ قىرغىزلار ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق كۆل ئەتراپىدا ياشىغۇچى پۇقرالار ئىدى. 1883 - يىلىدىن باشلاپ رۇس چوڭ مىللەتچى زومىگەرلىرىنىڭ قىرغىزلار ماكانىغا كېڭىيىشى باشلاندى. قىرغىز ياشلىرىنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ئالدى. 1932 - يىلى سوتسىيالىستىك

ئۆزگەرتىش دەۋرىدە يۈرگۈزگەن ھەددىدىن ئاشقان «سول» سىياسەتلەرمۇ قىرغىزلارغا ئارامسىزلىق ئېلىپ كەلدى. يۇقىرىقىدەك ھەر خىل سىياسەتلەر قىرغىزلارنى ۋەتىنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلدى. 1914 - يىلى قوزغالغان 1 - دۇنيا ئۇرۇشى، 1917 - يىلىدىكى ئوكتەبىر ئىنقىلابى، 1932 - يىلىدىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش مەزگىللىرى قىرغىزلارنىڭ توپ - توپ كۆچكەن دەۋرى بولغاچقا، بۇ — قىرغىزلار تارىخىدا ئۈچ قېتىملىق «ئۈركۈن» (كۆچۈش) دېيىلىدۇ. بوزدۆك قىرغىزلىرى 3 - قېتىملىق كۆچۈش دەۋرىدە ئۆتكەن مۇساپىرلاردۇر.

سوۋېت قىرغىزىستان قىرغىزلىرىنىڭ شىنجاڭغا كۆچۈشى ۋە بوزدۆك قىرغىزلىرى ھەققىدە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى كاندىدات تەتقىقاتچى ئەنۋەر بايتۇر (قىرغىز) «قىرغىز تارىخىدىن لېكسىيىلەر» ناملىق تارىخىي ئەسىرىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «1905 - يىلى چار روسىيە زومىگەرلىرى قىرغىزلارنى يەرلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، رۇس كۆچمەنلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. قىرغىزلارنىڭ قارشىلىقىنى قانلىق باستۇردى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1908 - يىلىدىن 1921 - يىلىغىچە پىشكەك شەھىرىگە قاراشلىق 81 مىڭ 868 ئائىلىلىك قىرغىز دېھقانىنىڭ 829 ى يەرلىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالدى. 1916 - يىل 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چار روسىيە ھۆكۈمىتى 19 ياشتىن 43 ياشقىچە بولغان قىرغىز ياشلىرىنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ئېلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەن. چار روسىيىنىڭ



قانلىق قىرغىنچىلىقى تۈپەيلىدىن قىرغىزلار جۇڭگو تېررىتورىيىسىگە قېچىپ كەلدى. بۇ قىرغىزلارنىڭ بىر قىسمىلىرى ئاقچى، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، ئاقسۇ كونىشەھەر، باي، ئاۋات، كۇچا تەرەپلەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. 1936 - يىلى بولاردىن بىر قىسمىلىرى بوزدۆڭگە كېلىپ ئورۇنلاشتى».

بوزدۆك قىرغىزلىرىنىڭ قەبىلە ئۇرۇقلىرى: سارباغىش، ساياق، دۆۋلۇس، جىلدىنىڭ قاتارلىق چوڭ ئۇرۇقلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلىدۇ.

1936 - يىلى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئاتالمىش «باندىت تازىلاش» ئەترىتى (4 - لەر دەۋر ئەترەت) تەركىبىدىكى سىدىقبېك قاتارلىقلار ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى باشقارمىسىدا ئىشلەۋاتقان مەزگىللەردە، ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسىگە قىرغىزلارنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى ئۈچۈن زېمىن ھەل قىلىپ بېرىش تەلىپىنى قويغانىدى. شۇ چاغلاردىكى ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ ھاكىمى ئېلى دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ سىدىقبېك بىلەن پىكىرداش ئىدى. شۇڭا ئۇ بوزدۆڭنى قىرغىزلارغا بۆلۈپ بېرىشكە ماقۇل بولدى، لېكىن بوزدۆك ئۇيغۇرلىرىنى كۆچۈرۈش ئاسانغا چۈشمىدى. ئېلى ھاكىم بوزدۆك ئۇيغۇرلىرىغا بوزدۆك ۋەخپى بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋەخپى يەرلەرنى مۇساپىرلارغا بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆپ قېتىم تەكىتلەپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، كۆچۈپ كېتىشكە ئۇنىمىدى. شۇ يىلى كۈزدە ئېلى ھاكىم بوزدۆك ئۇيغۇرلىرى

ئىچىدىكى ئابرويلۇق كىشىلەردىن ئىبراھىم شاڭجاڭ، ئابدۇرېھىم يۈز بېگى، ئوسمان موللام، موللامەت قاتارلىق 20 نەپەر كىشىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە چاقىرتىپ سۆھبەت ئۆتكۈزدى. بىرقانچە قېتىملىق نەسىھەتلەر كار قىلمىغاندىن كېيىن ئايرىم - ئايرىم سۆھبەتلەر ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار يۇمشاپ بوزدۆڭنى قىرغىزلارغا بېرىشكە ماقۇل بولغان. ئۇيغۇرلارنى بوزدۆڭ ئەتراپىدىكى ئۈستەڭبويى، قوغان، قىزىلبولاق، ئاقبولاق، بايلىقئاتا، تىكەنقۇرۇق، تۈز ئاۋات قاتارلىق جايلارغا، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنى باي ناھىيىسىنىڭ ياقئېرىق، شاختۇر، قارىباغ، ئۇچتۇرپاننىڭ ئاقيار قاتارلىق جايلىرىغىچە كۆچۈرگەن. شۇ چاغلاردا بوزدۆڭگە ئەڭ بۇرۇن كەلگەن قىرغىزلار: ئۆنتاي، ئابدىراي، غوجى، ئالىشباي، ئاسانئالى، قاراسىدىق، قويچىمان دېگەن كىشىلەر ئىدى. بۇ قىرغىزلار شۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلار بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلار بىلەن ھايات - ماماتتا بىللە بولدى.

1931 - يىلى خوجانىيازھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى كۆتۈرۈلۈپ، بۇلار جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، ئاقسۇغا كەلگەندە ئىسمايىل قاسىم ھاجى (باي سىجاڭ) ئەسكەر ئېلىپ خوجانىياز ھاجىنىڭ ئىنقىلابىغا قوشۇلدى. بۇ ئەسكەرلەر ئىچىدە قىرغىزلاردىن تەشكىللەنگەن، چىرىك، ئابدۇخالىق، مانسۇر، ئاسانئالى، بايقارى قاتارلىق ئەسكەرلەر بولۇپ، بۇ ئەسكەرلەر قەشقەرگىچە بېرىپ سوقۇشقا قاتناشقان. باي سىجاڭ قارايۇلغۇندىكى سوقۇشتا سۇيىقەستكە ئۇچرىغاندا قىرغىز ئەسكەر-



لىرى بوزدۆڭگە ئەكىلىپ دەپنە قىلىنغانىدى.

بوزدۆڭ قىرغىزلىرى ئەجدادلىرىنىڭ قەھرىمانلىق داستانلىرىنى ۋە رىۋايەت ئەپسانىلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا يەتكۈزۈشنى ئۇنتۇلمايدۇ. قەبىلە ئۇرۇق نەسەبلىرىنى بىلمەسلىكنى نومۇس بىلىدۇ. مەشھۇر قەھرىمانلىرىنىڭ تارىخى، ئۇلارنىڭ جەڭ ھاياتىنى ھېكايە قىلىشىدۇ. مەشھۇر قەھرىمانلىرىنىڭ داستانى: «ماناس»، «قۇرمانبەك» ... لەرنى قومۇزغا تەڭكەش قىلىپ ئوقۇپ كەلگەن. توي، بايرام كۈنلىرىدە ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت — ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىش، «يار كۆرۈش» قاتارلىق مىللىي ئويۇنلارنى قىزىتىدۇ. بوزدۆڭ قىرغىزلىرىنىڭ ئەۋلادلارغا قالدۇرغان بەزى قوشاقلىرىدا ئەقىل - پاراسەت مەدھىيىلىنىپ، ئاچكۆز، بېخىللىق قامچىلانغان. مەسىلەن، بىر يىگىت بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن قوينىڭ بەل سۆڭىكىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ شەكلى نېمىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشنى ئېيتقاندا، قىز تېنىمەي تۆۋەندىكى جاۋابنى بەرگەن.

ئاسىي ئاتنىڭ ئېزىقى،
كاسكەرلەرنىڭ كاشكىپى (پىچىقى)،
باتۇرلارنىڭ ماڭلىيى،
چېچەنلەرنىڭ تاڭلىيى،
تۆگمەننىڭ كولىسى،
مەن پېقىرنىڭ ساغرىسى.

بۇ قوشاقنى بوزدۆڭ قىرغىزلىرىنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك بىلىدۇ، مىھمانلارنى پەس كۆرۈپ، ئادەمگەرچىلىك قىلمىغان بىخىل كىشىلەرنى سوققان مۇنداق قوشاقلارمۇ بار.

ئالتە قاچقىن بىر تاۋاق،
ئارىسىدىن گۆش قاراپ،
قاچقۇن كۆرۈپ بىزلەرنى،
غىرىب قىلدى بۇ چوكان،
سەكسەن خېمىرغا سەكسەن تال،
نىرىن سەپتىنىڭ چوڭ باغشى،
بىچارە گۆشنى خېمىرغا،
كۆمۈۋەتتىنىڭ چوڭ باغشى.

بوزدۆڭ قىرغىزلىرى ئارىسىدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ھەر تەرەپلىمە مەزمۇن قىلغان قوشاقلار ناھايىتى كۆپ. بوزدۆڭدىكى قىرغىزلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرى ناھايىتى ئىشچان ۋە مىللىي ھۈنەر - سەنئەتكە، ئائىلە مۈلۈك بىساتلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇشقا بەك ماھىر، كىگىز پۇشۇرۇش، شىرداق تىكىش، تىرە ئاشلاش، ئىگەر - جابدۇقلارنى ئىشلەش، ھەرخىل كەشتە، قۇرداقلارنى تىكىشتە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بوزدۆڭ قىرغىزلىرى ئىچىدە ئاتاقلىق ھەرساھە ئەربابلىرى مەيدانغا كەلگەن ۋە كەلمەكتە. بۇلارنىڭ ئارىسىدا مەكتىباي، موسرالى موللام، موسادا موللام، ئەنۋەر بايتور... لار ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك شەخسلەردۇر.



**مەرىپەتپەرۋەر مەكتىباي(1890 — 1962):** ئۆزىنىڭ تاغ رايونلىرىنىڭ شاكىيولۇق ۋەزىيە ھوقۇقىدىكى پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، 1934 - يىل ئىچىدە بوزدۆڭدىن ساۋاپچىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلاردا تارقاق ئولتۇراقلاشقان قىرغىزلارنىڭ ئوقۇش يېشىدىكى باللىرىنى تىزىملاپ، ئۇلارغا ۋە ئاتا - ئانىلارغا ئوقۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەشۋىق قىلدى. ئاندىن كېيىن ئۆزى باشلامچى بولۇپ، 30 قوي ۋە بىر قىسىم پۇلىنى مەكتەپ سېلىشقا ئاجرىتىپ، باشقىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئارقىلىق 1936 - يىلى تاغلاقتا بىرىنچى قېتىم ئاستى - ئۈستى تاختايلىق، تۆت سىنىپلىق، ياتاقلىق قىرغىزلار مەكتىپىنى بارلىققا كەلتۈرگەندى. 1936 - يىلى بوزدۆڭگە كەلگەندە، بوزدۆڭدىمۇ مەكتەپ ياساشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ياتاقلىق مەكتەپ بەرپا قىلدى. مەكتىباينىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان تاغلاق، بوزدۆڭ مەكتەپلىرىدە نۇرغۇنلىغان قىرغىز زىيالىيلىرى يېتىشىپ چىقىپ، ئىلىم مەرىپەتنىڭ ئومۇملىشىشىغا شارائىت يارىتىلدى.

**موسرالى موللام (1905 — 1955):** 1937 - يىلى باي ناھىيىسىنىڭ قارىباغ تاغلىق رايونىنىڭ تېرەك دېگەن يېرىدە، «باھار» ناملىق مەكتەپ ئاچقان. ئۇ 1940 - يىلى بوزدۆڭ مەكتىپىگە كېلىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپلا قالماي، بەلكى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشتىمۇ تۆھپە ياراتتى. 1943 - يىلىغا كەلگەندە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 200 گە يەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ چوڭلىرى 20 ياش ئىدى. موسرالى موللام

دەۋرىدە ئايگۈلچە، ئايىتكە، ئايشە قاتارلىق قىرغىز مۇئەل-
لىملەر يېتىشىپ چىقتى. شۇ يىللاردا بوزدۆڭدە ئوقۇغان
ئوقۇغۇچىلاردىن 10 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئورۇمچىدە
ئۆلكىلىك مەكتەپلەردە ئوقۇدى. موسرالى قىرغىزلار ئىچىدە
بىلىمنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە تەلەپچانلىقى بىلەن تونۇلغان
كىشىدۇر.

موسا داموللام (1876—1946): مۇسا داموللام ئۆز
زامانىسىدا بۇخارا، قەشقەر، ئاقسۇ تەۋەلىكىدىكى مۇسۇل-
مانلار ئارىسىدا نامى چىققان ئۆلىما ۋە تەرەققىيپەرۋەر
زات ئىدى. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدا يۇقىرى دىنىي مەلۇماتقا
ئېرىشىپ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا باشلىغان. پوشكەك
(فرونزا)، تاشكەنت شەھەرلىرىدىكى مەدرىسىلەردە مۇدەر-
رىس بولغان. بۇخارا مەدرىسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن
تاماملىغان. مۇسادامولانىڭ ئۆز زامانىسىدىكى شاگىرت-
لىرىدىن 100 دىن ئارتۇقراقى بۇخارا مەدرىسىنى پۈتتۈر-
گەن تالىپلار ئىدى. مۇسادامولام يۇرتىدىن كېلىپ،
ئاقسۇ كونىشەھەردىكى مۇدەررىسلەر ئۇستازى مولا ناسىر
داموللامنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى. مولاناسىر دامول-
لام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق
قىلىپ ئاقسۇ كونىشەھەر خانىقاسىدا مۇدەررىسلىك قىلدى.
بوزدۆڭدە تۇرغان مەزگىللەردە مەسچىت سالدۇرۇپ، قىرغىزلار
ئىچىدە ئىلمى بولغان مۇسۇلمانچىلىق ئەھكاملىرىنى
كۆچەيتىپ، ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلدى. «ئاقايەت
زۆرۈرى» دىن دەرس ئۆتۈپ، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىشنى
كۆپ تەكىتلىگەنىدى.



ئەنۋەر بايتۇر: 1938 - يىل كۈزدە بوزدۆڭ قارا-
قىردا چارۋىچى ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1949 - يىلى
بوزدۆڭ باشلانغۇچ مەكتەپنى، 1953 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەت-
لىك دارىلمۇئەللىمىننى، 1956 - يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى-
نىڭ تارىخ، جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ ئاپتو-
نوم رايون ۋە مەركەزدىكى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
مىللەتلەر تارىخي تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ئىشلەش جەريا-
نىدا «شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ تارىخي باغلى-
نىشى»، «قىرغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسي ئەھۋالى»،
«قىرغىزلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» قاتارلىق 40 پارچىدىن
ئارتۇق ئىلمىي ماقالە يازدى ۋە «تۋۋارىخى مۇسىقىيۇن»،
«تارىخىي ھەمىدى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييار-
لاپ، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. كۆپ يىللىق
جاپالىق ئىزدىنىشلىرى ئارقىلىق قازانغان ئىلمىي ئەمگەك-
لىرى نەتىجىسىدە كاندىدات باش تەتقىقاتچى ئۇنۋانىغا
ئېرىشتى. ئۆتكەن يىل 8 - ئايدا تۈركىيە دۆلەتلىك ئالىي
بىلىم يۇرتلىرىدا ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر بولغان ئىلمىي
لېكسىيەلەرنى سۆزلىدى.

ئەنۋەر بايتۇر جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
مىللەتلەر تارىخي تەتقىقات ئورنىدىكى ۋەزىپىلەردىن باشقا،
جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش
جەمئىيىتى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت تەتقىقات جەمئى-
يىتى، جۇڭگو قەدىمكى تىل - يېزىقنى تەتقىق قىلىش
جەمئىيىتى، جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتى،
جۇڭگو ئىپتىدائىي ئادەملەرنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتىنىڭ

ئەزاسى ۋە شىنجاڭ قىرغىز تىل - ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق بىرقانچە ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى بولۇپ ئىشلىگەنىدى.

بوزدۆك قىرغىزلىرى ئىچىدە يۇسۇپ، قاراسىدىق دېگەن كىشىلەر تومۇر تۇتۇپ، كېسەللەرگە دىئاگنوز قويۇشتا خېلى يۇقىرى ئابروي قازانغان. ئۇلارنىڭ رېتسېپلىرى ئاددىي بولۇپ، تاغ رايونلىرىدىكى ئوت - چۆپلەرنى ئاساسىي دورا ماتېرىياللىرى قىلىپ ئۈنۈمگە ئېرىشكەن.

ئازادلىقتىن كېيىن بوزدۆك قىرغىزلىرى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسەت ۋە قانۇنلىرىنى ھىمايە قىلىپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە، مائارىپ، سەھىيە، تېببىي... ساھەلەردە خېلى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئۇلار ئاددىي گەمە، چېدىر، سايما (ئاددىي كىگىز ئۆي) لەردىن چىقىپ، ياخشى ئۆيلەرنى سېلىپ ئولتۇردى. ئات - ئېشەكلەر ئاران ماڭىدىغان چىغىر يوللارنى كېڭەيتىپ، ماشىنا، تراكتورلار بىمالال قاتنايدىغان تاشيوللارغا ئۆزگەرتتى. سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇپ، ئۆيلەرنى ئېلېكترلەشتۈردى. ئىككى خىل مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ناھىيە بويىچە ئۈلگە ياراتتى.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى)



# شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى

(1949 - يىلى 9 - ئايدىن 12 - ئايغىچە)

## 9 - ئاي

25 - كۈنى، گومىنداڭ شىنجاڭ گارنىزون قىسىم قوماندانى تاۋ سيۈ قاتارلىقلار ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسى ئېلان قىلىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلىكىنى، پۈتۈن قوشۇن ئەسلىدىكى ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ جايلارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشنى ھەم خەلق ئىنقىلابى ھەربىي كومىتېتىنىڭ ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيە رەھبەرلىكىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈشنى تەلەپ قىلدى.

26 - كۈنى، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان قاتارلىقلار، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەكالىتەن ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسىنى ئېلان قىلىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلىكىنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى شىنجاڭ ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە

ئۆزگەرتىپ، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ مەمۇرىي خىزمىتىنى ۋاقىتلىق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى ھەم مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

27 - كۈنى، تاۋ سىيۆ، بۇرھانلار بىرلەشمە ئىمزا قويۇپ «ئۆلكىلىك گارنىزون قوماندانلىق شتابى ۋە شىنجاڭ ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئېلانى»نى چىقىرىپ، پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەربىي ۋە خەلقلەرنى بۇ ئۇلۇغ بۇرۇلۇش ھارپىسىدا بىر نىيەت، بىر مەقسەت بىلەن تۆۋەندىكىلەرنى ئورۇنداشنى تەلەپ قىلدى: ① باشقىلارنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك؛ ② جايلارنىڭ تەرتىپىنى قالايمىقان قىلماسلىق؛ ③ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزماسلىق؛ ④ بۇرۇنقى ئاداۋىتىنى دەپ باشقىلاردىن ئۆچ ئالماسلىق؛ ⑤ مال باھاسىنى ئۆستۈرمەسلىك؛ ⑥ ھەربىي ۋە خەلق ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بۇلغۇنچىلىك قىلماسلىق؛ ⑦ چەت ئەل مۇھاجىرلىرىغا زىيانكەشلىك قىلماسلىق؛ ⑧ ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك.

يەنە شۇ كۈنى، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» مەركىزىي تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ ۋاقىتلىق مۇۋەققەت رەئىسى ئەسەت ئىسھاقوۋ، غۇلجىدىن ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بۇرھانغا تېلېگرامما يوللاپ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە ۋەكالىتەن شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

28 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى



مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى جۇ دې قاتارلىقلار جاۋاب تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، شىنجاڭدىكى ھەربىي ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى تاۋ سىيۆ، بۇرھانلارنىڭ بۇ خىل ھەقىقەتكە قايتىشتەك تىنچلىق ھەرىكىتىنى قۇتلۇقلىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىي مەمۇرىي خادىملارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە جايلارنىڭ تەرتىپىنى ساقلاشنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھازىر شىنجاڭغا كىرىشكە تەييارلىنىۋاتقان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، كونا تۈزۈمنى بىكار قىلىپ، يېڭى تۈزۈمنى يولغا قويۇش ۋە يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى ئۈمىد قىلدى.

يەنە شۇ كۈنى، ئەسەت ئىسھاقوۋ ماۋ زېدۇڭغا تېلېگرامما يوللاپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە ۋەكالىتەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدىكى، بولۇپمۇ غەربىي شىمالدىكى غەلىبىسىنى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى ھەمدە رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەممە مىللەت بىردەك باراۋەرلىك ئاساسىدا يېڭى تۇرمۇش يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

يەنە شۇ كۈنى، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئەسلىدىكى گومىنداڭ 178 - بىرگادىسىنىڭ 533 - پولكىدىكى بىر قىسىم ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەر گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ھەم ئەكسىيەتچىل ئوفىتسېرلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن توپىلاڭ

كۆتۈرۈپ، قورچاق مەركىزىي بانكىنىڭ قۇمۇلدىكى شۆبە بانكىسىدىكى ئالتۇن ئامبىرى ۋە خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلىدى، ئامباردا ساقلىنىۋاتقان 12 ساندۇق ئالتۇن - كۈمۈشنى ۋە لەنجۇدىن يۆتكەپ كېلىنگەن 16 مىڭ سەر ئالتۇننى بۇلاپ كەتتى.

29 - كۈنى، 1 - دالا ئارمىيىسى ئالدىنقى سەپ كومىتېتى 1 - بىڭتۇەن قىسمىغا شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش كۆرسەتمىسىنى بەردى.

يەنە شۇ كۈنى، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى شىنجاڭ ۋەكىللىرىدىن سەيپىدىن، ئالىمجان ۋە تۇجۇڭلار بېيجىڭدا بايانات ئېلان قىلىپ: شىنجاڭ خەلقى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە پات ئارىدا ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىدىغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يېڭى دېموكراتىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىدىغانلىقىغا قەتئىي كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

يەنە شۇ كۈنى، بوگۇر ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا 5 بال يەر تەۋرىدى.

## 10 - ئاي

2 - كۈنى، ئۈرۈمچىدە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاممىۋى يىغىلىش ۋە نامايىش ئۆتكۈزۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ھەم ئۆلكىنىڭ تىنچ ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى.



5 - كۈنى، تاۋ سيۇ، بۇرھان، چۇۋۇ قاتارلىقلار جيۇچۇەنگە بېرىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - دالا ئارمىيە قوماندانى پېڭ دېخۇەي، 1 - بىڭتۇەن قوماندانى ۋاڭ جېنغا شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى ھەمدە ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا تېزلىك بىلەن يۈرۈش قىلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

يەنە شۇ كۈنى، 1 - بىڭتۇەن جيۇچۇەندە شىنجاڭغا كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

5 - كۈندىن 28 - كۈنگىچە، ئەسلىدىكى گومىنداڭنىڭ بوگۇردە تۇرۇشلۇق 128 - بىرىگادىسىنىڭ 382 - پولك 1 - باتالىيونىدىكى 3 روتا ۋە پولكقا بىۋاسىتە قاراشلىق 3 روتا ئەسكەرلىرى ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ پىلانلىشى بىلەن توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئارقا - ئارقىدىن ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆلتۈردى، كۆيدۈردى، بۇلىدى ۋە ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلدى. 23 كۈن ئىچىدە 23 ئادەمنى كۆيدۈردى، تىرىك كۆمدى، 150 تىن ئارتۇق ئادەمنى يارىدار قىلدى. خەلقنىڭ 200 نەچچە يامبۇ، 5000 دىن ئارتۇق قوي، 500 دىن ئارتۇق كالا ۋە 580 نەچچە ئېتىنى بۇلاپ كەتتى.

9 - كۈنى، ۋاڭ جېن 1 - بىڭتۇەن 2 - كورپۇس پارتكومىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا «غەربىي شىمالنىڭ ۋەزىيىتى، شىنجاڭنى ئازاد قىلىش كۈرىشىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى» نى بەردى.

12 - كۈنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يۈمېندىن شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشقا باشلىدى.

يەنە شۇ كۈنى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئارمى-
يىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئېلىش تەييارلىق
ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. بۇرھان ئۇيۇشما باشلىقى بولدى.

13 - كۈنى، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئالدىن يۈرۈش
قىسمى قۇمۇلغا يېتىپ كەلدى.

16 - كۈنى، دىخۇا گارنىزون قوماندانلىق شتاب
ھەربىي سوتى يېقىندىن بۇيان شەھەر رايونىدا ئارقا -
ئارقىدىن 8 قېتىم قوراللىق بۇلاڭچىلىق قىلغان ۋە جەم-
ئىيەت ئامانلىقىنى بۇزغان ماشكىيى قاتارلىق 7 نەپەر
باندىتقا ئۆلۈم جازاسى بەردى.

يەنە شۇ كۈنى، ئەسلىدىكى گومىنداڭنىڭ پىچاندا
تۇرۇشلۇق 65 بىرىگادىسىنىڭ 194 - پولكىدىكى ئەكسى-
يەتچى ئۇنسۇر، مۇئاۋىن باتالىيون كوماندىرى چېن خۇا
قاتارلىقلار بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى باشلاپ توپىلاڭ
كۆتۈرۈپ، ئازادلىق ئارمىيىنى قارشى ئالماقچى بولغان
ھاكىمنى ئېتىپ ئۆلتۈردى ھەمدە شەھەردە كەڭ - كۆلەمدە
قىرغىنچىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلدى. ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ
ئالدىن يۈرۈش قىسمى توپىلاڭچى ئۇنسۇرلارنى قورالسىز-
لاندۇرۇپ، ماۋ مىڭشىن، چېن خۇا ۋە لەي جيكو قاتارلىق
10 نەپەر باشلامچى ئۇنسۇرنى قولغا ئالدى.

19 - كۈنى، شىنجاڭ كېزىتى تاۋ سىيۆنىڭ «پۈتۈن
ئۆلكىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرگە مۇراجىئەتنامە» سىنى
ئېلان قىلدى. مۇراجىئەتنامىدە پۈتۈن ئارمىيىنىڭ ئۆز ئور-
نىنى قاتتىق ساقلاپ، ھەربىي ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە
قىلىپ، ئازادلىق ئارمىيىگە يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، ئازاد-



لىق ئارمىيىدىن ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلدى.

يەنە شۇ كۈنى، قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقى،
ھەقىقەتكە قايتقان گومىنداڭ قىسىملىرى، ئازادلىق ئارمىيە
كوماندىر - جەڭچىلىرىدىن بولۇپ 20 مىڭدىن ئارتۇق
كىشى قۇمۇلنىڭ ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلەپ ئارمىيە -
خەلق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش چوڭ يىغىنى ئۆتكۈزدى.

20 - كۈنى، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئالدىن ئەۋەتىل-
گەن قىسمى ئۇرۇش ماشىنىلىرى 5 - پولكى، پولك
باشلىقى جاڭ خۇجيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە دىخۇاغا كېلىپ
ئورۇنلاشتى.

21 - كۈنى، ماۋ زېدۇڭ ئەسئەت ئىسھاقوۋغا
جاۋاب تېلېگرامما ئەۋەتىپ: ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن
ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ كۈرىشى، پۈتۈن شىنجاڭ
ۋە پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قوشقان مۇھىم
تۆھپە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت خەلقى
ۋە پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ،
ئازادلىق ئارمىيىگە ھەمكارلىشىپ، ئورتاق ھالدا خەلق
دېموكراتىيىسىدىكى يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش
قىلىشىغا تىلەكداش ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

22 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەر-
كىزىي كومىتېتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەر-
كىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ بيۇروسىنى قۇرۇشنى تەس-
تىقلىدى. ۋاڭ جېن بيۇرو شۇجىسى، شۇ لىچىڭ مۇئاۋىن
شۇجى، دېڭ لىچۈن، لو يۈەنفا، جاڭ شيەنيۈ، راۋ جېڭشى،
ۋاڭ ئېنماۋ، گوپېڭ ئەزا بولدى.

يەنە شۇ كۈنى، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمى قارا شەھەرگە يېتىپ كەلدى.

25 – كۈنى، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئارمىيىدىن ھال سوراش ئۆمىكى، ئەسئەت ئىسھاقوۋنىڭ يېتەكچىلىكىدە دىخۇاغا يېتىپ كەلدى.

28 – كۈنى، سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتناشقان شىنجاڭ ۋەكىللىرى سەيپىدىن، ئالىمجان، تۇجۇ قاتارلىقلار ئايروپىلان بىلەن دىخۇاغا قايتىپ كەلدى.

31 – كۈنى، سەيپىدىن، ئالىمجان، ئەسئەت ئىسھاقوۋ قاتارلىق 16 كىشى ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا قايتىپ كەلدى.

## 11 – ئاي

1 – كۈنى، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» مەركىزىي تەشكىلىي ھەيئەت مۇسىبەتنامە چىقىرىپ، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» مەركىزىي ھەيئىتىنىڭ رەئىسى ئەخمەتجان، مەركىزىي تەشكىلىي ھەيئەت ئەزاسى ئىسھاقبېك، مەركىزىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، مەركىزىي ھەيئەت ئەزاسى دەلىلقان سۇگۇرباييوۋ، جۇڭگو – سوۋېت مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى تۇجۇ قاتارلىقلارنىڭ 9 – ئايدا مەملىكەتلىك



سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن غۇلجىدىن بېيجىڭغا بېرىش يولىدا ھاۋا كىلىماتىنىڭ ناچار بولۇشى سەۋەبىدىن ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قۇربان بولغانلىقىنى؛ 10 – ئاينىڭ 22 – كۈنى ماۋ زېدۇڭ «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» مەركىزىي ھەيئىتىگە ئەۋەتكەن تەزىيە تېلېگراممىسىدا: ئەخمەتجان قاتارلىق بەش يولداش ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن قەھرىمانلىق بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئاخىرى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن قۇربان بولدى، ئۇلار پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ، دەپ كۆرسەتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

3 – كۈنى، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمى كۇچاغا يېتىپ كەلدى.

4 – كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: 1 – بىڭتۈەن سىياسىي بۆلۈمى «شىنجاڭدىكى قېرىنداشلار بىلەن كۆرۈشكەندىكى بىرنەچچە ئېغىز سۆز»، «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياخشى دوستى» ناملىق مۇراجىئەتنامىسىنى ئېلان قىلدى.

5 – كۈنى، شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابى ئوچۇق سوت ئېچىپ، پىچاندىكى ئەكسىيەتچى ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرنىڭ بۇلاڭ – تالاڭ ۋە قاتىللىق ئەنزىسىدىكى باش جىنايەتچى ماۋ مىڭشىن، چېن خۇا، لەي جېكولارغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

7 – كۈنى، ۋاڭ جېن قاتارلىقلار ئايروپىلان بىلەن

دىخۇاغا كەلدى.

10 - كۈنى، ۋاڭ جېن، بۇرھانلار سابىق گومىنداڭ مەركىزىي ئورگىنىنىڭ دىخۇادا تۇرۇشلۇق شۆبە ئورگىنىدىكى مەسئۇل كىشىلەرنى يىغىپ يىغىن ئاچتى. يىغىندا ۋاڭ جېن ئۆتكۈزۈۋېلىش پرىنسىپىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانلىقى ئۈچۈن دىخۇادا ھەربىي ئىدارە قىلىش ھاجىتى قالمايدۇ، ئەسلىدىكى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئورگانلىرىغا يەنىلا ئەسلىدىكى باشلىقلىرى مەسئۇل بولىدۇ، ئازادلىق ئارمىيە ھەرقايسى ئورگانلارغا ھەربىي ۋەكىللەرنى ئەۋەتىپ بىرلىكتە تەرتىپكە سېلىش ۋە ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشلىرىنى ئۆتەيدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن چىقىرىلىدىغان ۋە ئىجرا قىلىنىدىغان كەسپىي بۇيرۇقلار چوقۇم ھەربىي تەرەپ ۋەكىللىرى ئىمزا قويغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

12 - كۈندىن 15 - كۈنگىچە، ۋاڭ جېن غۇلجىدا ئازادلىق ئارمىيىگە ۋەكالىتەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىدىن ھال سورىدى ۋە غۇلجا شەھەر مۇداپىئە قىسىملىرىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئەخمەتجان قاتارلىق بەش نەپەر ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن ھال سورىدى، مىللىي ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ خىزمەت قىلىدىغان كادىرلار سۆھبەت يىغىنىدا ۋە «ئىتتىپاق»نىڭ ئىلغارلار يىغىنىدا سۆز قىلدى.

14 - كۈنى، ئەسلىدىكى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ دىخۇادا تۇرۇشلۇق ھەرقايسى ئورگانلىرىنى ئۆت-



كۈزۈۋالغان ھەربىي باش ۋەكىل راۋ جېڭشى ئىش بېجىرىشكە باشلىدى.

26 - كۈنى، سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك كومىتېتى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» مەركىزىي ھەيئىتىگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئەخمەتجان قاتارلىق يولداشلارنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىغا تەزىيە بىلدۈردى.

يەنە شۇ كۈنى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ 2 - كورپۇس 4 - دىۋىزىيىسى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

27 - كۈنى، پېڭ دېخۇەي، جاڭ جىجۇڭ قاتارلىقلار ئايروپىلان بىلەن دىخۇاغا كەلدى.

28 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە دۆلەت مەمۇرىي كېڭىشىنىڭ زۇڭلىسى جۇ ئېنلەي ئايرىم ھالدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» مەركىزىي ھەيئىتىگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئەخمەتجان قاتارلىق يولداشلارغا تەزىيە بىلدۈردى.

28 - كۈندىن 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە، پېڭ دېخۇەي، جاڭ جىجۇڭلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، ھەرقايسى دېموكراتىك قاتلام ۋە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەرقايسى قىسىم ۋەكىللىرىنى تەكلىپ قىلىپ ھەر ساھە مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى ئاچتى، يىغىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ

تەشكىللەش، قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش، مالىيە - ئىقتىسادنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ مەسىلىنىڭ كونكرېت لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى ھەمدە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قاراپ چىقىپ ماقۇللىشىغا تاپشۇردى.

29 - كۈنى، شىنجاڭ جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتىنىڭ تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى» گە ئۆزگەرتىلدى، بۇرھان ھەيئەت مۇدىرى بولدى.

## 12 - ئاي

5 - كۈندىن 22 - كۈنگىچە، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ 2 - كورپۇس 5 - دىۋىزىيە 15 - پولكى ئاقسۇدىن يولغا چىقىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ خوتەنگە كىرىپ ئورۇنلاشتى.

6 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» نەشىر قىلىنىشىنى ئۆزگەرتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىنخۇا ئاگېنتلىقى شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلدى.

7 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا شىئەن، لەنجۇ-لار بىلەن پۇل پېرېۋوت قىلىشنى باشلىدى، ئۆلكە كۈمۈش پۇلىنىڭ خەلق پۇلى بىلەن بولغان سېلىشتۇرما قىممىتى 500:1 بولدى.

8 - كۈنى، ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ: مۇشۇ ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن باش-



لاپ پۈتۈن ئۆلكىدىكى قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، بۇرۇنقى يەتتە ۋىلايەت بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە مۇناسىۋەتنى بىكار قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى.

يەنە شۇ كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر قىسمى دىخۇاغا كىرىپ ئورۇنلاشتى ھەم ئازادلىق ئارمىيە ۋە ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار بىلەن قوشۇلدى.

يەنە شۇ كۈنى، بۇرھان، ۋاڭ جېن قاتارلىقلار تەشكىللەشكە كىرىشكەن شىنجاڭ توقۇمىچىلىق قۇرۇلۇش چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتى تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

11 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دىخۇا شەھەرلىك كومىتېتى قۇرۇلدى، راۋ جېڭشى شۇجىلىققا تەيىنلەندى.

13 - كۈنى، پېڭ دېخۇەي دىخۇادا 1 - بىڭتۇەن، مىللىي ئارمىيىنىڭ دىۋىزىيىدىن يۇقىرى كادىرلىرى ۋە ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ داۋاملىق تۇرۇش ئەترىتى، خىزمەت ئەترىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاش، ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنى قۇرۇش ۋە ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنى تەكىتلىدى.

يەنە شۇ كۈنى، قەشقەردە 30 مىڭدىن ئارتۇق ئارمىيە - خەلق قەشقەرنىڭ تىنچ ئازاد بولغانلىقىنى تەب-

رىكلەش ۋە ئازادلىق ئارمىيە 2 - كورپۇسىنىڭ قەشقەرگە
كىرگەنلىكىنى كۈتۈۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئارمىيە -
خەلق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش چوڭ يىغىنى ئۆتكۈزدى.

16 - كۈنى، دۆلەتلىك مەمۇرىي كېڭەشنىڭ 11 -
قېتىملىق مەمۇرىي كېڭەش يىغىنى شىنجاڭ
ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىس،
مۇئاۋىن رەئىس، ھەيئەتلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ما-
قۇللىدى: بۇرھان شەھىدى رەئىس، گاۋ جىنچۈن، سەيپى-
دىن ئەزىزى مۇئاۋىن رەئىس؛ ۋاڭ ئىنماۋ، ۋاڭ جېن،
قەييۇم بەگ خوجا، لىسكىن، غەنى باتۇر، ئەنۋەر جاكۇلىن،
ئەنۋەر خان بابا، ئەسەت ئىسھاقوۋ، ئابدۇكېرىمخان مەخ-
سۇم، شىڭ لەنتىڭ، ئىبراھىم تۇردى، جۇۋۇ، پاتىخەن
سۇگۇر بايوۋ، ئابلىز مۇھەممەدى، ئابدۇراخمان مۇھىتى،
يۇجەنلىن، شۇلىچىڭ، تۇجى، تاۋ سىيۈ، شۇمۇتۇڭ، مەخ-
سۇت تىيىپوۋ، مەمەت ئەيسا، داشىشاپ، لىيۇ مىڭچۈن،
دىڭ لىچۈن، ئوبۇل خەيرى تۆرە، خەن يۈۋېن، راۋجېڭشى
قاتارلىقلار ھەيئەت ئەزا بولدى. يىغىن يەنە شىنجاڭ
ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق ھەرقايسى ئور-
گانلارنىڭ رەھبەرلىرىنىمۇ تەيىنلىدى: باش كاتىپلىققا
لىيۇ مىڭچۈننى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىققا ئابدۇللا زاكىر،
نىمەت مىڭجانىنى؛ خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىر-
لىقىغا ئابدۇراخمان مۇھىتىنى؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى
نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا ئابلىز مۇھەممەدىنى، مۇئاۋىن
نازىرلىقىغا لىيۇ خۇيىڭ، شۇمۇتۇڭلارنى؛ مىللىي ئىشلار
كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا سەيپىدىن ئەزىزىنى؛ مالىيە ئىق-



تىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا ۋاڭ جېننى، مۇئاۋىن مۇدىر-
لىقىغا شىڭ لەنتىڭنى، مالىيە ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ پىلان
ئىشخانا مۇدىرلىقىغا پولات ئالىمنى؛ مالىيە نازارىتىنىڭ
نازىرلىقىغا شىڭ لەنتىڭنى، مۇئاۋىن نازىرلىقىغا ھۆسەيىننى؛
سودا نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا لىيۇ زىمۇنى؛ قات-
ناش نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا مەخسۇت تىيىپوۋنى، 2 -
نازىرلىقىغا مەمەت ئەيسانى، مۇئاۋىن نازىرلىقىغا مىجىتنى؛
سانائەت - كان نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا قەييۇمبەگ
خوجىنى؛ دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىر-
لىقىغا تۇجىزنى، مۇئاۋىن نازىرلىقىغا ئىسمايىلنى؛ چار-
ۋىچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا داشىشاپنى، مۇئاۋىن
نازىرلىقىغا ئەنۋەر جاكۇلىننى؛ بانكا باشلىقلىقىغا جاڭ
دىڭفەننى؛ سودا شىركىتىنىڭ دىرېكتورلۇقىغا لىيۇ زىمۇنى،
مۇئاۋىن دىرېكتورلۇقىغا جەي كېيى، ۋاڭ بۇ، كامالىدىنلارنى؛
مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا دىڭ
لىچۈننى، مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا ئىبراھىم تۇردى، ئەنۋەر-
خان بابا، يۈۋېنلارنى؛ مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا
ئەنۋەرخان بابانى؛ سەھىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش-
قارما باشلىقلىقىغا يەن شىچىنى؛ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق
سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا بۇرھان شەھىدىنى،
مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئوخشى ئەلىموۋنى تەيىنلىدى.

17 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى
قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۇنجى قېتىملىق
ھەيئەتلەر يىغىنى ئۆتكۈزۈپ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنىڭ نۆۋەت-

تىكى سىياسىي پروگراممىسى» نى ماقۇللىدى.

يەنە شۇ كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قۇرۇلدى. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى پېڭ دېخۇەينى ھەربىي رايون قوماندانلىقىغا، قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارلىقىغا، ۋاڭ جېن، تاۋ سىيۆ، سەيپىدىن ئەزىزىنى مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا، جاڭ شىچىننى باش مەسلىھەتچىلىككە، زېڭ جېنۋۇ، ھەسەنوۋلارنى مەسلىھەتچىلىككە، شۇ لىچىڭنى سىياسىي بۆلۈم مۇدىرلىقىغا، زېڭ دى، نۇرسادىروۋلارنى سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

18 - كۈنى، دىخۇادا 50 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت، ھەر ساھە كىشىلىرى نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

19 - كۈنى، شىنجاڭدىكى ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار ئازادلىق ئارمىيىنىڭ بىر تۇتاش تۈزۈمى ۋە بىر تۇتاش شتاتى بويىچە 22 - بىڭتۇەنگە ئۆزگەرتىلدى.

20 - كۈنى، پېڭ دېخۇەي، جاڭ جىجۇڭ دىخۇادىن ئايروپىلان بىلەن لەنجۇغا قايتتى.

يەنە شۇ كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى: «دىخۇا شەھىرىدىكى گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ گۇناھىغا توۋا قىلغانلىرىنى تىزىملاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

يەنە شۇ كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئومۇمىي



بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، 22 - بىڭتۇەننىڭ پولكتىن يۇقىرى سىياسىي كادىرلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى.

21 - كۈنى، دىخۇا خەلق رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇلدى.

22 - كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنى ئازادلىق ئارمىيىنىڭ 5 - كورپۇسىغا ئۆزگەرتىش بۇيرۇقىنى چىقاردى.

23 - كۈنى، شىنجاڭ بيۇروسى سەيپىدىن ئەزىزى، بۇرھان شەھىدى قاتارلىق مىللىي كادىرلارنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەسمىي ئەزالىقىغا قوبۇل قىلدى.

24 - كۈنى، دىخۇا ئاۋىئاتسىيە ئىش باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلدى.

26 - كۈنى، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 6 - كورپۇس 17 - دىۋىزىيە 50 - پولكى دىخۇادىن ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا يېتىپ باردى.

28 - كۈنى، «كۈرەش جەمئىيىتى» — شىنجاڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي پارتىيىسى تۇنجى قېتىملىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنىنى ئۆتكۈزدى.

29 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭ ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمى «22 - بىڭتۇەننى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى سىياسىي خىزمەت كۆرسەتمىسى» نى چىقاردى.

يەنە شۇ كۈنى: جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى

22 - بىڭتۈەنى دىڭخۇادا قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. تاۋ سىيۆ قوشۇمچە بىڭتۈەن قوماندانلىقىنى، ۋاڭ جېن قوشۇمچە كومىسسارلىقنى ئۈستىگە ئالدى.

يەنە شۇ كۈنى، شىنجاڭ بىيۇروسى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىرلىكتە كورپۇس باشلىقى لىسكىن، مۇئاۋىن كورپۇس باشلىقى ماغوروف، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار ساۋدانوۋ، زاھىر ھەم بارلىق ئوفىتسېر - جەڭچىلەرگە تېلېگىرامما ئەۋەتىپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ مەركىزىي خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسىغا ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى تەبرىكلىدى.

31 - كۈنى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى بېيجىڭ تېلېگىراممىسى: مەمۇرىي كېڭەش 13 - قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنى تەيىنلىدى: خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا گاۋ ۋېنتيەنىنى، سانائەت - كان نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا كامالىددىننى، سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا ئالىمجاننى، مۇئاۋىن نازىرلىقىغا ۋاڭ خېڭشىنى، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا ماۋىننى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ياقۇپبەگنى، سودا شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورلۇقىغا ئابلىزنى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقلىقىغا چۈۋۈنى، مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا خۇسىگوڭنى تەيىنلىدى.

يەنە شۇ ئايدا، ماۋ زېدۇڭ ۋاڭ جېنغا «سىلەرنىڭ



شىنجاڭغا بېرىشتىكى مۇھىم ۋەزىپەڭلار ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىگە كۆيۈنۈپ ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش، سىلەر ئۇ يەرگە، تارىختا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئېزىپ كەلگەن ئەكسىلئىنقىلابىي ھۆكۈمرانلاردىن ھېساب ئالغۇچى بولۇش روھى بىلەن بېرىپ خىزمەت قىلىشىڭلار كېرەك»، دەپ يوليورۇق بەردى.

(شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتى يېقىنقى، ھازىرقى زامان تارىخ تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى» دىن ئېلىندى)

تۇرغۇن ئۆمەر تەرجىمىسى

شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (31)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 850×1168 مىللىمېتر 1/32

باسما تاۋىقى: 13.125 قىستۇرما ۋارىقى: 2

1992 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى

1992 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىراژى: 1 — 3,170

ISBN 7—228—02167—3/K·205

باھاسى: 3.10 يۈەن

(ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ)

新疆文史资料选辑（31）（维吾尔文）
中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区
委员会文史资料委员会 编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号 邮政编码830001）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米 32开本 13.125印张 2插页
1992年2月第1版 1992年2月第1次印刷
印数：1——3,170

ISBN 7—228—02167—3/K·205 定价：3.10元
（内部发行）